تۆمۈر

# سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

5-3

تۆمۈر

# سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇراخمان مۇتىللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(C I P数据

裕固民族尧熬尔千年史：维吾尔文 / 铁穆尔著；阿不都热合曼·木提拉译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.8
（2015.5 重印）
ISBN 978 - 7 - 228 -15759 - 4

Ⅰ.①裕... Ⅱ.①铁... ②阿... Ⅲ.①裕固族 — 民族历史 — 中国 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K283.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第178155号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 热依汗古丽·库尔班 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐大路印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 9.25 |
| 版　　次 | 2012年10月第1版 |
| 印　　次 | 2015年5月第2次印刷 |
| 印　　数 | 3001—6000 |
| 定　　价 | 23.00 元 |

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
ئۇيغۇرلار دۇنياغا كەلگەن سەھنە .................... 1
دەسلەپكى ئۇيغۇرلار ................................ 6
ئۇيغۇر ئۇلۇسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن .............. 23
دەسلەپكى سېرىق ئۇيغۇرلار ........................... 32
چىڭگىزخان دەۋرى .................................... 42
كۇچلۇك دۆلەتلەر ئارىسىدا (1) ....................... 50
كۇچلۇك دۆلەتلەر ئارىسىدا (2) ....................... 62
سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ........................ 82
سەرسانلىق سەپىرى .................................... 92
چىلانتاغدىكى قىزىل بۆكلۇكلەر ........................ 106
موڭغۇل خانلىرى دەۋرىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ـ
تاشقى ۋەزىيىتى ...................................... 111
چىڭ سۇلالىسى دەۋرى .................................. 125
دورجى خان ۋە ئېردەنى نويان .......................... 145
ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى .................................. 152
كاڭلۇڭسى ساڭرامى ۋە شىلەيسى ساڭرامى ................. 161
سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھلىرى ......................... 169
شاراگائول رايونىدىكى تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان
ۋەقەلەر .............................................. 181
چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدىكى سېرىق ئۇيغۇر
جەمەتلىرى ۋە قەبىلىلىرى ............................. 185
سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرى .......... 207

لوساڭ يابەي ۋە جېخۋا جامۇسىڭدىن ئىبارەت ئىككى
گېگەن ........................................ 228
يېڭى كەلگەن سەرگەردانلار ........................ 231
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ما بۇفاڭ گۇرۇھىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ........................................ 243
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سېرىق
ئۇيغۇرلار رايونى ........................................ 252
50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ........................ 259
ئانا يۇرت ........................................ 267
ئاخىرقى سۆز ........................................ 283

# كىرىش سۆز

چەكسىز ئالەمدە بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ــــ سامانيولى سىستېمىسىدىكى توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغان بىر كىچىك سەييارىدىنلا ئىبارەت. يەر شارىدىكى 5 مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالە، 5000 دىن ئارتۇق مىللەت، 5651 خىل تىل (فىرانسىيە ئالىملىرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىدىن ئېلىندى) بار، دۇنيادا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەنتايىن ئاز، خۇددى بىپايان ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كىچىككىنە بىر پارچە قېيىنزارلىقتا، پايانسىز تىنچ ئوكيانىنىڭ بىر كىچىك ئېقىنىغىلا ئوخشايمىز. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار كىم؟ قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇنتۇلغان تارىخىمىزنى بىزگە كىم ئېيتىپ بېرىدۇ؟

مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدە مىللىتىمىزنىڭ ئەزاسى بولغان ھەربىر كىشىنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار، شۇڭا ھەربىر كىشى بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىشى لازىم. بۇ تېما ھەربىر كىشىگە، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ. ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ھامان ئۆز مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، دۇنيادىكى ئورنى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىنى بىلگۈسى كېلىدۇ.

مىللىتىمىز ھەققىدە ھەرقايسىمىزنىڭ بىلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز. لېكىن، بىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردىن يەنىلا خېلى توغرا خەۋىرىمىز بار.

مەن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى چۈشىنىۋېلىشىنى، شۇنداقلا

بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنى ئاۋۇالقىلارنىڭ كۆزقارىشىدىن خالىي پوزىتسىيە بىلەن تونۇشى، ئۇنى «تەتقىق قىلىنىۋاتقان»، ھېچقانداق ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ئىستىكى يوق بىر قوۋم ئىكەن دەپ قارىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

گەرچە، يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا بىرنەچچە تۈرلۈك يېزىقنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخى ھەققىدە باشتىن ـ ئاخىر ھېچقانداق مۇكەممەل يازما خاتىرە يوق. پەقەت خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە ۋە غەربنىڭ يازما تارىخي ماتېرىياللىرىدا بەزى خىرە يىپ ئۇچلىرىنى ۋە ياكى پارچە ـ پۇرات قىسقا خاتىرىلەرنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بەزىلىرى ھەتتا خاتا. شۇڭا، يۇغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەل ئاغزىدىكى رىۋايەتلەر ئاق قالغان تارىخنىڭ بىردىنبىر تولۇقلىمىسى بولۇپ قالغان. بەزى تەپسىلاتلاردا ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدىغان پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخي رىۋايەتلەر ۋە ئۆتمۈش ھەققىدىكى ھېكايىلەر يەنىلا كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارىخي ۋەقەلىكلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئادەتتە تارىختا يېزىقى بولمىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى تازا ئېنىق بىلمەيدۇ، كۆپ ھاللاردا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق خاتىرىسىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، ئۆز تارىخىنى رومانتىكلاشتۇرىدۇ. ئەمما، يۇغۇرلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار مىللىتىنىڭ بىرقانچە 100 يىللىق تارىخىنى خېلى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. گەرچە، يۇغۇر ئانىلىرى ئەسىرلەر بويى تالاي جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىگە يەنىلا بۇرۇنقى ئانا يۇرتى سەجى خاجى (西至哈志 sedʒiχadʒi بەزىدە دېمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ) ئىكەنلىكىنى، چاغاتاي (tsaχate) ۋە بۈيۈك مىڭ خانى (مىڭ سۇلالىسى)نىڭ قانداق قىرغىنچىلىقىغا، تالان ـ تاراج قىلىنىشىغا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن خان، باتۇرلارنىڭ ئىسىملىرى،

ئىش ئىزلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. بۇلار يەنە «بوغداخان» ( bokd χ:an ) ۋە چىڭگىزخان ( tʃinŋgəs χ:an ) ھەققىدىكى قەسىدىلەرنى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

مەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چېدىرلاردا، قوي - كالا پادىلىرىنىڭ كەينىدە يۈرگەن ياشانغان پادىچىلاردىن يىغقان ئەل ئارىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە قولۇمدا بار مىللىتىمىزگە ئائىت بىرنەچچە پارچە يازما تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقتىم. ئاندىن ئۇنى ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن بىر پارچە ئاممىباب تارىخىي كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتىم. مەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى كۆزقارىشى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە مەيدانىنى ئۆلچەم قىلىپ، يۇغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئىمكانقەدەر ئەدەبىي تىل بىلەن توغرا، قىسقا، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلدىم. مەقسىتىم، بىر قانچە ئەۋلاد، بىرقانچە مىللەت ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى، بىرقانچە دەۋردىكى پارچىلىنىپ كەتكەن تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تېررىتورىيە مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە ئۇلاشتۇر. مەن كىشىلەرنىڭ يۇغۇرلارنىڭ تارىخىدىن خەۋەر تېپىپ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتىشىنى، ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ھەققىدە بىرقەدەر توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتابتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتا بار:

1. تارىخنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن يۇغۇرلارنىڭ مىللەت نامى بۇ كىتابتا باشتا ئۇيغۇر دەپ 1950 - يىلىدىن كېيىن ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بويىچە «يۇغۇر» (尧熬尔) دەپ ئېلىندى ھەم مەزكۇر مىللەت ۋە شىمالدا ياشىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ نامى تارىختىكى توغرا ئاتىلىشى، يەنى ئۇيغۇر ( 回纥 )، ئۇيغۇر ( 回鹘 )، سېرىق ئۇيغۇر

(撒里畏兀尔)، يۇغۇر (裕固) قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ياۋئاۋئىر ( 尧熬尔 ) دەپ ئاتالدى.

كىتابتىكى «西拉尧熬尔» بىلەن «撒拉尧熬尔» مەنە جەھەتتىن ئوخشاش. 西拉 ( ʃara ) بىلەن 撒里 ( sara ) ئوخشاشلا سېرىق ( 黄 ) دېگەنلىكتۇر. «سېرىق ئۇيغۇر» «西拉尧熬尔 » ياكى سېرىق ئۇيغۇر ( 撒拉尧熬尔 ) دېگەن ئاتالغۇ كەڭ مەنە جەھەتتە ( 裕固 ) دەپ ئاتىلىۋاتقان يۇغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇ ھەم موڭغۇل تىلىنى قوللىنىۋاتقان، ھەم تۈركىي تىلىنى قوللىنىۋاتقان ئىككى خىل تۇرلۇك يۇغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنە جەھەتتە سېرىق ئۇيغۇرلار (西拉尧熬尔) مەخسۇس موڭغۇل تىلىنى قوللىنىۋاتقان يۇغۇرلارنى، سېرىق ئۇيغۇرلار ( 撒里尧熬尔 ) مەخسۇس تۈركىي تىلىنى قوللىنىۋاتقان يۇغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ كىتابتا كەڭ مەنەدىكى سېرىق ئۇيغۇر ( 西拉尧熬尔 ) دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلدى، يەنى سېرىق ئۇيغۇر ( 西拉尧熬尔 ) دېگەن ئاتالغۇ بارلىق يۇغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. يۇغۇر ( 尧熬尔 ) نىڭ ئالدىغا سېرىق ( 西拉 ) دېگەن ئىككى خەتنى قوشۇپ يېزىشتىكى مەقسەت، يۇغۇرلارنى دەسلەپكى يۇغۇرلار (ئۇيغۇرلار ـ 回鹘) ۋە كېيىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان تەرەققىيات يولىغا ماڭغان ئۇيغۇر (يۇغۇر ـ 尧熬尔) لاردىن پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈندۇر. سېرىق ئۇيغۇر ( 西拉尧熬尔 ) = (撒里尧熬尔) = يۇغۇر (裕固) مىللىتى، (جۇملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان غەربىي يۇغۇرلار بىلەن موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي يۇغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). (ئاپتورنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن، بۇ كىتابتا (西拉尧熬尔)لار باشتىن ـ ئاخىر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئېلىنىدى، (撒里尧熬尔) تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئېلىندى).

2. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زاماندىن مىلادىيە 18 ـ

ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار، بولۇپمۇ مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە پۈتۈن كۈچلۈك باقمىغان پائالىيىتى ئارقىلىق ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ تارىخىنى ئۇزۇن ـ كېسەل ئۆزگەرتىۋەتتى (ئەلۋەتتە يۇغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخ ئۇلار بىلەن يۇغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىدى. ئۇلار بىلەن يۇغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بايان — تارىخىي پاكىتتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە بىر خىل سالماقلىق بىلەن چىقىرىلغان توغرا ھۆكۈمدۇر.

مىلادىيە 16 ـ ئەسىردىن بۇيان، چىڭخەي ـ شىنجاڭ ئېگىزلىكىدىكى تاڭغۇتلار (زاڭزۇلار)، بولۇپمۇ زاڭزۇلاردىن تارقالغان بۇددا دىنىمۇ يۇغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۇزۇن ـ كېسەل ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ كىتابتا يۇغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى زاڭزۇلار تاڭغۇت (tanŋGut ) دەپ ئاتالدى.

3. بەزىلەر يۇغۇرلارنى ئالەمدە بىرلا مىللەت ھەم ئۆزگىچە تېررىتورىيەلىك مەدەنىيىتى بار، دەپ قارايدۇ. لېكىن، تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، يۇغۇرلارنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، يۇغۇرلارنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئۇلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ ياشىغان». تاكى ھازىرغا قەدەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىرقانچە مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى يۇغۇر دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. يۇغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىياغا مەنسۇپ مىللەت. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى دېگىنىمىز — بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر (مەسىلەن، ئۇيغۇر، تۈرك، قازاق، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، تاتار، قىرغىز، ياقۇت ۋە قەدىمكى ھۇنلار قاتارلىقلار)نى، ئىنچىكىلىگەندە، موڭغۇللار ۋە دەسلەپكى

موڭغۇللار، (مەسلەن، قەدىمكى ھۇن، ئاۋار، سىيانپى، ئوغان، قىتان قاتارلىقلار)نى، تاڭغۇتلار (زاڭزۇ، قەدىمكى تۇبۇت، داڭشياڭ، چاڭ قاتارلىقلار)نى، تۇنگۇس تىللىق مىللەتلەرنى ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادا ماكانلاشقان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. يۇغۇرلارمۇ بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە ئوخشاش ئەسىرلەر مابەينىدە سان ـ ساناقسىز ئۆزگىرىش، قوشۇلۇش جەريانلىرىنى، ئىرقىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلار ھامان يات مىللەتلەرنىڭ تەركىبلىرىنى ئۇزۇكسىز قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزلىرىمۇ يات مىللەتلەرگە ئۇزۇكسىز قوشۇلۇپ ئۇلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن. دېمەك، ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق مىللەتلەر بىسىپ ئۆتكەن جەرياندىن مۇستەسنا بولمىغان.

1993 ـ يىلى ئەتىيازدا، چىلىيەنشەن تېغى (چىلانتاغ)نىڭ كىندىك رايونىغا جايلاشقان سۇنەن ياڭگى يايلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، بىر بوۋاي قەدىمكى تولۇق بولمىغان بىر ئابزاس مەدھىيە سۆزىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. ئۇ تولىمۇ ئورۇق بىر بوۋاي ئىدى، لېكىن چىرايىدىن شاد ـ خۇراملىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شەرقىي يۇغۇرلارنىڭ تىلى (موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە تەۋە تىل)دا مۇنداق دېدى: «بىز يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى خورمۇس تېنكىرىن كيكىن (χormus tenkeriln kyken) (تەڭرىنىڭ ئوغلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، بىز يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى بوغدا نويان جاڭغىر ( bokd nojon dʒinŋkar )، بىز يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى چىنگىس خان (چىڭگىزخان) (tʃingas χ:an)، تېنكىرىن نەخەي (tenkrin nɔhɔl ) (مەنىسى: ئىلاھىي ئىت، كۆك بۆرىنى كۆرسىتىدۇ). يۇغۇرلارغا يول باشلىغان چاغانسو (so tʃakan ) (ئاق قۇش، ئاق قۇ)، يۇغۇرلارغا بەخت ئاتا قىلغان...» نەچچە ئەۋلادلاردىن بۇيان ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ساپ مەدھىيەلەر كۆچمەن چارۋىچىلار تارىخىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. شۇڭا، سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچى ئاممىسىنىڭ كۆز

قارىشىغا ئاساسەن بىز مۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىز: مەيلى هۇنلار ( χun )، ئاۋارلار ( aβar )، تۈركلەر (turk)، ئۇيغۇرلار ( 回鹘 ) ياكى (يۇغۇر) بولسۇن، ياكى قەدىمكى موڭغۇل (monŋ Gaol ) بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچىلاردۇر. ئۇلار تۇمەن تەڭرىقۇت، ئاتىللا، چىڭگىزخان، تۆمۈرخان، بوغداخان... ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان ئۇلۇسلارغا تەۋە بولغان چارۋىچىلار، چەۋەندازلار، ئوۋچىلار... دىن ئىبارەتتۇر.

يۇغۇرلارنىڭ تارىخى — ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى نىشاندىن ئادىشىپ قالغان سەرگەردانلارنىڭ تارىخىدۇر، شۇنداقلا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر خىل يايلاق تارىخىدۇر.

# ئۇيغۇرلار دۇنياغا كەلگەن سەھنە

200 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا يەر شارىدىكى بەش چوڭ قىتئەنىڭ ھەممىسىدە بىپايان يايلاقلار بار ئىدى. سەددىچىن سېپىلى ۋە ھىنگان تاغلىرىدىن قارا دېڭىز ۋە دوناي دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلار ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ يايلىقى ئىدى. بۇ بىپايان يايلاقلار نەچچە يۈز مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جايلارغىچە سوزۇلغان بولۇپ، تولىمۇ كۆركەم، گۈزەل ئىدى. نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخ داۋامىدا، كۆچمەن چارۋىچىلار خۇددى پەسىل قۇشلىرىغا ئوخشاش بۇ كەڭ يايلاقلاردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىپ، كۆچۈپ، ماكان تۇتۇپ، قاينام ـ تاشقىنلىق يايلاق تارىخىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلىقىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئاساسلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ سىكىفلار (ئېفتالىتلار) ۋە گوتلار ئىدى. ھالبۇكى، ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە ئاساسلىقى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ھۇنلار، قەدىمكى تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشىغان. بۇ كىتابتا بايان قىلىنىغان يۇغۇرلار مۇشۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر مىللەتتۇر. ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ياشىغان چوڭ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن كىچىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار.

بۇ بىپايان يايلاقلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىزلىكلەر،

ئەجدىھادەك ئېگىز ـ تىك چوققىلار، بىپايان چۆل ـ جەزىرىلەر، يۇلتۇزدەك تارقالغان كۆللەر بولۇپ، يايلاق مەنزىرىسى تولىمۇ رەڭدار ھەم جەلپكار ئىدى. كۈندۈزى ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچكەن چارۋىچىلارنىڭ كىگىز يۇپۇقلۇق ھارۋىلىرى، ئات ـ كالىلىرى تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتتەك كۆرۈنەتتى. كېچىسى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ گۈلخانلىرى لاۋۇلداپ، ناخشا سادالىرى پەلەكتە ياڭرايتتى. يايلاق ــ تۇلپارنىڭ ماكانى، يايلاقتا ياشىغۇچىلار تۇغما چەۋەندازدۇر. ئۇلار كۆچكەندە، يىراققا يۈرۈش قىلغاندا، ئوۋ ئوۋلىغاندا، يادا باققاندا ئاتتىن ئايرىلمايدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئات ئۈستىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاۋۋال ئاتلىقلار قوشۇنىنى قۇرغان. ئات ئالىيجانابلىقنىڭ ۋە ھوقۇقنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا كۆچمەن چارۋىچىلار شىجائىتىنىڭ سىمۋولى، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان بايلىقى ــ ئات، ئەڭ ئامراق ئىچىملىكى ــ قىمىز، ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغىنى ــ ئات گۆشىدۇر. كۆچمەن چارۋىچىلار بىپايان يايلاقلاردا ئەركىن ـ ئازادە كېزىپ، ھە دېسىلا يىراقلارغا سەپەر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئۇلار دۇچ كېلىدىغان خېيىم ـ خەتەرلەرمۇ زور بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يەر شارائىتى ھەققىدىكى بىلىمى شۇنچە مول، يەر شارائىتىدىن شۇنداق ئەپچىل پايدىلىنىدۇ، يەر شارائىتىنى شۇنداق سەزگۈرلۈك بىلەن پەرق ئېتىدۇ. پۈتكۈل يايلاق تۇرمۇشى ناھايىتى ئۆزگىرىشچان ھەم جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولۇپ، بۇ چارۋىچىلارنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. چارۋىچىلار ئۆز نۆۋىتىدە جەسۇر جەڭچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئالدىراش، ئۆزگىچە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى، سوغۇقى ئۈستىخاندىن، ئىسسىقى جاندىن ئۆتىدىغان تاغ ـ دەريالار، يايلاقلارنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابىلىشىشى چارۋىچىلارنى توختىماي ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈپلا يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ مۇقىم

تۇرالغۇسى بولمايدۇ، كۆن كەچۈرمىكى مۇشكۇل. شۇڭا، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى خاتىرە ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى خاتىرىلەر كۆپىنچە تارىخىي داستان شەكلى بىلەن، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەدەبىياتى نەزم شەكلى بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ سەنئىتى ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن جاھانغا مەشھۇر.

مەيلى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە ياشىغان سىكىفلار بولسۇن ياكى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە ياشىغان ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار بولسۇن، دەل ئۇلارنىڭ ئەجدادى بىز يۇغۇرلارنىڭمۇ ئەجدادىمىزدۇر. ئۇلار قەدىمكى زاماندىلا ئۇزەڭگە، چىبەر، يۇگەن، مۇڭگۇز شەكىللىك ئېگەر ۋە باشقا ئات جابدۇقلىرىنى كەشىپ قىلغان. ئات مىنىشتىن ئىبارەت تۇرلۇك ئېھتىياجلار ۋەجىدىن ئىشتاننى، كېيىنچە ئۆتۈكنى كەشىپ قىلغان. دەل يەنە شۇلار ئاتلىق جەڭ ھارۋىسى بىلەن يۈك ھارۋىسىنى كەشىپ قىلغان. ئاتلىق جەڭ ھارۋىسى بىلەن يۈك ھارۋىسى يايلاق مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا ئاچقۇچلۇق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىدۇر. ئاسىيانىڭ ئىبرىقچىلىق رايونلىرىدىكى كىشىلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن ھۇنلارنى دوراپ ئۇزۇن چاپاننىڭ ئورنىغا ئىشتان كىيىدىغان بولغان. مانا بۇ جاۋ بېگى ۋۇلىڭ (يېغىلىق دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى — تەرجىماندىن) ئىبرىقچىلىق مىللەتلىرى ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كالتە ئېگىن كىيىپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشتىن ئىبارەت ئىرىكچىلىك ئۇسۇلى بىلەن ئىبرىمچىلارنىڭ ئۇزۇن چاپان كىيىپ ھارۋا ھەيدىشىنى ئىسلاھ قىلغان «غوزچە كىيىنىپ ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش»تىن ئىبارەت ئىسلاھات دەۋرىدۇر. غەربتىكى يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلار مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن

ئۈزەڭگە ئىشلىتىشنى بىلگەن. بۇنى شەرقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئاۋارلار (بۇلار دەسلەپكى موڭغۇللاردۇر) ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان ۋە ئومۇملاشتۇرغان. تىغلىق ۋە ئۇچلۇق قوراللار دەۋرىدە، ئۈزەڭگە ھازىرقى زاماندىكى تانكا قىسمىغا باراۋەر بولۇپ، ئاتلىق قوشۇن ئۇچۇن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پولاتتىن ياسالغان تانكا بىلەن قوراللانغان قىسىملارلا ئاتلىق قوشۇننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ئورنىنى باستى. ھۇن خانلىقى ۋە تۈرك خانلىقىدا قول سانائەت ۋە دېھقانچىلىق بولغان، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا مېتال بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى بىلگەن، ئۇلار بىنا قىلغان شەھەرلەر قوشنىلىرىنىڭكىدىن ئانچە كېيىن قالمىغان. تارىخ بىزگە شۇنداق مەلۇمات بېرىدۇكى، كانچىلىق ۋە تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچىلار تېرىمچىلاردىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. ھۇنلار ۋە تۈركلەر فىلاندلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كېيىن مەخسۇس كانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركلەر قوشنىسى موڭغۇللار، فىلاندلار ۋە تۇنگۇسلارنى مېتال بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىگەن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1400 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا سىبىرىيە كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ بىرونزا تېخنىكىسى خۇاڭخې ۋادىسىدىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان.

رۇسىيەنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بارغان ھۇنلاردىن باشلاپ سەددىچىن سېپىلىدىن تاكى دوناي دەرياسى ۋە بۇداپېشتقىچە بولغان پۈتكۈل ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ھەرقانداق بىر ئىرقىقا مەنسۇپ كۆچمەن چارۋىچىلار ئېتىنىڭ تۇيىقى زادىلا تىنىمىغان. تۈرك تىلى، موڭغۇل تىلى، تۇنگۇس تىلى ۋە ساك تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ چەۋەندازلىرى گاھىدا دوناي دەرياسى بويىدىكى قورغانلاردا پەيدا بولسا، گاھىدا ھازىرقى بېيجىڭ ۋە داتۇڭدىكى شەھەر سېپىللىرىدا پەيدا بولۇپ

تۇرغان. 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئاسىيا ـ ياۋروپا قىتئەسىدىكى بۇ كەڭ زېمىندا كۆچمەن چارۋىچىلار توختىماستىن چېپىپ يۈرگەن. ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىپايان يايلاقلارغا ماسلىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئېغىر ـ بېسىق، ئەمەلىيەتچىل ۋە كۆپچىلىكنى دادىللىق بىلەن يېتەكلەشكە ماھىر ئىرقتۇر. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قانداشلىق باغلىنىشى ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان باغلىنىشتۇر. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەنئەنىسى خەلقئارا خاراكتېرگە باي ئەنئەنىدۇر. شۇڭا، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ نوپۇزى توپتوغرا 3000 يىل داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى مانا مۇشۇ يايلاقنىڭ تارىخ سەھنىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

# دەسلەپكى ئۇيغۇرلار

بۇنىڭدىن 2400 يىللار مۇقەددەم، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى يىراق ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا «ئۇيغۇر» ( 尧熬尔 ) دېگەن نام تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان. ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرسەك، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇر ( 回鹘 )لار باش كۆتۈرۈشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر (يۇغۇر) خەلقى مەۋجۇت ئىدى.

ئاۋۋال مەن سىزنى پەلەككە تاقاشقان ئالتاي تېغى چوققىلىرىغا باشلاپ چىقاي. ئەگەر بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىڭىز بولسا، سىز ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ۋە قىيىنزارلىقلاردىن يىلاندەك تولغىنىپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئېرتىش دەرياسىنى ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى يېنسەي دەرياسى بىلەن تايگا ئورمانلىقىنى كۆرىسىز... جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يەر بىر پارچە كەڭ، تۈز ـ تەكشى كەتكەن چوڭ يايلاق، چوڭ ئورمانلىق. بۇ يەردە دەريانىڭ قىنى كەڭ، سۈيى تېيىز بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يايلىقى ھېسابلىنىدۇ. غەربىدە ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ چېگراسى ھېسابلىنىدىغان ئورال تاغلىرى، يەنى موڭغۇللار سارتىك ( sartik )دەپ ئاتايدىغان تاغ تىزمىسى بار. شەرقىدە بايقال كۆلى، سېلىنگا دەرياسى ۋە شەرققە قاراپ ھىنگان تاغلىرى، ئامۇر (خېيلۇڭجياڭ) دەرياسى ۋادىلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان يايلاقلار بار. ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بۇ كەڭ زېمىن ھازىر موڭغۇل ئېگىزلىكى، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە شەرقىي سىبىرىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زاماندىن باشلاپلا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، كۆچمەن چارۋىچىلار توپلاشقان، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشكەن جاي، شۇنداقلا شەرق ـ غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

هۇنلار، ئاۋارلار، تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى ئەجدادلىرى بۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قولى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور رول ئوينىغان مەزگىللەردە، بۇ جايغا سۈيى ۋە ئوت ـ چۆپى ئەلۋەك، بايلىقى مول ئەلنى ئىزدەپ نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى ئىرقلار كۆچۈپ كەلگەن. ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلىقىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى بۇ زېمىن تۆت ئەتراپىدىكى چارۋىچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوتان ـ قوتان ئات، كالا، قويلىرىنى ھەيدەپ بۇ زېمىندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈپ، كۆپ يىللار جاھان كېزىپ سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر مۇشۇ جايدا ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارا چاچلىق سېرىق تەنلىكلەرمۇ ھەم سېرىق چاچ، كۆك كۆز ئاق تەنلىكلەرمۇ بار ئىدى. بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان بۇ قوۋملار مانا مۇشۇ يەردە جەم بولۇشقان. يۇغۇر (尧熬尔) خەلقى ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن ناھايىتى ئازلا ئادەم ھايات قاپتۇ. ئۇلار سەرسانلىق سەپىرىدە سوغۇق ھەم پايانسىز بىر ئورمانلىقتا ئېزىپ قېلىپ، ئاچلىق، سوغۇق دەستىدىن بىر ـ بىرلەپ، جان تەسلىم قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى، تاڭ سەھەردە كىشىلەرگە خۇددى مۇڭلۇق ناخشىدەك بىر يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئارقىدىن ئېگىز ـ ئاياغلىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئۈستىبېشىغا بىر پارچە كۆك نۇر چۈشۈپتۇ. كىشىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنى كۆرۈپتۇكى، ئالدىدا بىر

يوغان ئەركەك كۆك بۆرە تۇرغۇدەك. كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بۆرىگە باش قويۇپ ئىلتىجا قىلىپ: ياپىلىقىمىزنى باشقىلار بىسىۋالدى، قىشلىقىمىزغا ئوت كەتتى. قارا ساقاللىق تاغا، سۇرلۇك تاغا، بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكىن، بىزنى بۇ يەردىن چاققانراق ئېلىپ كەتكىن، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۆرىگە ئەگىشىپ بۇ قورقۇنچلۇق جايدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇلار كەينىدىن قوغلاشقان، ئالدىنى توسقان دۈشمەنلەرنى يەر چىشلىتىپ، تاغلاردىن تۇزلەڭلىكلەرگە، تۇزلەڭلىكلەردىن ئورمانلىقلارغا بېرىپ، خېلى يىللار مېڭىپتۇ. ئاخىردا ھېلىقى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئىناق، مەڭگۈ باياشات ياشايدىغان يايلاقتا كەپتۇ. ئەمما، يۇغۇرلار كېيىن يەنىلا بۇ گۈزەل يايلاقتىن مەھرۇم بولۇپ، ھەرتەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ. يۇغۇر بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىچە، پالان يىللاردىن كېيىن، نەۋرىلىرىنىڭ نەۋرىلىرى زامانىسىغا كەلگەندە ھېلىقى بۆرە يەنە پەيدا بولغۇدەكمىش. بارلىق يۇغۇرلار ئىختىيارسىز توپلىشىپ بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئاخىر بىر باياشات يايلاققا كېلىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەرمىش.

كۆك بۆرە يۇغۇرلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەستۇر. ئادەتتە ئۇلار كۆك بۆرىنىڭ نامىنى كۆپ ھاللاردا ئۇدۇل ئاتىمايدۇ. كۆك بۆرىنى ھۆرمەتلەپ «خار ساھالت ناگچى ( χarsahalt nagtʃ ) ياكى خار ساھالت داگا ( χarsahalt daga ) دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئاتاش «قارا ساقال تاغا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۇغۇرلار ئاق تۇمشۇق بۇغا بىلەن كۆك بۆرىنىڭ پۇشتى ئىكەن، شۇڭا بۆرىنى تاغا دەيدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ قەدىمكى زامان توتېم ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان رىۋايەتتۇر.

كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئۇزاق يىللىق يايلاق تۇرمۇشى داۋامىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك بىرىكىش نەتىجىسىدە، بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە ھۇنلار، ئاۋارلار، تۇركلەر، ساكلار

شۇنداقلا بىر نامنى بىلمەيدىغان قوۋملار ئۆزگىرىپ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان. ھەرقايسى قوۋملار بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولغان، ئۇلار بىللە چارۋا بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ، جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇلار كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» (مەزكۇر ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ يۇغۇر دەپ ئېلىنغان، بۇ يەردە ئۇيغۇر دەپ ئېلىندى) دەپ ئاتاشقا باشلىغان. ئادەتتە، بۇ تۈركچە سۆز دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك مەنىسى بار: بىرىنچىسى، «قوشۇۋالماق، ئۇيۇشماق، ئۆزىگە قېتىۋالماق، ئارىلاشما، بىرلەشمەك»؛ ئىككىنچىسى، «بىرلەشمەك»؛ ئۈچىنچىسى، «مەدەنىيەت، ئەقىل ـ پاراسەت». يەنە بەزىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ موڭغۇل تىلىدىكى « oi » (ئورمان) ۋە (kər) (خەلق) دېگەن سۆزلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ئورمان پۇقراسى» ياكى «ئورمانلىقتىكى ئادەملەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يۇغۇر (尧熬尔) بىلەن ئۇيغۇر (维吾尔) بىر ئاتالغۇ بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا تۈرك تىلى شېۋىلىرى سەۋەبلىك خاتالىق كېلىپ چىققان. ئەڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى يۇغۇر (尧熬尔) بولۇشى كېرەك. «ئۇيغۇر» (尧熬尔) دېگەن بۇ نام دەسلەپتە ئىرق نامى ئەمەس، بەلكى سىياسىي نام بولۇپ، ھۇن دېگەن نامغا ئوخشاش قوللىنىلغان ۋە مەنىسى زامان ـ ماكانغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى مىلادىيەدىن 5 ـ ئەسىر بۇرۇنلا قۇللۇق جەمئىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان.

ھۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە، ئەڭ ئاۋۋالقى ئۇيغۇرلار ھۇنلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، ھۇنلارنىڭ بىرقىسمى ئىدى. ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاۋار قاغانلىقىغا تەۋە بولغان. موڭغۇلچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدىغان بۇ ھۇنلار ۋە ئاۋارلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە قۇللۇق جەمئىيەتنى ئاخىرلاشتۇرغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن موڭغۇل

ئېگىزلىكىدە يايلاق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجى ۋەجىدىن كۆلىمى زور، ئادەم سانى كۆپ، ئاسان يىغىلغىلى بولىدىغان، بىرلىككە كەلگەن ناھايىتى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەن. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى شارائىتىدا تەدرىجىي ھالدا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلدۆل سامادا ئۇچقاندەك ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغان ئۇلۇغۋار روھ، ئۇلۇغۋار شىجائەت بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قەد كۆتۈرۈشكە باشلاپ ھەرقايىسى كۆچمەن چارۋىچىلارغا يېتەرلىك روھىي شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ھۇنلار، ئاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ غەربكە كۆچۈپ، ئاتلىرىنى دوناي، رېيىن دەريالىرىدا سۇغىرىدىغان بولغاندا، قىسمەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قالغان. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان ھۇنلارغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى.

ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ شەرقىي ياۋروپاغا بېرىشى، ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا مىللەتلەرنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مۇردىسى دەپنە قىلىنىپ، يېڭى دەۋرنىڭ زەپەر مارشى ياڭراشقا باشلىغان. شەرقلىقلار ھۆرمەتلەپ «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» دەپ ئاتىغان ھۇن ئاتلىق قوشۇنى شەرقىي ياۋروپا ئۇپۇقىدا پەيدا بولغاندا، ياۋروپالىقلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ، بۇ بىزگە نازىل قىلىنغان «تەڭرىنىڭ قامچىسى» دېيىشكەن. ھۇنلار ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ۋە سىياسىي كۈچكە ئىگە ئىدى.

ھۇنلار، ئاۋارلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، موڭغۇل

ئېگىزلىكىدە قالغان تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا، تۈرك قاغانى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي داھىيسى ئىدى. «تۈرك» ( turk ) دېگەن سۆز موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈرك دېگەن سۆز كەڭ مەنىلىك بىر ئۇقۇم بولۇپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى تۈرك قاغانلىقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى تۇنجى بولۇپ ئىتتىپاقلاشتۇرغان گۇرۇھ. مەيلى تۈرك قاغانلىقى بولسۇن ياكى ئاۋار قاغانلىقى بولسۇن، ھەممىسىلا كۆپ مىللەتلەر بىرلىكتە بەرپا قىلغان يايلاق ئىمپېرىيەسىدۇر. يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئىرقىي تەركىبى ئەزەلدىنلا كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىدى. بۇ قاغانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا باشتىن ـ ئاخىر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۈرك تىلى، موڭغۇل تىلى، تۇنگۇس تىلى، ساك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار بولغان.

سوغۇق بەلباغ يايلاقلىرىنىڭ قەھرىتان سوغۇق، پىژغىرىم ئىسسىقى، قار ـ يامغۇر ئارىلاشقان بوران ـ چاپقۇنلۇق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى ساغلام، كۈچلۈك، باتۇر، قورقماس قىلىپ يېتىلدۈرگەن. ئەر ـ ئايال ھەممىسى كارامەت ئۇستا چەۋەنداز ۋە مەرگەن بولۇپ، ئۇلار بىر توپ ئەركىن جەڭچى، چارۋىچى، ئوۋچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئاددىي بولۇپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇچار قانات، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ھەپىلىشەتتى، بۇغا، كالا، ئۆچكە، قويلارنى قوتانلاپ باقاتتى. شاش ئات ۋە يەنە بۆرە كۈچۈكى، يولۋاس كۈچۈكىنى قولغا كۆندۈرەتتى. ئۇلار ناھايىتى ئەقىللىك بولۇپ، يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئارامبەخش ياز پەسلىدە يايلاۋدا كۆنلەپ ئاپتاپسىناتتى، قىمىز، قېيىن شەربىتى (يەنى قېيىن قىمىزى) ئىچەتتى. ئۇلار قىيا تاشلارغا ئاجايىپ رەسىملەرنى سىزغان، نۇرغۇن نەزم ـ

ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ سەنئەتكە قوشقان دەسلەپكى تۆھپىسىدۇر. ئۇلار ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، چىراي ـ تۇرقى جەھەتلەردە چوڭ جەھەتتىن بۇرۇنقى ھۇنلارغا، ئاۋارلارغا، تۈكلەرگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئايرىم جەھەتلەردىلا پەرقلىنەتتى. تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار تۈرك تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. كېيىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىسىدىكىلەر ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامىنى «回纥» (ئۇيغۇر) « 回鹘 » (ئۇيغۇر) دەپ تەرجىمە قىلغان. كېيىن «畏兀儿» ‹ئۇيغۇر› دەپ تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئوخشاش ئىرقتىن بولغان تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تازا ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتمىگەن، ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار غەربىي جەنۇبتىكى تاڭغۇت ( tanŋ Gut ) (زاڭزۇ)لارنىڭ يايلىقىغا، يەنى چىلانتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىي باغرىلىرىغا كۆچۈپ بارغان. بۇ تارىختا خاتىرىلەنگەن چىلانتاغقا كۆچۈپ بارغان بىرىنچى تۈركۈم ئۇيغۇرلاردۇر. كېيىن ئۇلار شۇ جايدىكى تاڭغۇتلارغا سىڭىشىپ كەتكەن، تاڭغۇتلار ئۇلارنى «خور» ( hor ) دەپ ئاتىغان. «خور» ھۇنلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ ۋە موڭغۇللارنىڭ تاڭغۇتچە قەدىمكى ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

تۈرك قاغانلىقى ناھايىتى قۇدرەت تاپقان بولۇپ، كېيىن شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. سۈي سۇلالىسى غەربتىكى ۋىزانتىيە، پېرسىيە ۋە شەرقتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۈي سۇلالىسىنى تىترەتكەن بۇ يايلاق ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان، ئۇلار خۇپىيانە سىياسەت يۈرگۈزۈپ، باشتا تۈرك قاغانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈز ئۆرۈشىنى قوللىغان. كېيىن سۈي سۇلالىسى

مۇنەقەرز بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭ ئالتاي ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلغان. تۈرك قاغانلىقى بىر مەزگىل گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقانىدى، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىچكى ئاغدۇرمىچىلىق، تاشقى ھۇجۇم ۋەجىدىن ئاسىيانىڭ يېرىمىدا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگەن بۇ يايلاق ئىمپېرىيەسى ئاخىر ئاجىزلىشىپ كەتكەن. ئاندىن تاڭ سۇلالىسى ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان تۈرك ئەسكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى ساك چارۋىچىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى شۇلارغا تايىنىپ قۇدرەت تېپىپ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇرلار كونا ئىز بىلەن مېڭىپ تۈركىي قېرىنداشى قىرغىزلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئىتتىپاقىنىڭ زەربىسىدە مۇنەقەرز بولغان بۇ كېيىنكى گەپ.

ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قارا قۇرۇم (χara quroum)دا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇسى ( βulus ) (دۆلىتى)نىڭ سىياسىي مەركىزىنى قۇرغان. ئۇ ئاساسلىقى توققۇز چوڭ قەبىلە ۋە بىرمۇنچە كىچىك قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياغلاقار ( jaglaʁar ) قەبىلىسى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ھېچقاچان باشقىلاردىن يېڭىلىپ باقمىغان. شۇڭا، ئۇلۇس باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ قەبىلىدىن چىققان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتامان ۋە قاغانى ھەققىدە يۇغۇرلارنىڭ «توققۇز ئاكا ـ ئۇكا» دېگەن رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، يىراق شىمالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىرمۇنچە گۈزەل يايلىقى بولغان. بۇ جايدا چوڭ بىر دەريا، ئېگىز بىر تاغ ۋە ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن. ھېلىقى چوڭ دەريا، ئېگىز تاغ، چوڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە بۈك ـ باراقسان قېيىنزارلىق بار بولۇپ، بىر كۈنى

ئاسماندىن چۈشكەن ھەسەن ـ ھۈسەن ئەڭ گۈزەل بىر تۈپ قىيىن دەرىخىگە چىرمىشىۋاپتۇ. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى قىيىن دەرىخىنىڭ غولى گويا ھامىلىدار ئايالنىڭ قورسىقىدەك بارغانسېرى يوغىناشقا باشلاپتۇ. توققۇز ئايدىن كېيىن قىيىن دەرىخىنىڭ غولى يېرىلىپ ئۇنىڭدىن توققۇز بوۋاق تەۋەللۇت بوپتۇ. بۇ توققۇز بوۋاق قىيىنزارلىقتا قىيىن شەربىتىنى ئىچىپ بارا ـ بارا چوڭ بوپتۇ. ئۇلار قىيىن شاخ، پۇتاق، قوۋزىقىدىن ياسالغان كەپىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قورسىقى ئاچسا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن. ئۇسسىسا قىيىن شەربىتى ئىچىدىكەن. توققۇز ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرسىدىن قاۋۇل، باتۇر، ئەقىللىق ئىكەن، بولۇپمۇ كەنجىسى ھەممە ئاكىسىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. كېيىن بۇ توققۇز ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا نويان (ئاتامان) بوپتۇ، كەنجى ئوغۇل ئۇيغۇرلارغا خان بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «بوغداخان» (bokd χan ) دەپ ئاتاپتۇ. بوغداخان ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرى قىيىن شەربىتى ئىچىشكە ئامراق ئىكەن. شۇڭا، يۇغۇرلار ئادەتتە قىيىن شەربىتى «ھاياتلىق شەربىتى» (aemn ʃim) ۋە «دەرەخ سۈتى» دەپ ئاتىغان. «خوس» ( hos ) ياكى «خولداسىن» ( holdasn ) دەپ ئاتىلىدىغان قىيىن دەرىخىمۇ يۇغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. يۇغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ئورخۇن (orkhon ) ۋادىسى قىيىن ۋە سىبىرىيە شەمشىدىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر بۇغداخاننىڭ ئەۋلادلىرى 500 يىل خان بولغان، بۇ جەرياندا 40 نەچچە خان ئۆتكەن.

ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش ھەمىشە بەزى چوڭ دۆلەتلەرگە ۋە كىچىك قەبىلىلەرگە بەيئەت قىلىش، ئولپان تاپشۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بەزى دۆلەتلەرنىڭ، قەبىلىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئۆزئارا سودا

ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلانغان. ئۇيغۇرلار توختىماي ئىنقىلاب قىلغان، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئارقىلىق، ئاخىر مىلادىيە 744 ـ يىلى ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بەرگەن، يەنى ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان كۆل بىلگە ( kylbilɛχan ) دېگەن بىر كىشى خان بولغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنى باشلاپ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇۋەتكەن. تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن نۇرغۇن تۈركلەر غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا بارغان. كۆل بىلگىنىڭ خانلىق نامى قۇتلۇق بىلگەخان (qutluq bilgE)، يەنى كۈچلۈك بىلگە خان (kytʃlyk bilgE χan ) (مەنىسى: مۇقەددەس دانا ئەقىل ـ پاراسەتلىك دېگەنلىكتۇر) بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ھازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ ئارا ھاڭغاي (شىمالىي ھاڭگاي) دېگەن يېرىدىكى قاراقۇرۇمدا ئىدى. ئاراھاڭگاي بىلەن ئورخۇن دەرياسى ۋادىسى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى ئەڭ سىرلىق، ئەڭ ئۇلۇغ جاي بولۇپ، قەدىمكى ھۇنلاردىن چىڭگىزخانغىچە بولغان بىرقانچە مىڭ يىل داۋامىدا، تۈرلۈك ئىرقتا مەنسۇپ كۆچمەن چارۋىچىلار بۇ جايدا كۆچمەن چارۋىچىلارغا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق مەركەزلەرنى تەسىس قىلغان. زېمىننىڭ ئايال ئىلاھىيسى «ئۆتۈكەن ئېكې» (otugan – eke) مانا مۇشۇ ھاڭگاي تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ قولتۇقىدا تۇرىدىكەن.

745 ـ يىلى ئەتىيازدا، قۇتلۇق بىلگە قاغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بارگاھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ تۈرك قاغانىنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تۈرك ھۆكۈمرانلىقى بەربات بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇلۇسى (jokər βulus ) قۇرۇلغان. «ئۇيغۇر ئۇلۇسى»نىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر دۆلىتى»، يەنى «ئۇيغۇر قاغانلىقى» (回鹘汗国) دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇر ئۇلۇسى ھاكىمىيەت تەشكىلىدە ئاساسەن

ھۇن، ئاۋار، تۈركلەرنىڭ تۈزۈمى داۋاملىق قوللىنىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا نەچچە يۈز يىل دەۋران سۈرگەن. ئەمما، ئۇ پەقەت موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدە كېيىنكى بىر تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاۋۋالقى بىر تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، پۇقرالار ئارىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يەنىلا داۋاملىشىۋەرگەن. ئۇيغۇر ئۇلۇسى تۈرك قاغانلىقىنىڭ بارلىق يەرلىرىگە، يايلاقلىرىغا ئىگە بولغان. تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدىكى نۇرغۇن چارۋىدارلار، شاھزادە، بەگلەر ئۆرۈلۈپلا ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ ئېسىلزادىلىرى بولۇۋالغان. نۇرغۇن چارۋىچىلار يەنىلا تۈرك قوۋمى ھېسابلىناتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار نوقۇل چارۋىچى بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىنەتتى. ئۇلار ئاساسلىقى قوي گۆشى يەيتتى، ئاندىن قالسا كالا گۆشى، ئات گۆشى، تۆگە گۆشى يەيتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئامراق ئىچىملىكى قىمىز بولۇپ، ئۇلار ئۇنى خەمىز (χɔmis) ياكى «چىغە» ( tʃiɣe ) دەيتتى. ئەڭ ياخشى قىمىزنى «قارا قىمىز» (χara χɔmis ) دەيتتى. بۇنىڭدىن قالسا، قېيىن شەربىتىنىمۇ، يەنى «دەرەخ سۈتىنىمۇ» ياقتۇرۇپ ئىچەتتى، دائىم دېگۈدەك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيتتى. ئوۋ ئوۋلاش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور رول ئويناييتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ چېدىرى ئاق، شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، ئىچىگە كالا تېرىسى، تېشىغا كىگىز ئىشلىتىلەتتى. بۇنداق كىگىز ئۆي تەرەققىي قىلىپ، كېيىن موڭغۇللارنىڭ كىگىز ئۆيى بولۇپ قالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھلىرىدا ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى ھامان بىر چوڭ چەمبەر شەكلىدە تىكىلەتتى.

ئالتاي ۋە سېلىنگا دەريالىرىنى مەركەز قىلغان بىپايان

يايلاقلاردىكى ئۇيغۇر ئۇلۇسى تەۋەلىكىدە، يولتۇزدەك كەڭ تارقالغان ھەر مىللەت خەلقى سان ـ ساناقسىز مال ـ چارۋىلارنى باققان. ئۇلار نۇرغۇن ئوردىلارنى بىنا قىلغان. كېيىن، قاراقورۇمغا يېقىن جايدىكى ئەينى ۋاقىتتا ئوردا بالىق (ordou Baliq ) دەپ ئاتالغان قارابالاساغۇن (χara borg a:s) ناھايىتى داڭلىق ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قارابالاساغۇننىڭ ئاھالىسى زىچ بولۇپ، بازار ـ رەستىلىرى، سودا ـ سېتىقى ئاۋات ئىدى، بۇ شەھەرنىڭ 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار ئىدى.

ئۇرۇش ئۇزۇلمىگەنلىكتىن، يايلاق ئىمپېرىيەسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئوردا لەشكەرلىرى دائىم يىراق جايلارغا يۇرۇش قىلىپ، چارۋا، مال ـ مۈلۈك، ئادەم بۇلاپ كېلەتتى. ئۇرۇش كۆپ ھاللاردا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئادىل بولمىغانلىقى سەۋەبلىك پارتلايتتى. ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسى، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، ياۋروپادىكى رىم قاتارلىقلار بىلەن سودا ـ سېتىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. مىلادىيە 755 ـ يىلىدىن كېيىن، تاڭغۇتلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىپ ـ كېلىدىغان يولىدىكى خېشى، يەنى خېشىدىكى لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربىدىكى كۆپ قىسىم جايلارنى ئىگىلىۋېلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيەسى ــ «يىپەك يولى»نى كونترول قىلىۋالغان. تاڭ سۇلالىسى نائىلاج ئۇيغۇر ئۇلۇسى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولغان. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىلەن سوغدى ( səgt ) سودىگەرلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ يىپەك مېلىنى موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ئەكېلىپ ئاندىن ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپانىڭ رىم قاتارلىق جايلىرىغا ئېلىپ بارغان. بۇ يىراق قەدىمكى زاماندىكى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ بار بولغان ئەڭ ئاۋۋالقى ئاسىيا ـ ياۋروپا يولىدۇر. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بۇ سودىدىن نۇرغۇن

بايلىققا ئېرىشكەن. بۇ يول شەرق بىلەن غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ۋە كېيىنكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ چاغدا كۆچمەن چارۋىچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇسى مۇستەھكەم، سودا بىلەن بېيىغان، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئارىلىشىپ ئىنتايىن كۈچەيگەن بىر قاغانلىق بولۇپ تەشكىللەنگەن.

ئۇيغۇر ئۇلۇسى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بەزىدە ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتسە، بەزىدە دۈشمەنلىشىپ ئۇرۇشقان. تالاي يىللارنى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، تالاي يىللارنى ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكۈزگەن. مىلادىيە 755 - يىلى، تاڭ سۇلالىسىدە «ئەنلۇك - سۈيگۈن توپىلىڭى» يۈز بەرگەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئۇلۇسىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەن. ئۇيغۇر ئۇلۇسى مىلادىيە 751 - يىلى ۋە 762 - يىلى ئىككى قېتىم ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىپ، قىتان مىللىتىدىن بولغان سانغۇن ئەنلۇك، سۈيگۈنلەر ئىگىلىۋالغان چاڭئەن، لوياڭ ۋە خېبېينىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، غۇلاپ كېتەي دەپ قالغان تاڭ سۇلالىسىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان، كېيىن ئۇيغۇرلار يەنە كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىپ تاڭغۇتلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تېز يىمىرىلىپ گۇمران بولمىغانلىقى ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ تاھايىتى زور كۈچىگە تايانغانلىقىدىن بولغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ نۇرغۇن ئەزىمەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشتا قازا قىلغان. تۆۋەندىكى يۇغۇر خەلق قوشىقى ھازىرغىچە خەنزۇ رايونلىرىدا ساقلىنىپ قالغان:

ئاي تولۇر سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشى،

تەس ئىكەن ئايرىپ قويماق يېڭى كېلىننى.
تۆكۈلۈپ تېرىقتەك بويىنىمىزدىكى ھېقىقلار،
ئەسلىتەر ھەربىرى تارام ـ تارام كۆز ياشىمىزنى.
قايتۇرۇپ ئېلىندى چاڭئەن ھەم لوياڭ،
قالمىدى بارمىغان جەڭگاھ تاڭ تەۋەلىكىدە.
جۇدا بولۇپ ئۇيغۇرلار ئەرلىرىدىن،
ياش قۇرۇماس ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزىدىن.
قوغداپ قېلىندى بۈيۈك تاڭ دۆلىتى،
ئەللىك مىڭ سەرۋاز بولۇپ قۇربانى
ئېلىپ كەلدى خاتۇن خانىشنى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدىمكى قوشىقى خەنزۇ يۇرتلىرىغا قانداق تارقالغان ۋە قانداق قىلىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان؟ بۇنىڭدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق. قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان (ئۇيغۇر) «回纥» دەل يۇغۇرلاردۇر. «خاتۇن» ( xat:un ) خانىش ئىپتىمال تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى سۇزۇڭنىڭ گۆدەك قىزى نىڭگو مەلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى گۆرلىگ قاغانغا ياتلىق قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 758 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرنەچچە چوڭ ۋەزىرلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلغان.:
يۇغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بۇنىڭغا ئائىت تۆۋەندىكىدەك بىر رىۋايەت بار، بۇ رىۋايەتتە دەل شۇ چاغدىكى ئىشلار بايان قىلىنىدۇ:
رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئورخۇن ( orkhon ) ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئۇلۇسى ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىكەن، ئۇلار خەنزۇ رايونلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلغانىكەن. خەنزۇلارنىڭ بىر پالچىسى پال سېلىپ، ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ شۇنچە قۇدرەتلىك

بولۇشى مۇقەددەس تاغ ــــ ئۆتۈكەن ئېكې (otugan – eke)نىڭ بولۇشىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ پادىشاھىغا ئۆتۈكەن تېغى بىلەن يەكسان قىلىنسا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىغا ئاپەت يېغىپ، ئۇلار ئاجىزلىشىپ ھالاك بولىدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارنىڭ پادىشاھى قىزىنى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىپتۇ. مەلىكىنى ئۇزىتىپ كەلگەنلەر ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن، قاغانغا خەنزۇ رايونىدىكىلەر ئۆتۈكەن تېغىنىڭ قاشتېشىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا قاشتېشىدىن بىر ئاز ئالغاچ كەتسەك بولارمىكىن، دەپتۇ. قاغان خۇشاللىق بىلەن ئىجازەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ رايونىدىن كەلگەنلەر ئۆتۈكەن تېغىغا چىقىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى يوغان بىر قاشتېشىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوت قويۇپتۇ، ئۇنى يانجىپ پارچىلاپتۇ، ئاندىن ئۇرغۇن ھارۋىلارغا بېسىپ ئەكېتىپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا توققۇز باشلىق بىر غەلىتە قۇش ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇ قۇش كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەتلىك سايرايدىكەن. تاغدىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ، قۇشلارمۇ توختىماي ھەسرەتلىك ھۇۋلايدىغان ۋە سايرايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قاغان ئۆلۈپتۇ. قىلىن قار يېغىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە چارۋىلار ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا ۋابا تارقىلىپتۇ، دۈشمەنلەرمۇ باستۇرۇپ كەپتۇ، تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن سانسىزلىغان دۈشمەنلەر ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇيغۇرلارغا ئېغىر بالايىئاپەتلەر كېلىپ، سەرسان ـ سەرگەردانلىق تۇرمۇش باشلىنىپتۇ.

مىلادىيە 839 ـ يىلى، ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇش 832 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، شۇ يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇر قاغانى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قاغاننىڭ جىيەن ئوغلى قۇت تېكىن قاغان بولدى. 839 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋەزىر ئىنەيۈن قاتارلىقلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، قۇت تېكىن

قاغان سياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارنى ئۆلتۈردى. ۋەزىر كۆرلەمۈر بىلەن تۈركلەرنىڭ شادايىت قوۋمىنىڭ سانغۇنى جۈشىيچىس بىرلىشىپ لەشكەر تارتىپ قاغانغا ھۇجۇم قىلدى، قاغان يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، كاسار تېكىن قاغان بولدى. مىلادىيە 840 ـ يىلى ھەممە ئۇيغۇرلارغا بالايىئاپەت كەلدى. ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ تەۋەلىكىدە ۋابا تارقالدى. ئەتىيازدا كەينى ـ كەينىدىن قار ئاپىتى بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قىرىلىپ كەتتى. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇيغۇر سانغۇنى كۈلۈگ باغا يېنىسەي ئەتراپىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەت — قىرغىزلار ( qərkəz ) بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئاتلىق بىرلەشمە قوشۇننى باشلاپ ئۇيغۇر ئۇلۇسىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسىمۇ قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرەپتىن ئۇيغۇرلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

قويۇق كۈز تۇسىگە كىرگەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بوران ئۇشقىرتىپ، تۇرنىلار سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇيغۇر ئۇلۇسى ئاسمىنىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يول ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. جۇدۇن توپتوغرا بىرنەچچە ئاي داۋاملاشتى. مال ـ چارۋىلار ئوت ـ چۆپ يېيەلمەي ئاچ قالغاچقا توپ ـ توپى بىلەن ئۆلۈشكە، كىشىلەر ئاپەتتىن قېچىپ سەرگەردان بولۇشقا باشلىدى. ئاپپاق دالادا ئاچ قورساق، سوغۇقتا غال ـ شال تىترەۋاتقان توپ ـ توپ قېرىلار، ئاياللار، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئازىيىپ تايىنى قالمىغان چوڭ ـ كىچىك چارۋا پادىلىرىنىڭ كەينىدىن جاپا مۇشەققەتتە كېلىۋاتاتتى. قارلىق دالانىڭ ھەممىلا يېرىدە توڭلاپ ئۆلگەن چارۋىلارنىڭ تاپلىرى، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھايات قالغان كىشىلەر ئاۋال ئازغىنا تۆگە، ئات، كالىلارنى ئالدىغا سېلىپ يول ئاچقاندىن كېيىن، باشقا ئۇششاق

چارۋىلارنى شۇلارنىڭ ئىزى بىلەن ھەيدەپ ماڭاتتى.
شىمالىي چۆللۈكتىكى موڭغۇل ئىگىزلىكىدىكى كىشىلەر مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە ئەتىيازغا ئۇلاشتى، قېلىن قارلار ئېرىشكە باشلىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئامان قالغان جۇدەڭ، روھسىز ئادەملەر ۋە چارۋىلار ھالىدىن كېتىپ بۇرنىدىن تارتسا يىقىلغۇدەك بولۇپ قالغانىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ دالادىكى چارۋا تاپلىرى، ئادەم جەسەتلىرى چىرىشكە باشلىدى، ۋابا ناھايىتى تېز يامراپ كىشىلەر يەنە تۈركۈملەپ قىرىلىپ كەتتى، قالغانلار ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالماي ئالدىراپ ـ تېنەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. كۆپلۈكىدىن يايلاققا بىر كېلىدىغان چارۋىلار، توپ ـ توپ چارۋىغا تولغان يايلاقلار ۋە كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «قۇدرەتلىك مىللەت» خۇددى چۈشتەك بىر كېچىدىلا غايىب بولدى. شىمالىي چۆللۈكتىكى موڭغۇل ئىگىزلىكى بىردىنلا ئادەمزات ئاياغ باسمىغان چۆل ـ جەزىرىگە ئايلىنىپ، ئاندا ـ ساندا كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل نامرات چارۋىچىلار، تىلەمچىلەرنىلا ئۇچراتقىلى بولىدىغان جايغا ئايلاندى. ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ ئاخىرقى قاغىنى كاسار تېكىن ۋە كورلەمۇر ئۆلتۈرۈلدى. پايتەخت قارابالا ساغۇن قولدىن كەتتى، ئۇيغۇر ئۇلۇسى مۇنقەرز بولدى. ئۇيغۇر ئۇلۇسى ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان كۈندىن مۇشۇ ۋاقىتقىچە 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت، 40 تىن ئارتۇق قاغان ئۆتتى. كۇل بىلگە قاغان قۇرغان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ئۇلۇسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەخمىنەن 100 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بۇ ئارىدا 14 قاغان ئۆتتى.

# ئۇيغۇر ئۇلۇسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن

كۆچمەن چارۋىچىلار قۇرغان بىرمۇنچە قاغانلىقلارنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە باشقا ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ دىپلوماتىك ۋاسىتىسىدىن بولغان. ئۇلار دائىم كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قاغانلىق بىلەن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپنى قوللاپ، يەنە بىر تەرەپكە زەربە بەرگەن ياكى بىر تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ، يەنە بىر تەرەپكە زەربە بەرگەن. نەتىجىدە، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۈچى تېز ئاجىزلىشىپ، قەبىلىلەر بىر - بىرىنى ۋەيران قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قاغانلىق گۇمران بولغان، مەسىلەن، غەربكە كۆچۈپ ياۋروپاغا بارغان ھۇنلار مانا مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئاخىردا ۋىزانتىيە، رىم پادىشاھىنىڭ ئۇستاتلىق بىلەن قۇرغان تۇزىقىغا چۈشۈپ ھالاك بولغانىدى. 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ كۆپىنچىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. مانى دىنىنى مىلادىيە 3 - ئەسىردە قەدىمكى ئىرانلىق مانى ئىجاد قىلغان بولۇپ، كېيىن ئىران پادىشاھى بەھرام بۇ دىننى بىدئەت دىن دەپ مەنئى قىلدى، ماننى كىرىستقا مىخلاپ ئۆلتۈردى. سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن مانى مۇرىتلىرى مانى دىنىنى چىغىر يوللار بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بۆگۈ تېكىن ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ

بىكىتتى. مانى دىنىدا كالا سۈتى ئىچىش ۋە قايمىقىنى يېيىش مەنئى قىلىنغانىدى. گۆش يەپ، سۈت ئىچىدىغان كۆچمەن چارۋىچى — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئىدى. لېكىن، مانى مۇرىتلىرىنىڭ كۆكتاتنى كۆپ يېيىشنى تەشەببۇس قىلىشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچكەن بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار زەئىپلىشىشكە باشلىدى. مانى دىنى زور بىر تۈركىم ئۇيغۇرلارنى تىنچلىقپەرۋەر رايىش چارۋىچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. مانى دىنى رېئال دۇنيانى ئىنكار قىلىشتەك پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ، دۇنيا قانچە تېز بەربات بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. مانى دىنى مۇرىتلىرى مادىدا، جانلىقلار دۇنياسى، ئادەم تېنى رەزىللىكتۇر، پەقەت ھەممىدىن خالىي دۇنيالا ياخشىلىقتىن ئىبارەتتۇر، ئۆلۈم ھەممە خاپىلىقلارغا خاتىمە بېرىپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرىدۇ، دەپ قارايتتى. مانى دىنىدا يەنە بۇ رەزىل جانلىقلار دۇنياسىدىكى شەيئىلەرگە نىسبەتەن خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلسا بولىدۇ، دېگەن ئەقىدە تەرغىب قىلىناتتى. ماددىي دۇنياغا نەپرەتلىنىدىغان، ھاياتلىققا نەپرەتلىنىدىغان، ھاياتقا قارشى تۇرىدىغان، دۇنياغا قارشى تۇرىدىغان بىر قاتار بىمەنە مەنتىقىلەرنى بازارغا سالغان مانى دىنى 14 ـ ئەسىردە يەر شارىدىن يوقالدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە بۇددا دىنى ۋە ۋىزانتىيەدىن كىرگەن خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپى (نېستورىيان دىنى) مۇ تارقالدى.

قىرغىزلارنى ئاساس قىلغان بىرلەشكەن قوشۇن ئۇيغۇر ئۇلۇسىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە ئارا ھاڭگاي (شىمالىي ھاڭگاي) تېغىدىكى سىياسىي مەركەز يەنە بىر تۈركىي تىللىق مىللەت — قىرغىزلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ئۇيغۇر قاغانلىرى بىلەن سانغۇنلىرىنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قاچىدىغىنى قېچىپ،

ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلاشقۇدەك مادارى قالمىغانىدى.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئاسمىنىدا يالتىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ شولىسىدا توركۇملەپ كۆچۈشكە باشلىدى. بەزى قەبىلىلەر غەربكە كۆچسە، بەزى قەبىلىلەر جەنۇبقا كۆچتى، قېلىپ قالغانلىرى قىرغىزلارغا تەسلىم بولدى، يەنە بىر قىسمى نىشانسىز ھەر تەرەپكە قېچىپ تارقىلىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر كۆز يەسلىدىكى پەسىل قۇشلىرىدەك مانجۇرىيەنىڭ چېگراسىدىن تاكى بۇداپېشت، غەربىي سىبىرىيە ئورمانلىقلىرىغىچە، ئورال تاغلىرىدىن تاكى ھىندىقۇش تېغى ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگىچە شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا تىنماي كۆچۈپ يۈردى. ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك ناخشىلىرى پەلەككە ياڭرىدى، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھالى شۇنچە ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەيتتى. بۇ بىپايان دالادا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان تالاي ھېكايىلەر يۈز بەردى.
غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى ھىندىقۇش ئەتراپىغا كەلدى، ئۇلار پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەت ــ قارلۇق ( χaralɔq )لارغا قوشۇلدى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلار ھىندىقۇش تېغى ۋە چۇ دەرياسى بويلىرىدا بىر قۇدرەتلىك دۆلەت ــ قاراخانىيلار خاندانلىقى (χaraχan βolus)نى قۇردى. پايتەختى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇن (قۇز ئوردۇ 虎思斡尔朵 ) بىلەن پامىر ئېگىزلىكى باغرىدىكى قەشقەردە قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بۈزرۈكۋار بوۋىسى سۇتۇق بۇغراخان بولۇپ، ئۇلار سۇتۇق بۇغراخان دەۋرى (مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى)دا ئىسلام دىنىغا كىردى. ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. ئۇلار دائىم قەشقەر، خوتەندىكى ئۇيغۇر بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى.

قاراخانىيلار خانىدانلىقى پۇقرالىرى ئىچىدە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قارلۇقلار، ئۇيغۇرلار، تۈركەشلەر ۋە ساك تىلى (ھىندى ـ ياۋروپا، ئىران تىللىرى قاتارلىقلار)دا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر، ھىندىلار، ئەرەبلەر ۋە ئالىكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغاندا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان يۇنانلىقلار، ماكېدونلارمۇ بار ئىدى. تېررىتورىيەسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان ۋە ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئافغانىستان، پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، قەشقەر تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى بولۇپ، بۇ جايدا تۈركلەرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى ــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، قەدىمكى داستانى ــ «قۇتادغۇ بىلىگ»دىن ئىبارەت ئىككى پارچە مەشھۇر ئەسىرى بارلىققا كەلگەنىدى.

مىلادىيە 1041 ـ يىلى، قاراخانىيلار خانىدانلىقى شەرقىي قاراخانىيلار، غەربىي قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي قاراخانىيلار يەنىلا بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى پايتەخت قىلدى، غەربىي قاراخانىيلار سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى پايتەخت قىلدى. ئىككى تەرەپ سىر دەرياسىنى چېگرا قىلدى.

12 ـ ئەسىردە، شەرقتىكى قىتان دۆلىتى مۇنقەرز بولدى. قىتان دۆلىتىنى موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ــ قىتان ( k.ət.an )لار قۇرغانىدى. قىتانلارنىڭ مەشھۇر ئىستېلاچىسى، تەۋەككۇلچى گۇرخان ( kur χa:n )يوللىغ تاشىن بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بالاساغۇننى بېسىۋالدى ۋە قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ

چوڭ قاغان دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شەرقىي قاراخانىيلار مۇنقەرز بولۇپ، قىتانلار قارا قىتان (χara k·ət·an) دۆلىتىنى قۇردى.
غەربىي قاراخانىيلار مىلادىيە 1072 ـ يىللار تۈركلەرنىڭ يەنە بىر تارمىقى قۇرغان سالچۇقىيلار خانىدانلىقىنىڭ قورچىقى بولۇپ قالغانىدى. 1141 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سەلچۇقىيلار خانىدانلىقىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى سەمەرقەندتە قارا قىتان قوشۇنى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە، بىرلەشمە قوشۇن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، غەربىي قاراخانىيلارمۇ قارا قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. 1212 ـ يىلى ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى خارەزىمشاھ سەمەرقەندنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار رەسمىي ھالاك بولدى.
شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى كەينى ـ كەينىدىن مۇنقەرز بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار يەرلىك ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى ھەمدە ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنى تۈركلەشتۈردى. ھازىرقى ئۇيغۇر ( 维吾尔 ) قەدىمكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر (维吾尔) بىلەن يۇغۇر (尧熬尔) ئەمەلىيەتتە، بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان ئىسىم، تەلەپپۇزىدىلا سەل پەرق بار.
ئۇيغۇر ئۇلۇسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» ( 甘州回鹘 ) ياكى «خېشى ئۇيغۇرلىرى» ( 河西回鹘 ) دەپ ئاتالغان. بەزى ئۇيغۇرلار ئۇلارنى «ساغان ئۇيغۇرلىرى» ياكى «ئاق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ مەنىسى ئاق ئۇيغۇر ( 白尧熬尔 ) ياكى ئاق ئۇيغۇر ( 白回鹘 ) دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ يەردە يەنە خېلى يىللار بۇرۇن، يەنى 7 ـ ئەسىردىلا

كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، يېڭى كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا قوشۇلدى. دەسلەپتە ئۇلار تاڭغۇتلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولدى. تاڭغۇتلاردىن چىسۇڭ دېزەن ۋاقتىدا، لىيەن خۇاسىڭنىڭ پىكرىگە ئاساسەن سانغۇن دا زالۇگۇڭ (شىنۇلۇ)نى چىڭخەيدىن ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. دا زالۇگۇڭ لەشكەر تارتىپ بيەندۇكۇ ئېغىزى ئارقىلىق ئىلگىرىلەپ گەنجۇ (هازىرقى جاڭيې)نى ئىشغال قىلىپ، شەهەر ئىچىدىكى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردىكى باداخۇرلار (گەنجۇ ئەتراپىدىكى ساغان ئۇيغۇرلىرى)نى بۇلىدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ساڭرامىدىكى بىخەي شىزاڭغا ئاپىرىپ سانيۇەن ساڭرامى (بەزى مەنبەلەردە گەندەن ساڭرامى دېيىلىدۇ)نىڭ هامىي ئىلاهى قىلدى. كېيىن تاڭغۇتلار ئاجىزلاپ، ساغان ئۇيغۇرلىرى تەدرىجىي كۈچەيدى، ئۇيغۇرلار گەنجۇنى ئاستانە قىلىپ، شەرقتە لەنجۇ، تيەنشۈي، خېلەنشەن تېغىدىن تارتىپ غەربىي شىمالدا خېلوچۇەن (ئېجىنا دەرياسى ۋە بادەن جىلىن چۆلى)، غەربتە دۇنخۇاڭ ۋە هازىرقى گەنسۇ، شىنجاڭ چېگراسىغىچە، جەنۇبتا چىلانتاغ ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلارنى، جۈملىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلدى. ساغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، دېهقانچىلىق، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىمۇ قىلدى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربىي يۇرت، هىندىستان، رىم قاتارلىقلار بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتتى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىردىن 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا داڭشياڭلار (قەدىمكى مىللەت نامى، چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى — تەرجىماندىن) نىڭشيا ئەتراپىدا تاڭغۇت دۆلىتىنى قۇردى. داڭشياڭلار تاڭغۇتلارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان ئىنتايىن مۇرەككەپ مىللەت ئىدى. ئۇلار بىرخىل تاڭغۇت تىلى (زاڭزۇ تىلىنىڭ بىر خىلى)دا سۆزلىشەتتى. تاڭغۇت دۆلىتى كۈچەيگەندىن كېيىن، مىلادىيە 1001 ـ يىلىدىن باشلاپ خېشى

رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىدىكى تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ساغان ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇڭ سۇلالىسى ۋە چىڭخەي ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ تاڭغۇت دۆلىتىگە قارشى تۇردى، ئۇرۇش 30 نەچچە يىل داۋام قىلدى. ئاخىردا تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ ياش پادىشاھى لى يۈەنخاۋ لەشكەر تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ گەنجۇنى بېسىۋالدى. ساغان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى گەنجۇدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى قايتا تەشكىللەپ بيەنداۋ ئۆتىڭىدىكى تاڭغۇت قوشۇنىغا كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. مەغلۇپ بولۇپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن جاي ـ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا تاپشۇردى. قاغان قايتىدىن يەنە قوشۇن تەشكىللىدى. قاغاننىڭ ئوغلىنى تاڭغۇت دۆلىتى قوشۇنى ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىن، قاغان لەشكەر تارتىپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ چىلانتاغنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن تاغلىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتتى. شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇن چېكىنىشتە تېغىغا كەلگەندە قاغاننىڭ كونا يارىسى قوزغىلىپ قازا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ساغان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى مەغلۇپ بولدى. قاغاننىڭ ئوغلى تاڭغۇت دۆلىتىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ)غا كەلدى. خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مانا مۇشۇنداق مۇنقەرز بولدى. مىلادىيە 1036 ـ يىلى تاڭغۇتلار خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى تامامەن بويسۇندۇردى. بۇ يەردىكى ساغان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچۈپ كەلدى. يەنە بىر قىسمى پاناھ ئىزدەپ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى تاڭغۇتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە بېرىپ قوشۇلدى، كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلارغا سىڭىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى

هازىرمۇ ئۇزلىرىنى «خور» «霍儿» دەپ ئاتايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا خېخۇاڭ رايونىدا ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تاڭغۇتلارغا تەسلىم بولدى. كېيىن گەنسۇ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتتى. خېشى رايونىدىكى ساغان ئۇيغۇرلىرى مىلادىيە 840 ـ يىلى گەنجۇغا كېلىپ، كېيىن تاڭغۇتلار دۆلىتى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغانغا قەدەر گەنسۇ ئەتراپىدا 200 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈردى، بۇ جەرياندا جەمئىي ئون نەپەر قاغان ئۆتتى.

ئۇيغۇر ئۇلۇسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈپ كەتكەن قاغان قاسەر قاغاننىڭ ئىنىسى ئونمىس ۋە ئوكى تېكىن (كېيىنكى ئۇگا قاغان)لار باش بولدى. ئونمىس باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 842 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ئۇلار ئىچكى موڭغۇلنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە سەنشى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ قېرىندىشى ئالىج قاتارلىقلار فامىلىسىنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىپ لى فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئىسىملىرىنى لى سىجۇڭ(李思忠)، لى سىچى (李思齐) دەپ ئاتىدى. ئۇلار تەدرىجىي خەنزۇلىشىپ كەتتى. ئوكى تېكىن باشچىلىقىدىكى جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئوكى تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئۇ ئۇگا قاغان (uga χaːn) دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ھاڭجىنخو خوشۇنىدىكى ئۇگا دەرياسىنىڭ 300 كىلومېتىر شىمالىدا بولغان، كېيىن داتۇڭجۇن (ھازىرقى سەنشى داتۇڭ)نىڭ شىمالىدىكى لۇمىنسەن دېگەن جايغا يۆتكىدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن قىرغىز قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى ۋە قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇگا قاغان قېلىپ قالغانلارنى باشلاپ بىر مەزگىل پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر سەرسانلىق تۇرمۇشىغا مەجبۇر بولدى. 842 ـ يىلى قىشتا سوغۇق ۋە ئاچلىق ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ

تۆگىدى. مىلادىيە 846 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىگە كەلگەندە، بۇ بىتەلەي قاغان سەرسان بولۇپ قوبى ئالتاي (ھازىرقى موڭغۇلىيەدە) غا كەلگەندە ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇگا قاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوۋمى يەنە بىر قېتىم تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. قېلىپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تاغلاردا، ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاھالىگە ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى.

تۈركلەرنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدە جەسۇرانە دەۋران سۈرگەن تارىخى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭىچە تۇرمۇشنى باشلىدى. ئەمدى تۆۋەندىكى بابتىن باشلاپ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرۇلۇق مەخسۇس توختىلىمەن.

# دەسلەپكى سېرىق ئۇيغۇرلار

ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەنگەن ئۇيغۇرلار ( 尧熬尔 ) دەل هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار، تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىدۇر. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار، يەنى يۇغۇر مىللىتى بۇ كىتابتىكى ئاساسلىق پېرسوناژلاردۇر.

كەڭ مەنىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر (西拉尧熬尔) لار بىلەن تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر (撒拉尧熬尔) نىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، «يۇغۇر مىللىتى» (裕固族) مۇشۇنداق ئاتالغان. ئوخشىمايدىغان يېرى، تۈركچە بىلەن موڭغۇلچىنىڭ ئىنتوناتسىيە پەرقىدىن كېلىپ چىققان. (西拉尧熬尔)لار موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، (撒拉尧熬尔)لار بولسا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، « 西拉 » بىلەن « 撒拉 » موڭغۇل ۋە تۈركىي تىلىدا ئوخشاشلا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تار مەنىدىكى سېرىق ئۇيغۇر (西拉尧熬尔)لار پەقەت موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلارنىلا كۆرسىتىدۇ، سېرىق ئۇيغۇر (撒拉尧熬尔)لار بولسا، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە كەڭ مەنىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان

سېرىق ئۇيغۇرلار (西拉尧熬尔) ياكى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار (撒拉尧熬尔) دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلىدى. بۇ ئاتالغۇلار ئوخشاشلا بارلىق يۇغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

يۇغۇرلار ئارىسىدا نېمە سەۋەبتىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بولىدۇ؟ ئەسلىدە ئەڭ دەسلەپكى سېرىق ئۇيغۇرلار دەسلەپتە هۇن قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. هۇنلار غەربكە كۆچكەندە، هۇن ئىتتىپاقىنىڭ بىر گۇرۇھى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى هۇنلارغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچتى. بۇ ئۇيغۇرلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار (تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغانىدى. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە، جەنۇبىي رۇسىيە ۋە ۋېنگرىيەدىكى هۇنلار ئارىسىدا سېرىق ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ئۇلار هۇنلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئاخىردا هۇنلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي ياۋروپادىكى مىللەتلەر ئارىسىغا سىڭىشىپ كەتتى. قېلىپ قالغان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يەنىلا موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، كېيىنكى ئۇيغۇر ئۇلۇسى (ئۇيغۇر قاغانلىقى) دەۋرىدە، ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئالتاي ئەتراپلىرى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمال تەرەپلىرىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقىدۇر.

قەدىمكى زاماندا، هۇن، ئاۋار، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارنىڭ قەبىلىلەرنى ۋە يۈنىلىشىنى رەڭگە قاراپ پەرقلەندۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. دېمەك، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ياكى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار دېگىنىمىز ــ غەربىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ

كـېيىنـكى «سىېرىـق تاتارلار»، «سېـرىق موڭـغـۇللار» (غەربـىـي موڭغۇل ئويراتلىرى) دېگەنلەرگە ئوخشايدۇ. يەنە مەسىلەن، «كۆك تۈرك»، «كۆك موڭغۇل» دېگەنلەر مەركىزىي رايوندا مـاكانلاشقـان تـۈركلەرنى، مـوڭغۇللارنـى كۆرسىتـەتتى. شۇنـىڭ بىلـەن بىللـە، ئاسمـانىنـىڭ رەڭـگى كۆك، تـەڭـرىنىـڭ ئـوغۇل ـ قىـزلـىرىنىـڭ رەڭگىمۇ كۆك بولۇشى كېرەك. شامان دىنىدا ئېسىل ئىرق كـۆك رەڭلىـك بولىدۇ، دەپ قـارىلاتتـى. كـۆچمەن چـارۋىـچىلار ئـالـەم مەنبەسـىنىڭ مەركـىزى كۆك بولـىدۇ، دەپ قارايتـتى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا كۆك ئاتالغانلار ئومۇمەن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىكىلەرنى كـۆرسىتەتـتى. ھۇنلار، ئـاۋارلار، تـۈركلـەر، ئـۇيغـۇرلار، موڭغۇلـلار بىردەك غـەربـنى سېـرىـق، شـمال ۋە مـەركـەزنى كـۆك، جەنۇبـنى قىزىـل ۋە قارا، شەرقنـى ئاق رەڭ بىلەن پەرقلەندۈرگەن. مـەسىلـەن، سـاغـان سەلەڭگـەس (tʃaka:nsələnŋGəs) دېگەنىنىڭ مەنىسى «ئاق كورىيانلار» دېگەنلىـك بولـۇپ، ماكانـى شـەرقتە ئـىدى. «قارا قىـتـان» (χara χjatad) دېگەنىنىڭ مەنىسى «قارا قىتان» دېگەنلىك بولۇپ، ماكانى جەنۇبتا ئىدى. «قارا تاڭغۇت (χara tang Gut ) دېگـەنىنىڭ مـەنىسى «قـارا زاڭزۇلار» دېگەنلىك بـولـۇپ، مـاكـانى غـەربـىي جـەنـۇبتـا ئـىـدى. سېـرىق ئـۇيـغـۇرلار （西拉尧熬尔） دېـگەنىنـىڭ مەنـىسـى «سېرىق يۇغۇر» ياكى «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەنلىك بـولـۇپ، ماكانـى غەربتە ئىدى. كۆكۈ موڭغۇل (khɸmong Gaol) دېگەنىنـىڭ مەنىسـى «كۆك موڭغـۇل» دېگەنلـىك بولۇپ، مـاكانى شـىمال تەرەپتـە ۋە مەركىزىي رايونـدا ئىدى. كۆك تـۈرك (hkɸ:t ′ urk) (库 库 突厥) دېگـەنىنىڭ مـەنىسى كـۆك تۈرك ( 蓝突厥 ) دېگەنـلىك بـولـۇپ، بۇرۇنقى مـاكانى شـمال تەرەپـتە ۋە مەركـىزىي رايوندا ئـىـدى. قـەدىمكى زامـان تۈركلـەرنىڭ ۋە مـوڭغۇلـلارنىڭ «بەش خىـل رەڭلىك دۆلەت» دېگىنى ئاق، قـىزىل، سېـرىق، كۆك، قارا بـەش خـىل رەڭدىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار ئايرىم ـ ئايـرىم ھالدا شـەرق (ئاق)، جەنۇب (قىزىل ياكى قارا)، غەرب (سېرىق)، شـمال ياكـى

مەركىزىي رايون (كۆك)كە ۋەكىللىك قىلىپ، بەش رايون (دۆلەت) ۋە مىللەتنى بىلدۈرەتتى. يەنە بىر قىسىم رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «قارا» غەربكە ۋەكىللىك قىلىدىكەن، ئۇ يەردىكى خانتەڭرى (ئاسمان ئىلاھى) كىشىلەرگە يامغۇر ئاتا قىلغان؛ «قىزىل» شەرققە ۋەكىللىك قىلىدىكەن، چارۋىچىلارنى چۈشىنىدىغان ھەم ئۇلارغا تەسەللى بېرىدىغان چولپان يۇلتۇز شۇ جايدا تۇرىدىكەن، نۇر شۇ يەردىن تارقىلىپ، كىشىلەرگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىدىكەن؛ «ئاق» شىمالغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن، زېمىننى پاكلايدىغان شامال ۋە سوغۇق شۇ جايدىن كېلىپ، كىشىلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە جاسارەت بېغىشلايدىكەن. ئەڭ قورقۇنچلۇق «ئاق ئاپەت» شۇ يەردە ئىكەن؛ «سېرىق» جەنۇبقا ۋەكىللىك قىلىدىكەن، ياز ۋە ئىسسىق شۇ يەردە ئىكەن. ھەربىر تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا خانتەڭرىسى (χan:tenker) بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، تىبەت بۇددا دىنىدىكى «بەش تەرەپنى ئىپادىلەيدىغان رەڭ» بۇنىڭدىن سەل پەرقلىنىدىكەن. ئۇنىڭدا شەرق سېرىق رەڭ بىلەن، جەنۇب قىزىل رەڭ بىلەن، غەرب ئاق رەڭ بىلەن، شىمال قارا رەڭ بىلەن، مەركەز كۆك رەڭ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بەزى تۈركلەرنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ تەرەپلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى يۇقىرىدىكىگە ئوخشمايدۇ. ئۇلار مەركەز (سېرىق)، شىمال (قارا)، غەرب (ئاق)، شەرق (كۆك)، جەنۇب (قىزىل) دەپ قارايدىكەن. قەدىمكى زاماندا خەنزۇلاردا يەنە شەرقنى كۆك، جەنۇبنى قىزىل، غەربنى ئاق، شىمالنى قارا دەيدىغان رىۋايەت بار ئىدى. تاڭغۇتلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە قارا — خەنزۇلارنى ، ئاق — ھىندىلارنى، سېرىق — رۇسلارنى كۆرسىتىدىغان رىۋايەت بار. يەنە ئاق چېدىرلىق خۇرلار، سېرىق چېدىرلىق خۇرلار، قارا چېدىرلىق خۇرلار دەيدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يەنە مەسىلەن، ئاق تاتار، قارا تاتار، ئاق تۈرك، قارا قالپاق، قارا قىرغىز، قارا ياغما، سېرىق

تۈركەش، ئاق موڭغۇل، ئاق ئۇيغۇر... دېگەندەك نۇرغۇن ئاتالغۇلار بولغانىكەن. مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قەبىلىسى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ نامى ھەققىدە ئادەتلەنگەن ئوبرازلىق ناملىرى بولغان. بۇ ئاددىي پۇقرالار مۇنداقلا ئاتاپ قويغان ناملار بولغان بىلەن، مۇنداق ئوبرازلىق ناملار كۆپ ھاللاردا مۇقىملىشىپ قالغان ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشقان، كىشىلەر تەرىپىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ نەزىرىدە ھەرخىل رەڭنىڭ مۇرەككەپ، چوڭقۇر مەنىسى ۋە ئوبرازى بار. مەسىلەن، سېرىق ئۇيغۇرلار كېيىن ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ شەرقتىكى بىر قوۋم بولۇپ قالغان، ۋاھالەنكى (西拉) (موڭغۇلچە شار — سېرىق دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى — تەرجىماندىن) غەربكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مىلادىيە 840 - يىلى قىرغىزلارنىڭ زور قوشۇنى پۈتكۈل سوغۇق بەلباغ يايلاقلىرىغا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، ئۇيغۇر ئۇلۇسى يىمىرىلىپ، ئۇلار تەرەپ - تەرەپلەرگە كۆچكەندە، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولۇپ، بۈگۈنكى يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. مىلادىيە 840 - يىلىدىن مىلادىيە 865 - يىلىغىچە ئۇلارنىڭ سانى 600 مىڭدىن 700 مىڭغىچە ئىدى. شۇ چاغلاردا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن جايلارنى تاڭغۇتلار كونترول قىلىپ تۇرغانىدى. پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ جايلارغا كەلگەندىن كېيىن تاڭغۇتلارغا بېقىنىپ جان باققانىدى. مىلادىيە 866 - يىلى ئەتىيازدا، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇنى بۆكېجۈن ( bɸgᴇʃad ) قەبىلىسىنى باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ تاڭغۇتلارنى مەغلۇپ قىلىپ،

تاڭغۇتلارنىڭ سانغۇنى لۇنكۇڭرا (لۇنشاڭزا)نى ئۆلتۈردى. لۇنكۇڭرا تاڭغۇت تۆرىلىرىنىڭ بىر چوڭ سانغۇنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بىپايان يايلاقلارنى ئىگىلەپ، شۇ جايدىكى تارقاق ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلەشتى. كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا، لوپنور كۆلى ئەتراپىغا، قۇرۇم ( 昆仑山 ) تاغلىرىغا جايلاشتى. موڭغۇل تىلىدا قوللىنىدىغان «سېرىق ئۇيغۇرلار يەنە تەڭرىتېغى، ئالتاي ئەتراپىدىكى يايلاقلارنىمۇ ئىگىلىدى. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان بۇ سېرىق ئۇيغۇرلار بىرقەدەر مۇستەقىل ھالەتتە ياشىدى. ئەينى چاغدا ئالتۇنتاغ، تەڭرىتېغى، جۇڭغارىيە، ئالتايلاردىكى تارقاق جايلاشقان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا، قارا خانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا، تارىم ۋادىسىدا، تۇرپان بوستانلىقىدىكى شەھەرلەردىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەزالىرى بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇلار نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچۈشكە باشلىدى، قىسمەنلىرى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچۈشكە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ بىرقىسمى بارا ـ بارا ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتى، پەقەت قاغان ۋە سانغۇن قاتارلىق رەھبەرلىرىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى ئاز ـ تولا ساقلاپ قالدى. ھەريىلى يازدا، ئالتايدىن كەلگەنلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىسسىقىغا چىدىمىغاندا، ئاتلىرىغا مىنىپ تەڭرىتېغىنىڭ يايلاقلىرىغا بېرىپ، بۇ جايلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ئۇيغۇرلار بىلەن يازنى بىللە

ئۆتكۈزدى. پۈتۈن ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۇلار قارچىغا، بۆركۈتلەرنى ئېلىپ ئۇچقۇر ئات ئۈستىدە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇلار بۇ يەردە جەڭ ئاتلىرىنى بېقىپ سەمرىتىپ كەچ كۈزدە ئاندىن قىشلىق سارايلىرىغا قايتىپ كېلەتتى. تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زېمىننى كونترول قىلدى. ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە سۇجۇ (جيۇچۈەن)غىچە سوزۇلغان بولۇپ، ساغان ئۇيغۇرلىرى («ئاق ئۇيغۇرلار»، يەنى «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن تۇتىشاتتى. ئۇلار بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش جاي ـ جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىپ باقتى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى يەنىلا «ئۇيغۇر ئۇلۇسى» (ئۇيغۇر قاغانلىقى) دەپ ئاتالغاندى. تۇرپاننىڭ شەرقىگە 70 چاقىرىم كېلىدىغان قارقوچۇ (قوچۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرمۇ خارابىسى بار) بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ پايتەختى بولغانىدى. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ياكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. بەزىلەر ئۇيغۇرئىستان ( 尧熬尔斯坦 ) دەپ ئاتىغان. «ئىستان» پارسچە سۆز بولۇپ، «رايون» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا دىنى مەركىزى ئىدى. غەربىي قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن توختىماي ئۇرۇشتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار يەنىلا قاراقوچۇدىكى ئۇيغۇر ئۇلۇسى قاغانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. پەقەت موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار نىسبەتەن مۇستەقىل ھالەتتە ياشىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار ھەددىدىن ئارتۇق راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدىغان مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى باشتىن ـ ئاخىر قوبۇل

قىلىندى.

12 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى. 1130 ـ يىلى قىتان باتۇرى يوللىغ تاشىن قوۋمىنى باشلاپ غەربكە كۆچتى. قىتان خان جەمەتىدىن بولغان يوللىغ تاشىن بىلىملىكلىكى، قابىلىيەتلىكى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارلىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. خەنزۇچە، قىتانچە يېزىقلارنى پىششىق بىلەتتى. خەنزۇلارنىڭ دانىشمەن ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە ئۇستاز بولغانىدى. تولىمۇ ئېھتىياتچان يوللىغ تاشىن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بىلگە قاغان (bilgɛ χa:n)غا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغانىدى. قىتانلار ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قىتان يېزىقىنى قوللىناتتى. يوللىغ تاشىن قوچۇدىن ئۆتكەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بىلگە قاغان ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغانىدى. قىتانلار موڭغۇل تىلىنىڭ بىر خىل شېۋىسىدە سۆزلىشەتتى، ئۇلار موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بىر ئىرقىي ئىدى. بىلگە قاغان ئېلچىسىن مەھكىمىسىدە قوي، كالا سويۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق بەزمە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ گۇرخان يوللىغ تاشىن قاتارلىق قىتانلارنى كۈتتۈۋالدى، ئۇيغۇر قاغانى يوللىغ تاشىننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن قىتانلارغا 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي تارتۇق قىلىپ، قىتانلارنى ئۆز چېگراسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىدا قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مەشھۇر تۈرك خانى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادلىرى خانلىق تەختىنى ئىستىلاچى يوللىغ تاشىنغا ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، قىتانلار ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراقىتان خانلىقىنى قۇردى. گۇرخان يوللىغ تاشىن «پادىشاھ تېپەنيۇ» (تەڭرى ھىمايە قىلغان پادىشاھ دېگەن مەنىدە) دەپمۇ ئاتالدى. قىتانلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ناھايىتى دوستانە ئىناق ئۆتتى. 1211 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالتايدىكى نايمان ئۇيغۇر

قەبىلىسىدىن قۇتلۇق ( kytʃlyk) قارا قىتانلار ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى سىياسىي جەھەتتە قارا قىتان خانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، موڭغۇل خانلىقى باش كۆتۈردى. 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇلۇسى (قوچۇ ئۇيغۇرلىرى)نىڭ قاغانى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بوغدا قاغان دەپ ئاتايدىغان بارچۇق ئارت تېكىن (bartʃuqart teg:n ) باش ۋەزىرى بىلگە بۇقا (بىلگە تۆمۈر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ ياردىمى بىلەن قاراقىتانلارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن باش ھەربىي ۋالىيسى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ موڭغۇل خانلىقى بىلەن ئالاقىلىشىپ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، موڭغۇل خانلىقىغا باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى موڭغۇل قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ باش قوماندان جەبە نويان ( dʒəb noyan ) باشچىلىقىدا غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئىنتىزامچانلىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازانغاندى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ۋە شىمالىي ھىندىستانغا كەڭ تارقالدى. بارچۇق ئارت تېكىن يەنە قوشۇن باشلاپ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بېرىپ جەڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جايدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى موڭغۇللارنىڭ بىر يەرلىك ھاكىمىيىتى بولۇپ قالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار يەنىلا ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا، لوپنۇر ئەتراپىدىكى تاغ چوققىلىرى ۋە چۆللەردە ياشىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغنى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى بولدى ۋە مەلىكە ئىل ئادۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلدى. بۇ

تارىخىي پاكىت موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ، «بوغداخان بىلەن چىڭگىزخان ھەققىدىكى ھېكايىلەر»گە ئايلىنىپ ھازىرغا قەدەر كەڭ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

# چىڭگىزخان دەۋرى

چىڭگىزخان بارلىق موڭغۇللارنى — تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىمپېرىيە قۇرغاندىن كېيىن، 1206 ـ يىلى نەۋ باھاردا موڭغۇل دالاسى شان ـ خۇراملىقىقا چۆمۈلدى. چىڭگىزخان ئونان دەرياسىنىڭ مەنبەسىدىكى يازلىق يايلاۋدا بىر قۇرۇلتاي ئاچتى. بۇ قىمىز مەزگىلى ئىدى، كىشىلەر قەدىمكى ئادىتى بويىچە بۇ ئارامبەخش بەخت شەربىتى بىلەن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ قۇرۇلتايدا چىڭگىزخان بارلىق موڭغۇللار ۋە تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ بۈيۈك قاغان، تەڭداشسىز خان ۋە پادىشاھ دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى پۈتكۈل ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيادا توپتوغرا 700 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەۋر سۈردى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىيىق ئۇيغۇرلاردىكى ياشانغان كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، كىشىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تالاي يىللارنى جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تېمۇرچىن (temudʒiŋ) ئىسىملىك بىر ئالىيجاناب موڭغۇل يىگىت كىشىلەرنى كۈلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ، تېمۇرچىن چىڭگىزخان كۆپ يىللارنى ئاھالىسى شالاڭ يايلاقتا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يولباشچىسى ۋە ياراشتۇرغۇچىسى بوپتۇ.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپىتىشىچە، چىڭگىزخان سىرتقا ئىشىكنى ئىپچىۋىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. ئۇ بويسۇندۇرغان جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويغان. شۇڭا، نۇرغۇن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىرقتىكى مىللەتلەر بىرجايدا ئىناق - ئىپچىل ياشىغان. ئۇ ھەرخىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەرخىل دىنلارغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللانغان. ھەممە دىنلار ھۆرمەتلەنگەن، بارلىق بىلىملىك كىشىلەر قارشى ئېلىنغان، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن. ھەرخىل مىللەتلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن، مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆزئارا ئالماشقان ھەمدە گۈللەنگەن. سودا - سېتىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، ئىقتىساد يۈكسەلگەن. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر كۆپلىگەن ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىلغان تۆگىلەرنى يېتىلەپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، ئۆزى يالغۇز زېمىنىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە بىمالال بارالايدىكەن، يولدا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىمايدىكەن، مانا بۇ مەشھۇر بولغان «موڭغۇل تىنچلىق» دەۋرىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەيلى موڭغۇللار بولسۇن ياكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە تۇنگۇس تىللىق مىللەتلەر بولسۇن، ھەممىسىلا چىڭگىزخاندىن ئىبارەت بۇ جاھاندا تەڭداشسىز ئەزىمەتنى، يايلاق قەھرىمانىنى سەممىي ياد ئېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ھېكايە قىلىشىدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ كۆچمەن چارۋىچى قوۋمنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

1226 - يىلى يەتتە يىل داۋاملاشقان غەربكە يۈرۈش قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغان چىڭگىزخان ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا

ئاسىياغا قايتىپ كەلگەن سۈبۈتاي نويان (soukt noyan)نى قوشۇننى باشلاپ شەرققە قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. شەرقىي ياۋروپا ۋە ئاسىيانى بويسۇندۇرغان سانغۇن شەرققە قايتىش سەپىرىدە ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالى ئېتەكلىرىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن سانغۇننىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەينى چاغدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقى، ئالتۇنتاغ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھېچقانداق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىمىغانىدى. چۈنكى، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خانى بارچۇق ئارت تېكىننى چىڭگىزخان بەشىنچى ئوغلى (ئاتاق ئوغلى) قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ زېمىنى بۇرۇنقىدەكلا «ئۇيغۇر ئۇلۇسى» دەپ ئاتىلىۋەردى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار نامدا يەنىلا بارچۇق ئارت تېكىنگە تەۋە بولدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە سۈرۈلۈپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىنىگىمۇ نەچچە يۈز يىل بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئالتۇنتاغ يايلاقلىرىدا ۋە لوپنور ئەتراپىدىكى قۇملۇق، يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدىكى شەھەرلەردە، يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات يولىغا ماڭدى.

سۈبۈتاي نويان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا مەمۇرىي باشلىق — دارۇغاچ (tarugtʃi ) تەسىس قىلغان بولۇپ، دارۇغاچىلىققا ئادەتتە بىردەك موڭغۇللار تەيىنلىنەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۆزلىرىنىڭ

ئاساسلىق ئائىلە تەۋەلىرى ۋە ئادەتتىكى چارۋىچىلارنى باشقۇراتتى. سۇبۇتاي نويان قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ خېشى، چىلانتاغ ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى ساھىلىغا كەلگەندە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن لەشكەر ئالدى. ئەينى چاغدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نۇرغۇن قوشۇنلىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۈرۈش قىلدى. چاڭجياڭ، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىلىرىدا ئۇيغۇر سەردار، لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتمىگەن يەر قالمىغانىدى. سۇبۇتاي نويان سېرىق ئۇيغۇر خانى ھەدىيە قىلغان ياخشى ئات ۋە ئۆزى ئالتۇنتاغدا ئوۋلىغان ياۋا تۆگىلەرنى ئېلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ تويتوغرا ئون يىلدىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى ئوگېداي ئىككىنچى قېتىملىق غەربكە يۈرۈشنى تەشكىللەشكە باشلىغان بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردىن لەشكەر ئېلىپ موڭغۇل قوشۇنىنى تولۇقلىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن ياشلار سۇبۇتاي قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنىغا كىردى. 1236 ـ يىلدىن 1224 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيە، پولشا ۋە ۋېنگرىيە قاتارلىق ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا زېمىنىدا ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن يەر قالمىدى.

يۈەن سۇلالىسى — موڭغۇل خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇيغۇرلار رايونى بەشبالىق ئۆلكىسىگە قاراشلىق بولۇپ، كۇسەن تارىم ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر مەزگىل موڭغۇل ئەمىرلەشكەر ۋۇخۇنلى (زاستاي جەمەتىدىن)، قارىمىقىدا بولدى. بۇ جاي بىرمەھەل روناق تېپىپ گۈللەندى. موڭغۇل خانلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا نۇرغۇن ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇلاردىن لوپ (lop)، كەتەك ( ketek )لەر داڭلىق ئىدى. لوپ شەھىرى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا يېقىنلا جايدا ئىدى. كەتەك

چاقىلىقتىن خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يولنىڭ مەلۇم جايىدىن جەنۇبقا يەنە ئۈچ كۈنلۈك يولدا ئىدى. هازىر بۇلارنى ئاللىقاچان قۇم بېسىپ كەتتى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا تۇرۇشلۇق موڭغۇل قوشۇنلىرى پات ـ پاتلا تەڭشىلىپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋۇخۇنلى، ماڭگېلا، بېسۇدەي، ئاياچ، ئورۇچ، تېمۇر بۇقا، جۆسبەن قاتارلىقلار بار. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىچكى كۈرىشىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ بېيجىڭدىكى قۇبىلاي هۆكۈمىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىۋالغان قايدۇ ( χaidou چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوگىداينىڭ نەۋرىسى) ۋە دۇۋا ( douwa چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى)نىڭ كۈچىدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن، جەبە ( dʒəb چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ ئەۋرىسى)نى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى، خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇبىلاي خاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بىر نەۋرە قېرىنداشلىرى قايدۇ، دۇۋالارنىڭ قۇبىلاي خان ئوردىسى بىلەن 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت (1269 ـ يىلدىن 1307 ـ يىلغىچە) داۋاملاشقان نىزاسى ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا، قايدۇ، دۇۋالار ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، قۇبىلاي خان ئوردىسى يەنە پۈتۈن دۇنيانىڭ تەڭدىن تولىسىنى سورايدىغان هۆكۈمرانغا ئايلانغانىدى. مىلادىيە 1304 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبىلاي جەبەنى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى بەھەيۋەت ۋاڭلىقىغا تەيىنلىدى، ئارقىدىنلا بىر ۋاڭلىققا ئۆستۈردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىل داۋامىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىزچىل تۈردە جەبەنىڭ ئەۋلادلىرى

(نىڭۋاڭ ۋە بىنۋاڭ دەپ ئىككى سىستېمىغا بۆلۈنگەن) باشقۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ھەم تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار، ھەم موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار، ھەم كېيىن موڭغۇل خانلىرىغا ئەگىشىپ ئىلگىرى ـ كېيىن كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇللار بار ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدا، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا ئاساسلىقى قومۇل ئەتراپىدىكى بەھەيۋەت ۋاڭ (كېيىن تەنتەنىلىك ۋاڭغا ئۆزگەرتىلگەن) باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا ۋە ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تىنچلاندۇرغۇچى ۋاڭىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا تايانغانىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭى، قومۇل ۋاڭى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلاي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ ئەۋلادىدۇر. شۇڭا، ئۇلار مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمىدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىدە سەككىز خوشۇنلۇق ئەسكەر تۇرغۇزدى. قۇبلاي خاننىڭ بۇ ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇشتىكى مەقسىتى، ئۆزىنىڭ غەربىي شىمالدىكى بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ سەككىز قەبىلە ۋە سەككىز خوشۇنلۇق لەشكەرلەر ئىچىدىكى تۈركىي تىللىق ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار دەل ھازىرقى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىدۇر. كېيىن مىڭ سۇلالىسى مۇشۇ سەككىز قەبىلە ئاساسىدا سەككىز ھەربىي ياساۋۇلخانا تەسىس قىلدى. مىڭ سۇلالىسى بۇ سەككىز قەبىلىدىن ئۆزلىرى ئەسىرگە ئالغان بىر قەبىلىنى يالاپ سەندۇڭنىڭ بىگسەن، دۇڭچاڭ دېگەن جايلىرىغا ئېلىپ باردى. شۇڭا، كېيىنكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يەتتە قەبىلە بولۇپ قالغان. ئۇلار تولو ئوتوك (taolo ɔtok) دەپ ئاتالدى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە پەرقلەنگەندىن باشقا، چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. بۇ جايدىكى موڭغۇللار باشتىن ـ ئاخىر موڭغۇل تىلىنى قوللانغانىدى، موڭغۇلچە چاپان كىيگەنىدى. ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار شەرققە كۆپۈپ چىلانتاغ ئەتراپىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ياكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتاشقا باشلىدى، لېكىن ئۇلار يەنىلا موڭغۇل تىلىنى قوللاندى. موڭغۇل تىلى بۇ جايدا تۈركىي تىلى، تاڭغۇت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇل تىلىنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار تەدرىجىي راۋاجلىنىپ تىپىك تۈرك ــ موڭغۇل تىپىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئىتتىپاقى گۇرۇھىغا ئايلاندى. موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى بەزىلەر «موڭغۇل ئۇيغۇر» دەپ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى «تۈرك ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ شار (西拉) ئۇيغۇر ياكى سارى (撒里) ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان. بۇ ئىككى خىل ئىسىم كەڭ مەنە جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، شار، سارى ئوخشاشلا سېرىق دېگەنلىكتۇر. مۇشۇ ۋاقىتتىكى شار ئۇيغۇرلار ياكى سارى ئۇيغۇرلار يەنىلا دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بىر ئىرقتىكى ئىتتىپاقداش گۇرۇھ ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىي ئىتتىپاقداش گۇرۇھ ئىدى. بۇ سىياسىي ئىتتىپاقداش گۇرۇھنىڭ تەركىبىدە يەنىلا بىرنەچچە خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىرقلار بار ئىدى. بۇ ئىسىمنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ماكان ۋە زامانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇردى.

شۇ ۋەجىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى تېزلىشىپ، ھەرقايسىسى بىر ـ

بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات يولىرىغا ماڭغانىدى. مانا ئەمدى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار (يۇغۇر مىللىتى) ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر پەيدا بولدى. لېكىن، ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بىر تۇغقان مىللەتلەردۇر. ئۇيغۇرلار، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە، رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تاكى ھازىرغىچە ئۆزىنى «ئۇيغۇر» (尧熬尔) دەپ ئاتايدۇ.

14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان موڭغۇل بەگ ـ تۆرىلىرى بارا ـ بارا تۈركلىشىپ ۋە ياۋروپالىشىپ يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى موڭغۇلچىنى تۈزۈك سۆزلىيەلمەيدىغان، تۈرك تىلى ۋە باشقا تىللارنى قوللىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى موڭغۇل چاغاتاي ( tsaχate )نىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەدرىجىي مۇسۇلمانلاشقان بولۇپ، چاغاتاينىڭ موڭغۇل خان، ۋاڭلىرى شىنجاڭدا قورال كۈچى بىلەن شەرققە ئىسلام دىنىنى تارقىتىدىغان ئاۋانگارتقا ئايلاندى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوشنىسى، ئالتۇنتاغ ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە بىر قىسىم موڭغۇللار يەنىلا ئەنئەنىۋى شامان دىنى ۋە كېيىن تارقالغان بۇددا دىنىنى ساقلاپ قالغانىدى.

# كۆچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدا (1)

دەسلەپتە، خېشى ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ چېگرالىرى تۇتىشىدىغان جايلارنى باشقۇرىدىغان موڭغۇل ۋاڭى جەبەنىڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابى گەنجۇ (جاڭيې)دا بولۇپ، يەرلىكلەر ئۇنى «تاتار كۈرەسى» (ئورنى كونا شىلەيسى ساڭرامى ئەتراپىدا) دەپ ئاتىغانىدى. گەنجۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە يۈەن سۇلالىسى گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، «گەنسۇ» دېگەن نامنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار گەنجۇ ۋە سۇجۇدىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنىڭ نامىدىكى ئىككى باش ھەرپىنى ئېلىپ قوللانغانىكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، سانغۇن لاڭكو تېمۇر مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن گەنسۇدا بىرقانچە يىل جاپالىق جەڭ قىلدى. ئۇ بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ سانغۇنى فېڭ شېڭ بىلەن خۇيزۇ سانغۇن لەن يۈ قاتارلىقلار لەشكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، سان ـ ساناقسىز ئات، كالا، قويلارنى بۇلاپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى قىرغىن قىلدى. گەنجۇدا تۇرۇشلۇق موڭغۇل ۋاڭ، بەگلەر خېشىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە غەربكە قاراپ قاچتى. بۇلاردىن بىر قىسىم ئادەملەر ئۇيغۇرلار چارۋا باقىدىغان تاغلىق رايونلارغا قېچىپ باردى. مىڭ سۇلالىسى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭمۇ قېچىپ قارا قۇرۇم

( 昆仑山 ) تاغلىرىغا بېرىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە پەقەت ياۋا تۆگە، ياۋا كالا ئوۋلاپ يەپ جان باقتى. گەنسۇ، چىڭخەي موڭغۇللىرى موڭغۇل ئىگىزلىكىگە چېكىنگەندىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەندىن باشقا، قېلىپ قالغانلىرى مىلىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنداق بىر تۈزۈمى بار ئىدى، يەنى ھەرقانداق بىر كىشى بىر موڭغۇلنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا 50 سەر كۈمۈش مۇكاپات بېرەتتى. شۇڭا، موڭغۇللار ۋە غەربىي يۇرتلۇق (ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى)لار يىراق چۆل - جەزىرىلەرگە بېرىپ پاناھلانغان، ئىچكى جايلارنى دوزاخ، دەپ قارىغاندى.

چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت شەكلى بىرخىل تىپىك تۈرك — موڭغۇل تىپىدىكى ئىتتىپاقداش گۇرۇھ بولۇپ قالدى.

مىلادىيە 1368 - يىلى جۇ يۈەنجاڭ موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. مۇشۇ يىل ھەققىدە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. كەمىنە مۇئەللىپ يۇغۇر بوۋايلاردىن ئەن جېڭخۇ ۋە لاما بەيتۇستەن قاتارلىقلار سۆزلەپ بەرگەن مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىخ توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى رىۋايەتلەرنى توپلىدىم:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناڭ خاياتلار (naŋ χj:t ) (يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر) چىڭگىزخان قۇرغان خانىدانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە، بارلىق يېزا - قىشلاق، شەھەر - بازارلاردا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مەخپىي پىلان تۈزۈپ، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاۋۇز چاغىنىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان. شۇ كۈنگە كەلگەندە، ئۇقتۇرۇشنامىنى ئايتوقاچنىڭ ئىچىگە تىقىپ، تەرەپ - تەرەپتىن بىر - بىرىگە مەخپىي ئۇقتۇرۇش قىلغان. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆزئارا ئايتوقاچ سۇنىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ ھېچقانداق كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغىمىغان. مەخپىي

ئۇقتۇرۇشتا ناڭ خاياتلار يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر (ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك) لەشكەرلىرىنى بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ئۆلتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ، ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن جاي ـ جايلاردا تارقاق تۇرۇۋاتقان موڭغۇل، ئۇيغۇر لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلگەن، ھۆكۈمرانلارنىڭ لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى بالا ـ قازا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن، «8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى تاۋۇز چاغىنى»غا تېرىقچىلار كۆچمەن چارۋىچىلار ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن ۋەقەنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان. ساپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ بايرامنى ئۆتكۈزمەيدۇ. ھازىر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان قىسمەن سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ بايرامنى ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرى بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق بايرام، دەپ قارايدۇ.

يەنە بىرى، «قارا سار» ( χarasar ) ھەققىدىكى رىۋايەت.

قارا سار دېگەننىڭ مەنىسى «قارا ئاي» دېگەنلىكتۇر، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ھازىر بۇ بايرامنى «چاغان سار» ( tʃakan sar) دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئاق ئاي» دېگەنلىكتۇر. نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلار «چاغان سار»نى ئۆزگەرتىپ «قارا سار» دەپ ئاتىغان. چۈنكى، مۇشۇ ئايدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى (جۇ يۈەنجاڭ نەزەردە تۇتۇلىدۇ) باھار بايرىمى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار 1 ـ ئاينى «قارا سار» دەپ ئاتايدىغان بولغان، مەنىسى «قاراڭغۇ ئاي» دېگەنلىكتۇر.

كېيىن، ئىككى خىل ئاتىلىدىغان بۇ بايرام كىشىلەرگە چاغان سار (ئاق ئاي)نى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا،

«قارا سار» (قارا ئاي)دىكى كۆلپەتنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە بېشارەت بېرىدىغان بولۇپ قالغان. تاكى ھازىرغا قەدەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ شەرقىي قىسمىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىرخىل ئادىتى بار، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يېرىم كېچىدىن 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سۇبھىگىچە، بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر ئوتقاش ياكى قولچىرىغىنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىپسەنلىك سورايدۇ. ياشانغانلار كۆرۈشكەندە قۇچاقلىشىپ «مىندۇ» (mindu — مەنىسى «تىنچ ـ ئامان» دېگەنلىكتۇر) دەپ ئۆزئارا ئىپسەنلىك سورىشىدۇ. مانا بۇ بۇرۇنقى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يوقلاش، بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشتىن ئىبارەت خاتىرە پائالىيىتىدۇر. بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا يوقلىشىپ، ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشىپ، قايتا تەشكىللىنىش ئىستىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئادەتتە، ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئىشلارنى يېنىكلىك بىلەن ئېغىزغا ئالمايدۇ.

مىلادىيە 1375 ـ يىلى مەلۇم بىر كۈنى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى خانىنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ غەربىنى تىنچلاندۇرغۇچى بەھەيۋەت ۋاڭى بۇيان تېمۇر (bujan .temur)نىڭ قوشى (بارگاھى)غا كەلگەن. بۇيان تېمۇر كېيىنكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ باشچىسىنىڭ ئەجدادىدۇر. بۇيان تېمۇر كەلگەن ئەلچىنى ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇن بىلەن كۈتۈۋالغان. كېيىن بۇيان تېمۇر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەلچىسىنىمۇ كۈتۈۋالغان. يەنە ئالتاي ئەتراپىدىكى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ

ئەلچىسىمۇ كەلگەن. مانا مۇشۇنداق ئۈچ كۈچلۈك رەقىب ئوتتۇرىسىدا قالغان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىر مەھەل ئاتاقتا مىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى شەمئى جاھان ۋە كېيىنكى ئويرات موڭغۇللىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان. ئۇلار ھەر يىلى مىڭ سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى ۋە ئويرات موڭغۇللىرىغا سوۋغا ـ سالام بېرىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ سوۋغا ـ سالىمىنى خانغا ھەدىيە قىلىش ياكى ئولپان تاپشۇرۇش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كېيىن، كۈچلۈك مىڭ سۇلالىسى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سەككىز ئۇيغۇر، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلىپ يېرىم ھەربىي خاراكتېرىدىكى ياساۋۇلخانا تەسىس قىلىشقا باشلىدى. 1479 ـ يىلىغا كەلگەندە سەككىز ياساۋۇلخانا تەسىس قىلدى. بۇ سەككىز ياساۋۇلخانىنىڭ نامى: ئەندىڭ ياساۋۇلخانىسى، كۈسەن ياساۋۇلخانىسى، ئادۋان ياساۋۇلخانىسى، خەندۇڭ ياساۋۇلخانىسى، كۈيۇ ياساۋۇلخانىسى (خەندۇڭ سول قانات ياساۋۇلخانىسى)، قومۇل ياساۋۇلخانىسى، شاجۇ ياساۋۇلخانىسى، چىگىن موڭغۇل ياساۋۇلخانىسىدىن ئىبارەت. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بورۇنقى ھۆكۈمرانلىرىنى قوماندان، ياندىش تەپتىش قاتارلىقلارغا تەيىنلىگەن. لېكىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەمەلدارلارنى خان (χan)، نويان (noyan)، زايىسان (dʒesanŋ)، بەگ (peg)، قۇنتەيجى (χuntedʒi)، تەيجى (tdʒi)، داروغاچ (taruk) دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچى سېرىق ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، يەنىلا ئىمكانقەدەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالغاندى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇ

جايلاردا ياساۋۇلخانا تەسىس قىلغاندىن كېيىن، بۇ جايلارنىڭ ۋەزىيىتىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى، بۇ جايلارنى بىر تۇسۇق قىلىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋە ئالتاي ئەتراپىدىكى كۆندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭخەي، شىنىڭ رايونىدىكى تاڭغۇت چارۋىچىلىرى بىلەن موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇچىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن زېمىن ئىدى، بۇ جايغا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىدا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان، تېررىتورىيەسى دەسلەپتە تۇران (tulan) رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. تۇران موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈنلەي تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى كېيىنكى مەزگىللەردە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتۈن شىنجاڭنى ۋە بالقاش كۆلى، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. كېيىن بۇ جايلار «موغۇلستان» (monŋ Gaol sitan) دەپ ئاتالدى. «موغۇل» ـــ «موڭغۇل» دېگەن ئىسىمنىڭ باشقىچە تەرجىمىسىدۇر. بۇ شىمالدا ئالتايدىكى ئېرتىش دەرياسى ۋە بالقاش كۆلى، جەنۇبتا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراشەھەر ۋە پەرغانىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئاللاتتى. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى «ماڭلاي سۇيا» (manga lai sujah) دەپ ئاتالغان (ماڭلاي سۇيانىڭ مەنىسى كۈنگەي دېگەنلىكتۇر) بۇ رايون شىمالدا

ئىسسىقكۆل ۋە پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ جەنۇبتا قاراقۇرۇم تېغى باغرىدىكى ئېدىرلىقلارغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ موڭغۇل دوغلات جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانىدى. موغۇللار چاغاتاي خانلىقىدا يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ساقلاپ قالغان موڭغۇللار بولۇپ، ئۇلار چاغاتاي تېررىتورىيەسىدىكى تۈركلەشكەن موڭغۇللاردۇر، ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ ماۋرائۇننەھر (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلار) رايونىدىكى دېھقانچىلىق جەمئىيىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى ۋە يەرلىك ئاھالىلەرگە سىڭىپ كەتتى. «موغۇل» ۋە «چاغاتايلار»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىسىم بارا ـ بارا ئىككى رايون، ئىككى خىل ئىقتىسادىي تىپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى سىياسىي گۇرۇھقا تەۋە موڭغۇللارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنىڭ ئالماش ئىسمى بولۇپ قالدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى شەمئى جاھان دەۋرىدە، ئۇ بىر مەزگىل موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى كونترول قىلدى.

يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، سىياسىي ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى موڭغۇل ۋاڭلار بىلەن ئويرات موڭغۇللىرى ئارىسىدا قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى بولغان ھەم مۇنداق مۇناسىۋەت جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشقانىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى دائىم ئويرات موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى جەڭگى ـ جېدەللىرىگە ئارىلىشىپ تۇراتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ نويانى بىلەن ئويرات قۇنتەيجىسى جىيەن تاغا» دەيدىغان گەپ بار. 15 ـ ئەسىردە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن

بىرلىكتە غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلاشقان موڭغۇل خانلىرىغا تاقابىل تۇردى. چاغاتاي موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بارا - بارا تۈركلەشتى ۋە مۇسۇلمانلاشتى. مەشھۇر تۇغلۇق تۆمۈرخان (ək temurχa:n tokaol) ياش ۋاقتىدىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئىلىلىق موڭغۇل بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسىدۇر. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى قىدىرخوجا دۆلىتىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر ئۇنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ئەكېلىپ پاناھلاندۇرغانىدى. لېكىن، قىدىرخوجا خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان غەيرىي مۇسۇلمان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى. چاغاتاي موڭغۇل خان - ۋاڭلىرى تاشكەنت، سەمەرقەند، قەشقەر، ياركەنت (يەكەن)، ئاقسۇ، تۇرپانلارغا كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى، بۇ جايلارمۇ ئۇلارنىڭ خان قونالغۇسى ئىدى، تالاس تۇزلەڭلىكى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى ئۇلارنىڭ يازلىق تۇرالغۇسى ئىدى. بۇ مىسلىسىز مالىمانچىلىق دەۋرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ ئىزى چاغاتاي زېمىنىنى قاپلىغانىدى. تاشكەنت بوستانلىقى، تالاس ۋادىسى، قىشتا مۇز تۇتمايدىغان ئىسسىقكۆل بويلىرى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى، تۇرپان، قومۇللاردا ئۇلار ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن سان - ساناقسىز جەڭلەرنى قىلدى. شەرق تەرەپتە، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، قۇرۇم تاغلىرى، چايدام چۆللىرى، سۇرتولى دەرياسى، شىڭشىڭشيادىن داڭخې دەرياسىغىچە بولغان جايلاردا جازا يۈرۈشى قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، جەسەتلىرى چۆل - جەزىرىلەردە قەبرىسىز قالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارغا

ئوخشاش ئادەتتە چارۋىلىرىنى باقسا، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى سەپكە ئاتلىناتتى.

15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي خانى ئۇۋەيسخان ( βes χa:n ) موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇ زامانلاردا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ياۋا تۆگە ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇۋەيسخان ھەر يىلى لەشكەر باشلاپ كېلىپ قورشاپ ئوۋلايتتى. ئۇ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان نۇرغۇن سىرىق ئۇيغۇرلارنى بۇلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەئىدخان ( sejita χ:an ) 1514 ـ يىلى يىللىرى كۆپ قېتىم ئالتۇنتاغقا يۈرۈش قىلىپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇ ئىككى خان بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرىنى قىرغىن قىلدى ۋە ئەسىرگە ئالدى. ئەسىرگە ئالغان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ قۇل قىلدى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مىڭ سۇلالىسى باشتىن ـ ئاخىر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچى دەپ قاراپ، ئۇلارنى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۇشتى» دەپ ئاتىدى. 1412 ـ يىلى قىشتا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسىنىڭ يەرلىك باشلىقى لى يىڭنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. لى يىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تاڭغۇت ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولۇپ، ئۇ لەشكەر تارتىپ سۇرتولىنىڭ غەربىدىكى بىر جايدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، شۇ كۈنى قېلىن قار يېغىپ

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يېڭىلدى. لى يىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن 360 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قالغانلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ يالاپ ئەكەتتى. 1425 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەلچى چياۋ لەيشى، دىڭ چېڭلارنى شىزاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ تۆگىلىك قوشۇنى چىڭخەي كۆلىنىڭ شىمالىغا كەلگەندە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن سانگې ۋە سانجىس قوشۇن باشلاپ بېرىپ مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرەتتى. بىر يىلدىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مۇشۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ غەربىنى تىنچلاندۇرۇش ياساۋۇلخانىسىنىڭ يەرلىك باشلىقى لى يىڭ ۋە خېجۇ ياساۋۇلخانىسىنىڭ قوماندانى كاڭ شۇنى تاڭغۇت چارۋىچىلىرىدىن 12 قەبىلىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ قازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. سانگې، سانجىش مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قەبىلىنى باشلاپ غەربكە كۆچتى. ئۇلار قېچىپ قاراقۇرۇم تېغىنىڭ غەربىدىكى يالڭكو دېگەن جايغا كەلگەندە، لى يىڭ بىلەن كاڭ شۇنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان قوشۇنىنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى. ئۇلار تەييارلىقسىز جەڭگە كىرىپ، سونەن قاتارلىق كىشىلەر ئۇرۇشتا قازا قىلدى. 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قىرغىن قىلىندى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 140 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە، ئات، كالا، قوينى بۇلاپ ئەكەتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭى قېچىپ قۇرۇم تېغىغا بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىيايۈگۈەن قوۋۇقى قاتارلىق ئېغىزلارنى تاقاپ ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزدى. 1430 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چاغاتاي ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، سىجاۋنى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق

ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. توقتۇ بۇقا قوۋمىنى باشلاپ مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى، ئۇلار يېڭىلدى، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 1000دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرغىن قىلدى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن توقتۇ بۇقا ۋە 340 دىن ئارتۇق ئەر ـ ئايالنى ئەسىرگە ئالدى، 340 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە، ئات، كالا، قوينى بۇلاپ ئەكەتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قىسمى شۇنىڭدىن كېيىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئاخىر يوقالدى. 1446 ـ يىلى ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى نانگېنى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ خانى ئېسەنخان (asənŋ χa:n ) خانلىق مۇئەككەللىكىگە تەيىنلىدى. ئۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، يوقسۇللۇق دەردىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇجۇدىكى ھەربىي ئەمەلدارى رېن لى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئەر ـ ئاياللارنى، ئاتا ـ بالىلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يالاپ گەنجۇغا ئېلىپ باردى. مىڭ سۇلالىسى ئاخىرغىچە ئۇلارغا ئىشەنچ قىلالماي كۆپ كېچىكتۇرمەيلا ئۇلارنى يالاپ شەندۇڭنىڭ پىڭشەن، دۇڭچاڭ دېگەن جايلىرىغا ئاپاردى. مانا بۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سەككىز قەبىلىسى (يۇغۇرلار ئوتوك ( otok ) دەپ ئاتايدۇ)نىڭ بىرىدۇر.

بۇ پاراكەندىچىلىك دەۋرىدە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى موڭغۇل نويانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئۇرۇشلارمۇ ئۈزۈكسىز توختىمىدى. 1377 ـ يىلى سالا ئىسىملىك بىر كىشى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خانى بۇيان تېمۇرنى ئۆلتۈردى. شاھزادە بەنزاشىر

ئىنتىقام ئېلىپ سالانى ئۆلتۈردى، سالانىڭ قول ئاستىدىكىلەر بەنزاشىرنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ مالىمانچىلىق كېلىپ چىقتى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، گەنسۇنىڭ ئوڭ قول ياردەمچى ئەمەلدارى دورجىبا غەربكە قاچقاندا، ئالتۇنتاغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ۋە چايدامنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دورجىبانى قوغلاپ زەربە بەرگەندە، يەنە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى ۋە بۇلىدى، بۇنداق ۋەقەلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

16 ـ ئەسىردە، غەرب تەرەپتىكى چاغاتاي خانلىقى ئىنتايىن كۈچەيدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تۈرك ــ ئىران مەدەنىيىتى ناھايىتى گۈللەندى. ئۇلار تۆت ئەتراپىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ۋە مىللەتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈر خاندانلىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى مۇسۇلمان تۈرك ــ ئىران مەدەنىيىتىنى يىراق شەرقتىكى ھەرقايسى جايلارغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپانلاردىن شەرققە، جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق تەرىپىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ خېشى كارىدورىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىن ۋە شىنىڭ تەرەپتىن كەلگەن جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى بار ئىدى. مانا مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئويرات موڭغۇللىرى ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، جەنۇب تەرەپتىكى ئاھالىسى شالاڭ چىلانتاغ (يۇغۇرلار «تەنكىر ئۇلا» ( tenker ula ) دەپ ئاتايدۇ) ۋە كۆكنور ( hkΦnor ) يايلاقلىرى (ھازىرقى چىڭخەي كۆلى)غا قېچىپ باردى.

# كۆچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدا (2)

خامىل ( χamil ) ـــ قۇمۇل دېگەن يەر نامىنىڭ يۇغۇرچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچۈشتىن بۇرۇن، قۇمۇل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك قويۇق ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇرۇن، قۇمۇلدىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ئاتلىق ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك يول ئىدى، لېكىن ئۇدۇل يول بىلەن ماڭسا، ئاتلىق بىرلا كۈنلۈك يول ئىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يايلىقىنىڭ شىمالىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چىش بىلەن كالپۇكتەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان يېقىن ئىدى.

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى ئىسلام دىنىغا، بىرقىسمى بۇددا دىنىغا، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بىرقىسمى يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، قىسمەنلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى پەرقلىنەتتى. قۇمۇل ـــ مىڭ سۇلالىسى، چاغاتاي، ئالتاي ئەتراپىدىكى ئويراتلار بىردەك ئىگىلەش كويىدا بولۇپ كەلگەن بىر جاي ئىدى. قۇمۇلنى ئىگىلەش جۇڭگو بىلەن غەربىنىڭ مۇھىم سودا يولىنى ئىگىلىگەنگە باراۋەر بولۇپ، غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولاتتى. شۇڭا، قۇمۇل مەلۇم بىر تەرەپنىڭ

قۇدرەتلىك كۈچكە تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغانىدى. قومۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك دۆلەتلەر تالىشىدىغان ئۇلجا بولۇپ قېلىشىنىڭ جەزمەن بىر سەۋەبى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىدىن بۈيانقى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ھەم موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەن تارىخىي رىۋايەتلىرىدىن بۇنىڭ جاۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل قاغانى چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ جەمەتىدىن ئورناشىل ( βunasiri )نى قومۇلنى ساقلاشقا تەيىنلەنگەنىدى. كېيىن ئۇ سەلتەنەتلىك ۋاڭ دەپ ئاتالدى. ئورناشىل بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر خانىنىڭ ئەجدادى بىر بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى تولىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئالتان ئۇرۇق ( altan ory — ئالتۇن جەمەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتايدىغان جەمەتتىن ئىدى. 14 - ئەسىردە يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قومۇلدىكى بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىنىڭ ھالى قانداق بولغان؟

مىلادىيە 1391 - يىلى، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قومۇلنى قورشاۋغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. يېرىم كېچە بولغاندا، مەھكىمە باشلىقى يۈسەن ئارغامچا بىلەن سېپىلدىن يەرگە چۈشۈپ تەسلىم بولدى. تاڭ سۈزۈلگەندە قومۇل ۋاڭى ئورناشىلنىڭ ئادىمى ئېغىلدىكى نەچچە يۈز ئاتنى ھەيدەپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاچىقتى. مىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئات تۇتۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئادەملىرىنى باشلاپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يانداش تۇتۇقى ليۇ جېن، سوڭ شېڭ قومۇلنى ئىشغال قىلىپ، بىن ۋاڭ لېئەرچە تېمۇر، ساڭگاشىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1400 دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرغىن قىلدى. ۋاڭنىڭ

ئوغلى لىبئەرچە تېمۇر قاتارلىق 1700 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ، يالاپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئاپاردى. ئەنىق تېمۇر (ənk·ə t·emur) قومۇل ۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. مىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى سادىق ـ ئادىل ۋاڭلىققا ئۆزگەرتتى. 1405 ـ يىلى ھەرقايسى جايلاردىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر، مىلتارىستلارنىڭ كۈرىشىدە يەرلىك موڭغۇللاردىن گۈلچ خان بىر زىياپەتتە ئەنىق تېمۇرگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى گۈلچىنىڭ قوۋمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇ يىلى يازدا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى شەمئى جاھان ئىسسىقكۆلدىكى يازلىق بارگاھىدىن لەشكەر تارتىپ گۈلچقا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئەنىق تېمۇرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئورناشلىنىڭ بالا ۋاقتىدىلا ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇل بولۇپ كۈن ئېلىۋاتقان ئوغلى توقتۇنى قومۇلغا ئەكېلىپ قورچاق سادىق ـ ئىتائەتمەن ۋاڭ قىلىپ تىكلىدى ۋە يەنە توقتۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى تۇلى تېمۇرنى سادىق ـ ئادىل ۋاڭلىققا تەيىنلىدى. تۇلى تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى تۇغان تېمۇر سادىق ـ ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى. موڭغۇل گۈلچ سىڭلىسىنى توقتۇغا ياتلىق قىلدى. توقتۇ قومۇلغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، قومۇلنىڭ ئىشلىرىغا خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى، كېيىن ھاراق ـ شارابقا بېرىلىپ ئىش قىلمايدىغان بولۇپ، مىجەزى ئۆزگىرىپ رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. توقتۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى بۇداشىر ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇداشىر ئويرات موڭغۇللىرىدىن ئېسەنخاننىڭ ئاچىسىنى ئەمرىگە ئالدى. بۇداشىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى داۋاداشىرى (خېلىل سۇلتان) ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. شۇ چاغلاردا قومۇلنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار قومۇلنىڭ شىمالىدىكى ئويرات

موڭغۇللىرىنىڭ خانى ئىسەنخان بىلەن بىرلىشىپ قومۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن چارۋا ماللارنى ئولجا ئالدى، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالدى. قومۇل ۋاڭىنىڭ ئانىسى نوۋىن داشرى ئىسەنخاننىڭ ئاچىسى بولۇپ، ئۇ ئادەملىرىنى باشلاپ ئىنىسىغا ئەگىشىپ ئالتايغا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قومۇلنىڭ ۋاڭى بۇداشىر ۋە ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى دائىم «تاغىسىنىڭ يۇرتى»غا بېرىپ تۇردى. ئويراتلاردىن ئىسەنخان قومۇل ۋاڭىنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يىڭزۇڭنى ئەسىرگە ئالغانىكەن. ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئۇۋەيسخان بىلەن 61 قېتىم جەڭ قىلغان، ئۇۋەيسخان ئاران بىرلا قېتىم يەڭگەن، ئىسەنخان ئۇۋەيسخاننى بىرنەچچە قېتىم ئەسىرگە ئالغان ۋە ھەر قېتىمدا ئۇۋەيسخانمۇ چىڭگىزخاننىڭ جەمەتىدىن بولغاچقا ئۇنى قويۇۋەتكەن. ئۇۋەيسخان يەنە بىر قېتىم ئەسىرگە چۈشكەندە سىڭلىسىنى ئىسەنخاننىڭ ئوغلىغا بېرىپ ئاندىن قۇتۇلغان.

قومۇلنىڭ ۋاڭى داۋاداشرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى بۇراق (بۇر تېمۇر) ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇراقنى قول ئاستىدىكىلەر قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا قومۇلنىڭ ئىشلىرىغا نائىلاج بۇراق بىلەن داۋاداشرىنىڭ ئانىسى نوۋىن داشرى باشقۇردى. كىشىلەر ئۇنى «ئايال ۋاڭ» دەپ ئاتىدى. شۇ چاغلاردا ئايال ۋاڭ ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەلچان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئايال بولۇپ، قومۇلنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ناھايىتى پۇختا بىر تەرەپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى. ئىقتىدار ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ئادەتتە بەگ ـ تۆرىلەردىن خېلىلا ئۇستۇن تۇراتتى. ئاقسۆڭەكلەر ۋە پۇقرالار ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇناتتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بىر قاتىل ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى

بولۇپ، خەنجەرنى يىگىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن، ئەمما ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن تىترەك بېسىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، خەنجەر يىگىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئايال ۋاڭ ئۇنى كەچۈرۈپ بىلەن بىر تەرەپ قىلغان. ئايال ۋاڭ ماڭ سۇلالىسى، چاغاتاي، ئويرات، سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاڭغۇتلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ئايال ۋاڭ ئىزچىل تۇردە ئالتۇنتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋاڭلىرى جەمەتىدىن قومۇل ۋاڭلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن. چۈنكى، قومۇل ۋاڭلىرى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى بىر ئىدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر خانى رىنچىن كېسىر (rentʃen kesəl) قومۇل مۇرەككەپ، دائىم ئۇنداق ياكى مۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن زادىلا ئادەم ئەۋەتمىگەن. 1454 ـ يىلى بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن موڭغۇل رايونىنىڭ غوجايىنى بولغان ئېسەنخان ئۆلۈپ، ئايال ۋاڭ ۋە قومۇللۇقلار يۆلەنچۈكىدىن مەھرۇم بولدى. ئايال ۋاڭنىڭ باشقا بىر ئىنىسى بايدۇ، جىيەنى ئوقۇنا قاتارلىقلار ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋەجىدىن پاناھ تارتىپ ئايال ۋاڭنىڭ ئالدىغا باردى. بايدۇ ۋاڭ بىلەن ئوقۇنانىڭ قوۋمىلىرى كېيىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ۋە كۆكنۇر كۆلى ئەتراپىغا باردى. قومۇلنىڭ شىمالىدا ئوت ـ چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك باركۆل (bar k.uel) ياكى بارسكۆل (bars kuel ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، موڭغۇلچە يولۋاس پۈتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ جايدىكى بىر كۆلنىڭ بويىدا شەكلى يولۋاسنىڭ پۇتىغا ئوخشايدىغان، يوغان بىر ئاق تاش بار ئىكەن. يەنە بىر خىل رىۋايەتتە، «بارسكۆل» قەدىمكى تۈركىي تىلى بولۇپ، «يولۋاس كۆلى» دېگەنلىك بولىدۇ، دېيىلىدىكەن. بۇ

جاينىڭ نامى خەنزۇچىدا «巴里坤» «蒲类»دەپ تەرجىمە قىلىنغان. كېيىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار پاناھلىق ئىزدەپ قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئىپسەنخان ئۆلگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئويرات موڭغۇل (ئۇيغۇرچىن) (مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا ( 野乜力克 دەپ يېزىلغان) قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بەگئارسلان (白加斯兰 ) تەيشى (بەگسۇن – 伯格孙) لەشكەر تارتىپ قومۇلنى بېسىۋالغان. بەيجاسلاننىڭ ئەسكەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا باتۇرلۇقى بىلەن داڭلىق ئىكەن. ئايال ۋاڭ ئادەملىرىنى باشلاپ جيايۇگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى 23 چاقىرىم كېلىدىغان كۇيۇ دېگەن جايغا قېچىپ بارغان. بەگئارسلاننىڭ ئەسكەرلىرى كەتكەندىن كېيىن، ئايال ۋاڭ بىرقىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ قومۇلغا قايتىپ كەلگەن.

مىلادىيە 1472 – يىلى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى (چاغاتاي خانلىقى 1429 – يىلى شەرقىي ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن) يۇنۇسخان ( junos χːan ) (مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئەلى دەپ ئاتالغان، ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى) تۇرپاننى بازا قىلىپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. چاغاتاي موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. مەھمۇدخان زامانىسىغىچە چاغاتاينىڭ كۆپ قىسىم پۇقرالىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى يۇنۇسخان ناھايىتى تەقۋادار بىر مۇسۇلمان بولۇپ، دەسلەپكى يىللاردا ئۇ پارس، ئەرەب دۆلەتلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلغانىدى، ئىرانلىق مەشھۇر ئالىم ۋە يازغۇچى شەرىپىددىننىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك بولۇپ، پارس، ئەرەب، تۈرك ۋە موڭغۇل تىل – يېزىقلىرىنى پىششىق بىلەتتى، ھۆسنخەت، شېئىر، رەسىم، مۇزىكا ۋە ناخشا ئېيتىشقا ماھىر ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «يۇنۇس خەلپەت بەگ»

دەپ ئاتىغان. ئۇ ئالىم تىپىدىكى قاغان ئىدى. ھىندىستاننىڭ موغۇل خانى بابۇر ئۇنىڭ نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) بولۇپ، ئۇمۇ بىر ئۇلۇغ پادىشاھ، مەشھۇر ئەدىب ئىدى. يۇنۇس غەربىي ئاسىيادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئېسەن بۇقا (يەنى ئېسەن بۇقا II)دىن تۇرپان ئەتراپىنى تارتىۋالغانىدى. يۇنۇس قومۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئايال ۋاڭ نوۋىن داشىرىنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئالتۇن تامغىنى قولغا چۈشۈردى. ئايال ۋاڭنىڭ ئەۋرىسى (قىزىنىڭ نەۋرىسى، قومۇلنىڭ سادىق ـ ئىتائەتمەن ۋاڭى خەنشىننىڭ قىزى)نى ئوغلى ئەھمەدخان (χ:an aχmed)غا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى. يۇنۇسخان يەنە جەنۇبتىكى ئالتۇنتاغدىكى موغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ مۇسۇلمان تۈرك ـ ئىران مەدەنىيىتىنى ھە دەپ ئومۇملاشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك رايونلىرىدىكى ئىران مەدەنىيىتى ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇ «تۆمۈر دەۋرىدىكى تۈرك ـ پارس ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى» دەپ ئاتالغان. بىر يىلدىن كېيىن، يۇنۇسخان سىڭلىسىنىڭ ئېرى يامۇلان سانغۇنىنى قومۇلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى غەربكە قايتتى. يامۇلان ئالتۇنتاغدىكى موغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، ئۇ باللىق چاغلىرىدا موغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان چاغاتاي قوشۇنى تەرىپىدىن قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. كېيىن ئۇ يۇنۇسنىڭ قولىدا چوڭ بولدى. يامۇلان ئەقىل ـ پاراسەتلىك، باتۇر بولۇپ، داڭلىق ئوقيا ئېتىش ماھىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىدى. چاغاتاي خانلىرى ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى. كېيىن يۇنۇسخان ئۆزىنىڭ ياش سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. 1476 ـ يىلى ئايال ۋاڭ نوۋىن داشىرى چاغاتايلارنىڭ قولىدا نەزەربەند بولۇپ

يەكـەندە ئۆلدى. يـۇنۇسخانـمۇ شۇنـڭدىن ئـىككى يـىل كېيـىن ئـۆلدى. بۇ مەزگـىلدە مـاڭ سۇلالـىسـى ئويرات موڭـغۇللـىرى ۋە مـوڭغۇل تـىلـىنـى قـولـلـىنـىدىغـان سـېرىق ئـۇيـغۇرلار بـىلـەن بىرلـىشىپ قومۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنـۇپ باققان بـولسىمـۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشمىدى.

يۇنۇسخان ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى مەھمۇد چاغاتاينىڭ غەربىي قىسمى — تاشكەنت ئەتراپىنى، ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەد چاغاتاينىـڭ شەرقىي قىسمـىنى ئـىگىلـىدى. پايتەخـتى ئاقسـۇدا ئىدى. ئەھمەد دېگىنىمىز — تارىختا داڭلىق «ئالاچى» (Alatʃi) دۇر. بۇ «قانـخور، جاللات، كـاللىكـېسەر» دېگـەن مەنىنـى بىلدۈرىـدۇ. كىشىلەر ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنـى «ماقانچـى» (maqantʃi) دەپ ئـاتىغان. بـۇنىڭ مەنـىسى «گـۆشـخور» دېگـەنلىك بـولـۇپ، مەخسۇس ئادەم گۆشى يەيدىغانلارغا قارىتىلغان. تاكى ھازىرغىچە موڭـغۇل تىلـىنى قولـلـىنىـدىغان سېـرىق ئۇيـغـۇرلار ئارىسـىـدا «ئالاچى» بـىلـەن «ماقـانـچى»لار ھەققـىـدىـكى رىـۋايەتلـەر بـار. ئـېيتىـشلارغا قـارىغاندا، پەلـەككە يـەتـكەن زور قۇيـۇن قـۇم - شېـغىلـلارنـى ئۇچۇرۇپ ئـالـەمنى بـىـر ئالغـانـدا، سۇر ئاتـلارغـا مىنـگەن، كالا تېـرىسى پـلاش يېپـىنغان، باشـلىرىـغا ياغلـىـق چىگـىۋالغان «ئـالاچى» خانـىـڭ ئەسكـەرلـىرىـنى باشلاپ ئـۇپـۇق سىزىقىنىڭ نېرىقى بېشىدىن ئۇچقـانـدەك تېز يـېتـىپ كـېلـىشـى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار سەرسـان بولۇشقا باشلايدىكەن.

ئەھمەد ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە يەنىلا چاغاتاي تەۋەلىكىدىكى كۆچمـەن چـارۋىچـىلارغـا تايانـدى. ئـۇ پەرغانـە، ئـاقسۇ، تـۇرپـان ئارىسـىـدا بېـرىـپ - كېلـىـپ تۇردى. ئۇ ئـاتـىسى يـۇنـۇسخانـغـا ئوخشىمـايتتى، ئەركىن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى بەكمـۇ ياقتۇراتتى. ئەجدادلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پەقـەت قىش پـەسلـىدىـلا شەھەرگـە كـىرىپ قـىـشلايتـتى. ئۇ چاغـاتـاي

قوۋمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قوزغىلاڭلارنى جازا يۈرۈشى، ئۆلۈم جازاسى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر بىلەن باستۇرۇپ تۇراتتى، ئويرات موڭغۇللىرى، قىرغىز، قازاق، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن تىنماي ئۇرۇشۇپ تۇرغانىدى.

مىلادىيە 1482 ـ يىلى، ئايال ۋاڭنىڭ نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) خەنشىن بىرنەچچە يىل جاپالىق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار، موڭغۇل، تاڭغۇت ئەسكەرلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كېچىدە قومۇلغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، يامۇلان ئالدى ـ كەينىگە قارىماي غەربكە قاچتى، خەنشىن قومۇلنى ئىشغال قىلدى. توققۇز يىل سەرسان بولغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار قومۇلغا قايتىپ كەلدى. 1488 ـ يىلى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن خەنشىن مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن سادىق ـ ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا تەيىنلەندى. خەنشىننىڭ ئايالى قومۇلنىڭ شىمالىدىكى باركۆللۈك ئويرات موڭغۇل شوۋلەت ۋاڭنىڭ قىزى ئىدى. خەنشىن قومۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەھمەد خەنشىننى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ئەمەس (يەنى ئاقسۆڭەك ئەمەس)، قومۇلنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى قانۇنسىز دېگەننى باھانە قىلىپ، قومۇلغا قارشى قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتا، چاغاتاي خانلىرىدىن يۇنۇس، ئەھمەد قاتارلىقلار، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ۋە قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. چۈنكى، 13 ـ ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەر (جۈملىدىن بارلىق تۈركىي تىلدا ۋە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر) ئىچىدە ئاقسۆڭەكلەر پۈتۈنلەي چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدىن، يەنى «ئالتان ئۇرۇق» جەمەتىدىن ئىدى. ئالتان ئۇرۇق (ئالتۇن جەمەت) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

ھەرقايىسى مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە، ناۋادا شۇ جايدا مۇشۇ نەسەبتىكى ئاقسۆڭەك بولمىسا، سىرتتىن مۇشۇ نەسەبتىكى كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئۆزلىرىگە سەردار قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەرقايسى جايلاردىكى ئاقسۆڭەك تەبىقىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. مەسىلەن، قىرغىزلار ئەھمەدنىڭ ئوغلى خىلىلنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرىگە سەردار قىلىدى. قومۇللۇقلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئەنجاڭ نويان جەمەتىدىن شانبا قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرىگە سەردار قىلدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. چاغاتاي ئاقسۆڭەكلىرى، ئويرات ئاقسۆڭەكلىرى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسلىي زاتى بىر قېرىنداش مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. مەسىلەن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن خەنشىن چاغاتايلاردىن ئەھمەدنىڭ قېيىنئاتىسى بولۇپ، خەنشىننىڭ بىر قىزى ئەھمەدنىڭ تۆت خوتۇنىنىڭ بىرسى ئىدى. شۇغىنىسى ئەھمەدنىڭ نەسلى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋاكىلىرى جەمەتىدىن ئەمەس ئىدى. خەنشىن ئاۋۋالقى سادىق - ئادىل ۋاڭ تۇغان تېمۇرنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى باتامۇرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى چىڭگىزخان خان جەمەتىدىن ئىدى. ئانا جەمەت نەسەبىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ناھايىتى مۇشكۇل ئىدى. بۇ ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئۇرۇش، بۇلاش - تالاش ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى، بەزىدە ئۇلار بىرلىشىپمۇ قالاتتى. مىڭ سۇلالىسى جياجىن يىللىرىدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كۈچ بىرلىشىپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇجۇ، گەنجۇ ئايماقلىرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى.

مىلادىيە 1488 - يىلى، خەنشىن ۋە ئۇنىڭ ئايالى قاتارلىقلار

ئەھمەدنىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ ھەممەيلەن ئۆلتۈرۈلدى. يۇرتنى گۇللەندۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، بۇ باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر زات قازا قىلغاندىن كېيىن، قومۇل ئۇيغۇرلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. خەنشىنىڭ ئىنىسى يانقىبۇللا ۋە سانغۇن ئامغۇلاڭ قوۋملىرىنى باشلاپ قومۇلدىن قېچىپ كەتتى. ئەھمەد قومۇلدا كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يامۇلاننى قومۇلنى ساقلاشقا بۇيرۇدى.

ئامغۇلاڭ سۇجۇغا بېرىپ مىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. باركۆلدىكى ئويرات موڭغۇللىرى خەنشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەھمەد بىلەن بىر نەچچە يىل ئۇرۇش قىلدى. بۇلاردىن چوبدۇ چاغاتاي قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغاندا يامۇلاننىڭ ئىنىسىنى ۋە خەنشىنگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىسىم چارۋا ۋە ئادەملەرنى قولغا چۈشۈردى. خەنشىنىڭ قېيىنئاتىسى شوۋلەت بىلەن ئەھمەد جەڭدە قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ جەڭگاھدا قازا قىلدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئاردىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئامغۇلاڭ يەنە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېچىدە قومۇلغا ھۇجۇم قىلغانىدى، يامۇلان قېچىپ كەتتى. ئامغۇلاڭ بىلەن يانقىبۇللا قومۇلغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى سەردار جەنۇبىي تاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى ئەۋلادلىرىنى قومۇلغا كېلىپ ۋاڭ بولۇشقا تەكلىپ قىلماقچى بولغانىدى، كېيىن مىڭ سۇلالىسى بىلەن قومۇلدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ئالتۇنتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خانى (مىڭ سۇلالىسى تىنچلاندۇرغۇچى ۋاڭ دەپ ئاتىغان) چيەنبېننىڭ قارارگاھىدىن ئۇنىڭ جىيەنى شانبا (sənŋ ba) نى تاللىدى. چيەنبېننىڭ جىيەنى شانبا قومۇلغا ۋاڭ بولدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن شۇ نەرسە ناھايىتى ئايدىڭكى، پەقەت

چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامىدىن پايدىلانغاندىلا ئاندىن ھەرخىل ئىرقلارغا مەنسۇپ كۆپ مىللەت ياشايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي يۇرت، بولۇپمۇ قومۇلغا ئوخشاش بۇنداق مۇرەككەپ رايوننى تىنچلاندۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى 1492 ـ يىلى ناھايىتى تېزلا شانبانى قومۇلغا سادىق ـ ئىتائەتمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. شانبا ئىگىز بوي، قامەتلىك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، سۆزگە ئۇستا بولۇپ، ناھايىتى داڭلىق كىشى ئىدى. قومۇلنىڭ سەردارى ئامغۇلاڭ بىلەن يانقىبۇلىلا ئۇنىڭغا ياردەمچى بولدى. يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارى شەيخ ھەسەن، موڭغۇللارنىڭ سەردارى بەيشۇەن لىمىش قاتارلىقلار بار ئىدى. شانبا باركۆلدىكى ئويرات موڭغۇل ۋاڭىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى، نېمىشقىدۇر بۇ ياش ۋاڭنىڭ ئىشلىرى باشتىلا ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. قومۇلنىڭ ۋەزىيىتى بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ، مۇشكۇللىشىپ، كىشىلەر بارا ـ بارا بۇ جەنۇبىي تاغلىق رايوندىن كەلگەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر سەردارغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋالدى. شۇ مەزگىللەردە ھەربىي يۇرۇشكە، جەڭگە ماھىر ئامغۇلاڭ باركۆلدىكى موڭغۇللار بىلەن بىرلىشىپ چاغاتاي تەۋەلىكىگە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئات، كالا، قوي بۇلاپ ئەكەلدى ۋە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈردى. ئەھمەد ئەنت ئىچىشقا قەسەم قىلدى.

مىلادىيە 1493 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئەھمەد نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كېچىدە قومۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر كېچىدە بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئامان قالغانلار ئەھمەدكە ئەل بولدى. شانبا بىلەن ئامغۇلاڭ قاتتىق جەڭ قىلىپ خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ تۇسى دېگەن جايغا چېكىندى. ئەھمەد ئۇنىڭغا ئۇچ كېچە ـ كۈندۈز قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئامغۇلاڭ باركۆلدىكى موڭغۇللارنىڭ ۋە جەنۇب تەرەپتىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم

ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ جىددىي ئادەم ئەۋەتتى. باركۆلدىكى ئويرات، ئۇراتتىن ئىبارەت ئىككى موڭغۇل قەبىلىسى ياردەمگە ئادەم ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلارنى ئەھمەدنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ قىلدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋاڭى چيەنبىن (شانبانىڭ تاغىسى)نىڭ شانبا بىلەن زىددىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، قومۇلغا كەلگەن بالايىئاپەت بىلەن كارى بولماي ياردەمگە بارمىدى. ئەھمەد شانبا قاتارلىقلارنى ئەسىرگە ئالدى. ئامغۇلاڭ قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنىپ، پارچە - پارچە قىلىنىپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. قومۇلنى قايتۇرۇۋالغان، تالاي ئۇرۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ جەسۇر، قورقماس ئەزىمەت مانا مۇشۇنداق پاجىئەلىك ھالدا بۇ دۇنيادىن جۇدا بولدى. ئەھمەد شانبانىڭ ئۆزىگە ئوخشاش چىڭگىزخان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى ئۆلتۈرمىدى. ئەھمەد ئۇنى دەسلەپتە تۇرپان ئەتراپىدىكى سەنجياۋ چېڭ دېگەن جايدا نەزەربەند قىلدى، كېيىن يەكەن شەھىرىگە كۆچۈرۈپ ئەكەتتى. قومۇلنى يەنىلا چاغاتاينىڭ باش سانغۇنى يامۇلان خىللانغان 300 ئەسكەر بىلەن ساقلىدى.

مىلادىيە 1495 - يىلى 7 - ئايدا ئويرات موڭغۇللىرى چاغاتايلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئەھمەدنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتتى. شۇ يىلى قىشنىڭ باشلىرىدا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سانغۇنى 1900 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئويرات موڭغۇل ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ جيايۈگۈەن قوۋۇقىدىن يولغا چىقىپ، شىددەتلىك بوران، قاتتىق قارغا قارىماي قومۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى. يامۇلان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز كۈنىگە 700 چاقىرىم يول باسىدىغان ئالغۇر دېگەن داڭلىق ئېتىنى مىنىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ئىككىنچى كۈنى تۇرپانغا يېتىپ باردى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئەسىرلەر ئارىسىدىن شانبانىڭ ئايالى

بىلەن قىزىنى تېپىۋالدى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئوت قويۇپ پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. قومۇل بىر پارچە ئوت دېڭىزىدا قېلىپ بىر نەچچە كۈن كۆيدى. چاغاتايلارنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇنى يولدا ئويرات موڭغۇللىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. شۇ چاغدا قومۇللۇقلار ئارىسىدا بىر قەدەر كۈچلۈك قوۋمدىن پەقەت موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن يانقىبۇللا (خەنشىننىڭ ئىنىسى)لا قالغانىدى. ئۇ باركۆلدىكى ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن تۇغقان بولۇپ، مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇ قېتىم قومۇلنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئويراتلار بىلەن بىرلىشىپ چاغاتاينىڭ نۇرغۇن كىچىك شەھەرلىرىنى، يېزا ـ قىشلاق، بازارلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

مىلادىيە 1496 ـ يىلى، ئەھمەد بىلەن ساتار سانغۇن يەنە ھۇجۇم قىلىپ قومۇلنى بېسىۋالدى. ئەھمەد قومۇلدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى تامامەن دېگۈدەك قىرىپ تاشلىدى. ئەھمەد ساتارنى قومۇلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئەسىرگە چۈشكەن يانقىبۇللانى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇشقا بۇيرۇدى. ئەھمەدنىڭ يانقىبۇللانى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئەھمەد كەتكەندىن كېيىن، يانقىبۇللا ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، 500 ئەسكەرنى باشلاپ چاغاتايلارنىڭ قومۇلنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ساتار ۋە چاغاتاي ئادەملىرىدىن 100 دىن ئارتۇقنى ئۆلتۈردى. ئەھمەد بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قومۇلنى مۇھاسىرىگە ئالدى، قومۇللۇقلار تۇردا ئوت يېقىپ ئويراتلارغا خەۋەر بەردى، ئويراتلار بۇنى كۆرۈپ ئاتلىق قوشۇننى يىغىپ دەشت ـ باياۋاندىن يېتىپ كەلدى. ئەھمەد يىراقتىن ئويرات ئاتلىق قوشۇنىنىڭ چاڭ ـ توزانىنى كۆرۈپ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ ئەكەتتى.

مىلادىيە 1497 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆزبېك ـ قازاقلار غەرب تەرەپتىن چاغاتاي خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەرب ئىككىلا تەرەپتە جىددىيلىككە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى چاغاتاي سودا كارۋانلىرىنىڭ ئىچكىرىگە بېرىشىنى چەكلىگەنىدى. بۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەھمەدكە بولغان نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەھمەد نائىلاج چاغاتاي تەۋەلىكىدە تۆت يىل نەزەربەندتە تۇرغان قومۇل ۋاڭى شانبا قاتارلىق ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا ئەكېلىپ قويىدى ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن سۈلھى قىلدى. شانبا قومۇلغا قايتىدىن ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ھاراقفا بېرىلىپ كەتتى، قول ئاستىدىكىلەرگە قوپاللىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا ئەلنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قېلىپ لەنەت ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى، قول ئاستىدىكى يانقىبۇللا بىلەن چىقىشالماي ئارىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. يانقىبۇللا قومۇلنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا كەتتى. 1504 ـ يىلى قومۇلدا بىر قىسىم كىشىلەر ھاكىمىيەت ئۆزگەرىشى قىلىپ، چاغاتاي خانلىقىدىن ئەھمەدنىڭ كىچىك ئوغلى چىن تۆمۈرنى ئەكېلىپ قومۇلغا ۋاڭ قىلىپ تىكلىدى، شانبا كۈيۈگە قېچىپ كەتتى. ئىچكىرىدىكى سۇجۇدا تۇرۇۋاتقان يانقىبۇللا ۋە شەيخ ھەسەن قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇزبېشى دوڭ جيەن باشچىلىقىدىكى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىللە بىلەن قومۇلغا كېلىپ، ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن چىن تۆمۈرنى ئەسىرگە ئالدى. ھاكىمىيەت ئۆزگەرىشى قىلغانلارنىڭ سەردارىنى ئۆلتۈردى. شانبامۇ قومۇلغا قايتىپ كەلدى. ئەھمەدنىڭ كىچىك ئوغلى چىن تۆمۈر گەنجۇدا نەزەربەند قىلىندى. ئۇ بوۋىسى (ئاپىسىنىڭ دادىسى) يانقىبۇللاغا تايىنىپ كۈن كەچۈردى. چىن تۆمۈرنىڭ ئاپىسى يانقىبۇللانىڭ ئاكىسى خەنشىننىڭ قىزى ئىدى. كېيىن چىن تېمۇر چاغاتاي خانلىقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى موغۇل خان

ئوردىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلدى. چۈنكى، موغۇل ئىمپېراتورى بابۇر ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئىدى. چىن تېمۇر ھىندىستان، ئافغان ئەتراپىلىرىدىكى جەڭلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، ماھىرلىقى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىگە بولغان سادىقلىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى. ئىمپېراتور بابۇر ئامراقلىق قىلىپ ئۇنى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنىم» دەپ ئاتىدى. شۇ كۈنلەردە «ئالاچى» ئەھمەد چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان (mənsur χan )نى دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا تۇرپاندا قالدۇرۇپ ۋە «خان» دەپ نام بېرىپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ ماۋارائۇننەھردىكى تاشكەنتكە بېرىپ، ئاكىسى مەھمۇد (مەھمۇد چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاشكەنتتە تۇراتتى)قا ياردەملىشىپ ئۆزبېكلەرگە ھۇجۇم قىلدى. كېيىن مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى ئۆزبېكلەرنىڭ خانى شەيبانىخان (چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىنىڭ ئەۋلادى) تەرىپىدىن سىر دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئەھمەد پالەچ بولۇپ قېلىپ، 1503 ـ يىلى قىشتا چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئاقسۇدا ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ داڭلىق «ئالاچى»نىڭ ھاياتى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

مىلادىيە 1505 ـ يىلى شانبا ھاراقنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلدى. ئوغلى بايىيازىد سۇلتان (baiyazid sultan ) قومۇل ۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى. باييازىد قەھرىمانلىقتا باشقىلارنى بېسىپ چۈشەتتى، لېكىن بەتئەخلاق، قاپاقباش ئىدى. ئۇ قومۇلغا يەتتە يىل ۋاڭ بولغاندىن كېيىن 1513 ـ يىلى كۈزدە ئاسىيلىق قىلىپ چاغاتاي تەۋەسىگە قېچىپ كەتتى. قومۇلدىكى ئاخىرقى سېرىق ئۇيغۇر ۋاڭ مانا مۇشۇنداق غايىب بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئالتۇنتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قومۇلدىكى شىرەم ئاكا ـ ئۇكا ۋاڭلىرى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ، قومۇلنى چاغاتايلىقلار ئىگىلىدى. مەنسۇرخان قومۇلنى ساقلاشقا مەشھۇر غوجا تاجىدىننى ئەۋەتتى. غوجا تاجىددىن مەشھۇر ئالىم،

شۇنداقلا تىجارەتكە ماھىر باي بولۇپ، ئەھمەد ۋە مەنسۇرلار ئۇنىڭ شاگىرتى ئىدى. مەنسۇر زامانىسىدا چاغاتاينىڭ شەرقىي قىسمى بىرمەھەل ناھايىتى گۈللەنگەنىدى، مەنسۇر قومۇلنى بازا قىلىپ، مىڭ سولالىسىنىڭ گەنجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىغا، ئالتۇنتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ۋە قومۇلنىڭ شىمالىدىكى ئويرات موڭغۇللىرىغا 20 نەچچە يىل تىنىماي ھۇجۇم قىلدى. مەنسۇر ئۆلگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ مۇنارسىمان بىناسىدا شەرققە كۆز تىكىپ كەلگەنىدى، ئەمما ئۇ ئاخىرغىچە ئادەمنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ناھايىتى تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ھەر كۈنى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى «قۇرئان كەرىم» ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ شاھزادىلەرنىڭ چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن ۋە خان ئوردىلىرىنىڭ ھەشەمەتچىلىكىدىن بىزار ئىكەن. ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1514 ـ يىلى، مەنسۇرنىڭ يەنە بىر ئىنىسى ئاتاقلىق سەئىدخان دەسلەپتە ئاكىسى تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئافغانىنىڭ كابۇل ئەتراپلىرىدا سەيلە ـ تاماشا بىلەن ئۆتكەن. موغۇل ئىمپېراتورى بابۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان شەھىرى (13 ـ ئەسىردە موڭغۇل قايدۇخان بىنا قىلغان)دە 4700 كىشىلىك ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى خىللانغان ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ئاكىسىنىڭ قولىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي رايونلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەنە لوپنور ئەتراپىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى ۋە قىرغىن قىلدى. سەئىدخان ئاخىرقى قېتىم موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا يۈرۈش قىلغاندا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم دائىرىدە ئادەمزات قالمىغانىدى. سەئىدخانىنىڭ كۆرگىنى چارۋىچىلار كۆچۈپ كەتكەن يايلاق ۋە ئىگىسى كۆچۈپ كەتكەن

كىگىز ئۆيلەرنىڭ كونا ئورنى بولدى. سەئىدخان ــ كېيىنكى يەكەن خانلىقىنى قۇرغۇچىدۇر. كېيىن چاغاتاي خانلىقى غەربتىكى ئۆزبېك ــ قازاقلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بارا ـ بارا خارابىلىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

چاغاتاي شەرققە ھۇجۇم قىلىشتا، يۇنۇسخان دەۋرىدىن باشلاپ ئاساسلىقى يامۇلان، خوجا تاجىددىن قاتارلىق بىرنەچچە سانغۇنغا تاياندى. خوجا تاجىددىن مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا سۇجۇدا ئوقيا تېگىپ ئۆلدى. يامۇلان مەنسۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەسەت قىلىشى ۋە خۇدۇكسىرىشىدىن خالىي بولالمىدى. بىرقانچە قېتىم ئۇلارنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈشىدىن قېچىپ قۇتۇلدى. كىچىكىدىن تارتىپ ئۇر ـ چاپ بىلەن باشقىلارنىڭ پاناھىدا جان بېقىشتەك مۇشكۇل مۇھىتتا چوڭ بولغان يامۇلان دائىم كەچ بولغاندا ئۆزى يالغۇز يىراق پىنھان جايغا بېرىپ تۈنەپ كېلىشكە ئادەتلەنگەنىدى، ھەتتا يېقىن خىزمەتچىسىمۇ ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇ تالاي قېتىم بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى. 1528 ـ يىلى يامۇلان مىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى، شۇ يىلى ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بالايىئاپەتتىن قېچىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈپ يۈردى. يامۇلان ئىنىسى توقتى بىلەن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ يەنە بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى تېمۇرگىي بىلەن بىللە جەمئىي بىرقانچە 10 مىڭ كىشى ئىچكىرىدىكى چىلانتاغ ئېتىكىگە كۆچتى. يامۇلاننىڭ ئايالى ۋە قىزى چاغاتاي تەۋەسىدە قالدى. يامۇلان ۋە ئىنىسى مەنلا تيانگى قاتارلىق غوجايىن ۋە مالاي بولۇپ ئالتە كىشى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن يالاپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر كېيىن خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى ئەتراپىدىكى ئوچېڭ دېگەن جايدا نەزەربەندلىكتە ئۆلدى. ئۇنىڭ قوۋمى چىلانتاغ، سۇجۇ، گەنجۇ ئەتراپلىرىدا تارقاق كۆچمەن

چارۋىچىلىق بىلەن ياشىدى. يامۇلان ئۆمۈر بويى چاغاتاي خانلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلغانىدى، لېكىن ئاقىۋەتتە ياخشى بولمىدى. ئۇ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى — موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى تالان - تاراج قىلدى. 1516 - يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سانغۇنى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئەسىرلەرنى قىرغىن قىلغانلىقى ئۈچۈن يامۇلان ئەسكەر باشلاپ بېرىپ گەنجۇ، سۇجۇ ئايماقلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئۆمرى بوران - چاپقۇنىدەك بۇگۈن بۇ يەردە، ئەتىسى ئۇ يەردە ئۇرۇش بىلەن ئۆتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۆلپەتلىك قومۇل ئاخىرى چاغاتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىردى، بىر قىسمى قومۇلنىڭ شىمالىدىكى باركۆل يايلاقلىرىغا ۋە گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتتى. ئالتۇنتاغ ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلارمۇ پاناھلىق ئىزدەپ كۆچۈشكە باشلىدى. بۇ مەزگىلدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ۋە تۇركلەر رايونىدىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى.

قىسقىسى، مەيلى چاغاتاي خانلىقى (موغۇلىستان)، مىڭ سۇلالىسى بولسۇن، ياكى ئويرات موڭغۇللىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ۋە قومۇلدىكى ئۇرۇش - تالاشلىرى پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا راۋان، توسالغۇسىز سودا - سېتىق مۇھىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن بولغانىدى. مەسىلەن، چاغاتاي خانلىقى غەيرىي دىن رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى «غازات» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى گۈللەنگەن مۇسۇلمان تۈرك - ئىران مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن

بولغانىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا يولى ــ قەدىمكى يىپەك يولى ئەتراپىدا بولۇپ، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇچرايدىغان ئۇچ بۇلۇڭ رايون ئىدى. ئانچە كۆپ تەبىئىي توسىۇق يوق بۇ رايوندا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چاغاتايلارنىڭ، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ۋە ئىچكى قىسىمدىكى تۈرلۈك كۈچلەرنىڭ خالىغانچە بوزەك ئېتىپ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. دېمەك، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىن تېرىپىرەن بولۇپ پاناھلىق ئىزدىشى تاسادىپىي سەۋەبتىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات جەريانىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشقا نائىلاج قالغان ئەھۋالدا ئۇلار يېڭى يايلاقلارنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى.

# سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى

مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان 800 يىل داۋامىدا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە داۋاملىق كۆچۈپ كەلگەن باشقا كۆچمەن چارۋىچىلار ئالتۇنتاغنى مەركەز قىلىپ، ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يايلاقلاردا، چۆل ـ جەزىرىلەردە ياشىدى.

ئۇلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقىدىغان دائىرىسى: شىمالدا تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇرۇقتاغ (تۈركچە نامى بولۇپ، تاغ تاقىر تاغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)غىچە، غەربتە تارىم ئويمانلىقى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىغىچە، غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبتا لوپنور، كورلا ۋە چاقىلىق ئارقىلىق ماڭلاي سۇيا رايونىغىچە، جەنۇبتا چايدام ئويمانلىقىغىچە، شەرقتە گەنسۇنىڭ غەربىدىكى دۇنخۇاڭ ئارقىلىق خېشى كارىدورىغىچە بولغانىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى ھازىرغىچە يەنىلا ئاھالىسى شالاڭ رايون بولۇپ، گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىنجاڭ چېگرالىرى تۇتىشىدىغان جايغا جايلاشقانىدى.

بۇ رايوننىڭ شەرقىي قىسمىدا خاشۇن چۆللۈكى، لوپ شورلۇق سازلىقى ۋە قۇمتاغ (تۈركچە نامى، مەنىسى: قۇمتاغ) چۆلى، جەنۇبتا چايدام چۆللۈكى ۋە قۇملۇقى بار. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالتۇنتاغدىن باشقا جايلىرىنىڭ يەر شارائىتى تۈز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1000 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ. تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى غەربتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ لوپنور ( lob nor )غا قۇيۇلىدۇ.

لوپنور موڭغۇلچە نام بولۇپ، مەنىسى «نۇرغۇن دەريالارنىڭ سۈيى قۇيۇلىدىغان كۆل» دېگەنلىكتۇر. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئىنسانلار دەريا مەنبەلىرىدە ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بوز يەر ئېچىش، دەريا سۈيىنى ئامبارلارغا باشلاپ ساقلاش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، لوپنورنىڭ سۇ مەنبەسى قۇرۇشقا باشلىدى، 1972 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى، كۆل بويىدىكى يايلاقلارنى پۈتۈنلەي قۇم بېسىپ كەتتى. قەدىمكى زاماندا لوپنور سۈپسۈزۈك سۈيى داۋالغۇپ تۇرىدىغان، بېلىقچىلىق قېيىق ـ قولۋاقلىرى ئۈزۈلمەيدىغان چوڭ كۆل ئىدى. بۇ جاينىڭ غەربىدە كاچۇڭ دەرياسى (چەرچەن دەرياسى)، نوپچان (چاقىلىق) دەرياسى، مىران دەرياسى بار، جەنۇبىدا نارىنكۆل دەرياسى، تەيجى نايركۆلى قاتارلىق چىڭخەينىڭ خەيشى رايونىغا تەۋە جايلار بار. بۇ جاينىڭ شەرقىدە گەنسۇدىن غەربكە قاراپ ئاقىدىغان شۇلېخې دەرياسى (بۇئوفېر دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، داڭخې دەرياسى ۋە سۇگەن كۆلى بار. ئالتۇنتاغ بۇ رايوننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئالتۇنتاغ توركچە ئالتۇن تاق ( altun tak ) دەپ ئاتىلىدۇ، مەنىسى «ئالتۇن تاغ» دېگەنلىكتۇر. موڭغۇلچىدىمۇ بۇ تاغ «ئالتان ئۇلا» ( altan ula ) دەپ ئاتىلىدۇ، مەنىسى ئوخشاشلا «ئالتۇن تاغ» دېگەنلىكتۇر. موڭغۇلچىدا بەزىلەر «ئارچا ئۇلا» (arta ula ) دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «ئارچىلىق تاغ» دېگەنلىكتۇر. چىڭخەينىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شىنجاڭغا جايلاشقان ئالتۇنتاغ قۇرۇم تېغىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، «قۇرۇم» (昆仑) ھىندى ـ ياۋروپا ـ ئىران تىللىرى ئائىلىسىدىكى ئۈدۈن تىلى بولۇپ، مەنىسى «جەنۇب» دېگەنلىك ئىكەن. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، «قۇرۇم» دېگەن نام قەدىمكى زامان تاڭغۇتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. قەدىمكى زامان تاڭغۇتلىرى پۈتكۈل قۇرۇم تاغ تىزمىلىرى رايونىغا كەڭ تارقالغان. قەدىمكى قۇرۇم تاغلىرى رايونىدا چىشى يولۋاسنى توتېم قىلغان بىر قەبىلە بولغانىكەن. قۇرۇم تېغى ئوماي

تۇرىدىغان تاغ ئىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئومايىنىڭ ئەسلىي زاتى بىر چىرايلىق چىشى يولۋاس ئىكەن. قەدىمكى تۈرك تىلىدا «قورەم » (korəm) «قورام تاش»، «ئاسمان ــ پەلەك قورام تاش» دېگەنلىك ئىكەن. موڭغۇل تىلىدا «قۇرۇم» (korum) «تام» دېگەن مەنىدە ئىكەن. قۇرۇم تېغىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئالتۇنتاغ تۇزۇلۇشى جەھەتتە غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 كىلومېتىردىن 200 كىلومېتىرغىچە بولۇپ، كىلىماتى قۇرغاق، ئۆزگىرىشچان، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك. تاغلىرىدا قار سىزىقىدىن يۇقىرى چوققىلار ناھايىتى كۆپ، بۇ قارلىق چوققىلار تەبىئىي سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن تاشساي دەرياسى، ۋاششەھىرى دەرياسى، چاقىلىق دەرياسى، مىران دەرياسى، نارىنكۆل دەرياسى ھاسىل بولغان. بۇ دەريالارنىڭ سۇلىرى تارىم ئويمانلىقى بىلەن چايدام ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنى كۆكەرتىدۇ. چەكسىز تۇمان قاپلاپ تۇرىدىغان مۇزلۇق چوققىلار ئارىسىدا يەنە نۇرغۇن كۆللەر بار. تارىم دەرياسى، كۈرچىن دەرياسى، نارىنكۆل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىنىڭ پەس جايلىرىدا چىرايلىق ئوتلاقلار ۋە چۆل يايلاقلىرى بار. بۇلار بىپايان قومۇشلۇقلار بىلەن قاپلانغان. ئالتۇنتاغ بىلەن قۇرۇم تاغلىرىدا جىلغا ئوتلاقلىرى، تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك يايلاقلىرى ۋە يەنە سازلىق، چىملىق ئوتلاقلار، يېرىم چۆل يايلاقلىرى بار. بۇ يايلاقلاردا نىجىم، ئاق ئوسما، سىلىو، پېيزەك، جىياڭگۈەن ئوتى قاتارلىق ئوت ــ چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغ ــ دەريالار ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ يەر ئۈستى تۈزۈلۈشى تۈز، قاتناش قولايلىق، ئېگىز تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ ئارىسىدىكى يايلاقلار پانىي دۇنيانىڭ شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرىدىن

خالىي بولۇپ، شۇنچە تىپتىنچ ھەم سىرلىق. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ چېرىكلىرى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغاندا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خانى قېچىپ تاغ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تاغ ئارىسىدىكى يايلاقلاردا پاناھلانغان، ياۋا تۆگە، ياۋا كالا ئوۋلاپ جان باققان.

تاكى ھازىرغىچە ئاھالىسى شالاڭ بۇ بىپايان زېمىندا، قاتمۇقات تاغ ۋە تاغ چوققىلىرى ئارىسىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆل سۈيى بىلەن قارلىق تاغ، مۇز چوققىلاردىن چاقنىغان نۇر ئۆزئارا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. توپ ـ توپ ياۋا تۆگە، ياۋا كالا، بۆكەن، قۇلانلار كۆل ياقىسىدىكى يايلاقلاردا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ تۇرىدۇ. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ياۋا تۆگە، ياۋا كالا، قۇلانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر. كۆل بويلىرىدا سان ـ ساناقسىز چايكا، ياۋا ئۆردەك، تۇرنا، قارا بويۇن تۇرنىلار يازلايدۇ. بۇ يەردە يەنە توپ ـ توپ ئارقار، جەرەن، كۆكمەن (تاغ تېكىسى) ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈيدۇ. تاغلىرىدا يىلپىز، قوڭغۇر ئېيىق بار. ئاسمىنىدا ئۇلار، ياۋا غاز، بۈركۈت، تازقارا، ئاق باش دېڭىز بۈركۈتى قاتارلىقلار پەرۋاز قىلىدۇ. ئالتۇنتاغدا ھاۋاسى نەمخۇش، يېغىن مىقدارى مول نارىنكۆل (قۇياش دەرياسى) رايونى بار بولۇپ، بۇ جاي چەكلەنگەن يەر ۋە خەتەرلىك يول ھېسابلىنىدۇ، كىشىلەر ئۇ جاينى «ئالۋاستى جىلغىسى» دەپ ئاتايدۇ. گەرچە بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل بولسىمۇ، ھاۋاسى تايىنسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر بۇ جايغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلار مۆرەككەپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ياردائىلىقلار ۋە كارست زونالىرى، بىپايان توغراقلىقلار بار...

ئالتۇنتاغدا ئالتۇن كۆپ چىقىدۇ، يەنە قاشتاش قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار بار. دەشت ـ باياۋان، كۆل، يايلاق، ئېگىز تاغ،

دەريا ـ ئېقىنلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىيە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن.
بۇنىڭدىن 4000 — 5000 يىللار بۇرۇن، ئالتۇنتاغ رايونىدا ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قوۋم ياشايتتى. ئۇلار سارغۇچ قوڭۇر چاچلىق، ئات يۈزلۈك، قاڭشارلىق ئىدى. باشلىرىغا رەڭلىك چىلتەك بىلەن زىننەتلەنگەن ئۇچلۇق ئىگىز قالپاق كىيەتتى، قالپىقىنىڭ چوققىسىغا قۇش پېيى تاقىۋالاتتى، ئۇچىسىغا يىرىك يۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان چەكمەندىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان كىيەتتى، بېلىگە پوتا باغلايتتى، پۇتىغا ئۆتۈك كىيەتتى، بويۇن، بىغىش، بەللىرىگە ئۇستىخان ياكى تاشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىۋالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئالتۇنتاغ رايونىنىڭ يەر ئۈستى ئېقىن سۇلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ھەممىلا يەرنى ياپيېشىل، بۈك ـ باراقسان ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخ قاپلىغانىدى. كىشىلەر بۇ پايانسىز يايلاقلاردا قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگىلىرىنى باقاتتى ھەم ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلايتتى. مانا بۇلار ئالتۇنتاغدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەردۇر.
كېيىن، بۇ جاي قەدىمكى نوپچان (چاقىلىق)، كىروران (پىشامشان) خانلىقىنىڭ زېمىنى بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايدا تاڭغۇتلار، ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە ساكلار ( saka )، سوغدىلار ياشىدى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇلار ئۇيغۇر، موڭغۇل چارۋىچىلار بىلەن ئارىلاش ياشىدى. خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تاڭغۇتلار بىلەن خەنزۇلار، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە موڭغۇللار، ھىندى ـ ياۋروپا ـ ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى ساك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر گىرەلىشىپ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. تاكى ھازىرغا قەدەر بۇ جايدا ئۇلارنىڭ كونا شەھەر، قەبرىستانلىق، تاشقا ئويۇلغان نوم تېكىستلىرى، ئويما يېزىقلار،

سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئىزى قاتارلىق تۈرلۈك خارابىلىكلەرنى ئۇچرىتالايمىز. بۇ جايدا يەنە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى سىرىق چاچ، كۆك كۆزلۈك «كىرۇران گۈزىلى»نىڭ قۇرۇق جەسىتى ۋە يەنە كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ شامان دىنى ئابىدىلىرى بار. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەندە بۇ جايدىكى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىرقلاردا بارا ـ بارا قېرىپ ھالىدىن كېتىپ خارابىلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە بۇ جاي بۇددا دىنى تارقالغان بىر رايون ئىدى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا دىنى ئومۇملاشمىغانىدى، كۆچمەن چارۋىچى سىرىق ئۇيغۇرلاردىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاز ساندىكىلەر بىلەنلا چەكلەندى. بۇددا دىنى خوتەن، تۇرپان، قومۇل ئەتراپلىرىدا ئەڭ كەڭ تارقالغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇنتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار بۈيۈك مەدەنىيەت ئېقىنلىرى بىلەن، مەسىلەن، تۆمۈرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى گۈللەنگەن دەۋرىدىكى تۈرك ـــ ئىران مەدەنىيىتى، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى زاڭزۇلار ئىچىدە تارقالغان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، شىمالىي ئاسىيادىكى موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلار مەدەنىيىتى، خۇاڭخې دەرياسى ھەۋزىسىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشمىغانىدى. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ نۇرى يىراقتىكى ئالتۇنتاغ ۋە قۇرۇم تاغلىرىغا چۈشكەندە تولىمۇ ئاجىز بولغانىدى.

بۇ رايوندا كىلىمات ناچارلىشىپ، ھاۋا تەركىبىدىكى سۇ تەدرىجىي ئازىيىپ يايلاقلارنىڭ كۆپ قىسمى چۆل ـ جەزىرىلەرگە ۋە قاقاس تاغلارغا ئايلاندى. يەنە كېلىپ بوران، قەھەتچىلىك، كەلكۈن، شور، قار ـ يامغۇر ۋە مۆلدۈر بۇ رايوندا كۆپ كۆرۈلىدىغان تەبىئىي ئاپەت بولۇپ قالدى. كۆچمەن

چارۋىچىلىق تەدرىجىي ھالدا بىپايان چۆل - جەزىرىلەر بىلەن قاشالانغان چەكلىك سۇ ۋە يايلاقتا ئېلىپ بېرىلىپ، موڭغۇل يايلاقلىرىدىكىدەك كەڭ كۆلەملىك چارۋىچىلىقنى يولغا قويۇشقا ئىمكان بولمىدى. شۇڭا، بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا كىچىك كۆچمەن چارۋىچىلار گورۇھىغا ئايلاندى. مانا بۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 9 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يايلىقى، يەنى ئۇلار تىرىشچان بولۇپ قىچىپ چىلانتاغ رايونىغا بېرىشتىن ئاۋۋالقى ئانا يۇرتىدۇر.

سېرىق ئۇيغۇرلار «شىجى خاجى» (ʃitsi χatsi 西至哈志) ياكى «سەجى خاجى» (sedʒi χadʒi) نى دائىم تىلغا ئالىدۇ. ئاۋۋالقىسى تۈركچە ئاتىلىشى، كېيىنكىسى موڭغۇلچە ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ جاي زادى قەيەردە؟ شىنجاڭنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «خاجى» دېگەن يەر نامى مۇجمەللا يېزىپ قويۇلغان. 1517 - يىلى چاغاتاي خانى مەنسۇرخان مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتكەن بىر ھۆججەتتە... «شىيچۇ ( 写出 )، خاچۇ ( 哈出 )، كۇيۇ ( 苦山谷 ) دىن ئىبارەت ئۈچ جايدىن ئادەم يۆتكەپ...» مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىمەن، دېگەن. شىيچۇ، خاچۇ بىلەن سەيجى ( 塞吉 )، خاجى ( 哈吉 ) ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرجىمىسى بولۇپ، ئېھتىمال موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھى بولسا كېرەك. بەزىلەر «سەيجى خاجى» دېگىنىمىز — سەس، زاخاچىلىك (sai - dʒahatʃ 塞 . 扎哈清) ياكى «سەيكى، زاخاچىلىك» ( saka - dʒahatʃ 塞克 . 扎哈清) دېگەنلىك بولۇپ، مەنىسى «زاخاچىلىك» — «باشقۇرغۇچى» ياكى «چېگرانى ساقلىغۇچى قەبىلە» دېگەنلىك، دەپ قارايدۇ. ئادەتتە «سايجى خاجى»ياكى «شىزى خازى» دېگىنىمىز — ئالتۇنتاغدىكى ئاھالىسى شالاڭ بىر يايلاق، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان

سېرىق ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بۇ جاينى بىر مەزگىل يازلىق بارگاھ، يەنى يازلىق سىياسىي مەركەز قىلغان، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ يەردە چۆلغان (قۇرۇلتاي) ئۆتكۈزۈلەتتى، تۇرلۇك خەۋەر، ئۇچۇرلار قەبىلىلەرگە شۇ يەردىن تارقىلاتتى. شۇڭا، كىشىلەر ھامان بۇ جاينىڭ نامىنى ئۇنتۇپ قالالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يايلاق كۆندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان كىلىمات سەۋەبى بىلەن چۆل ـ جەزىرىگە ئايلاندى. ئاھالىسى بەكلا ئازىيىپ كەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ جاي بىپايان دالادىكى بوران، سامادىكى پارچە ـ پارچە بۇلۇتلارنىڭ ماكانى، ئادەمىزات ناھايىتى ئاز ئاياغ باسىدىغان جاي بولۇپ قالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن بىر يامغۇرلۇق سەھەردە ئاتلىرىغا مىنىشىپ بۇ جاي بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىپ باشقا جايغا كۆچۈپ كەتتى.

ھازىر 20 ـ ئەسىردىكى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ئۆزلىرىنى «يوغور» ( 尧熬尔 ) دەپ ئاتايدىغان بىر قانچە تۇرلۇك مىللەت ۋە قەبىلە بار. مەسىلەن، موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردىكى يوغور قەبىلىسى — «يوغور موڭغۇللىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار موڭغۇل تىلىنىڭ بىرخىل ئويرات شېۋىسىنى قوللىنىدۇ. بۇ تىرىسى قارادەك ئاپپاق، قىزغىن، خۇشخۇي كۆچمەن چارۋىچىلار تاكى ھازىرغىچە قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى مۇكەممەل دېگۈدەك ساقلاپ قالغان. ئۇلار ئالتاينىڭ ئىگىز ھەم سوغۇق زونالىرىدا قوتاز، قوي ۋە ئاتلىرىنى باقىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ چاقىلىق ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان «سېرىق ئۇيغۇر»لارنىڭ پۇشتى، دەيدۇ.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا

يۇرتى ئاسىيا ـ ياۋروپانىڭ بىپايان يايلاقلىرىدۇر، يەنى ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنى مەركەز قىلغان، ھىنگان تاغ تىزمىلىرىدىن دوناي دەرياسى ساھىللىرىغىچە بولغان، ئورال تاغلىرى ۋە سىبىرىيە ئورمانلىقىدىن چىگىخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئاسىيا ـ ياۋروپانىڭ بىپايان يايلاقلىرىدۇر. مۇشۇ يايلاقلاردا ياشاۋاتقان بارلىق كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە ئېكىنچىلەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدۇر. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، بۇ يايلاقلاردا ئەركىن ياشىغان ھۇنلار، جۇرجانلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قەدىمكى زامان موڭغۇللىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، يەنى ئەجدادلىرىدۇر. قەدىمكى زاماندا، ئۇلار ھەقىقەتەن كۆپ قېتىم بىرلىككە كەلگەن خەلق بولۇپ ئۇيۇشقانىدى، لېكىن كېيىن بۇ خەلق كۆپ قېتىملىق بۆلۈنۈشلەرنىمۇ بېشىدىن كەچۈردى. بۇ خەلقتىن ئايرىلىپ چىققان بىر تارماق، يەنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئامىللىرى، نەسەبى، تىلى، ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ كەلمەكتە، چۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ باشقا ھەرقانداق بىر مىللەتكە ئوخشاش مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارمۇ باشقا ھەرقانداق بىر مىللەتكە ئوخشاش بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيەدىنلا ئىبارەت.

چىرايى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان توپ ـ توپ كۆچمەن چارۋىچىلار ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ زېمىندا بېشىدىن ھەرخىل ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزۈپ ناھايىتى تېزلا غايىب بولدى. بۇ ئېگىلمەس، قەيسەر كىشىلەر ھەممىنى ئۇن ـ تىنسىز ئىچىگە يۇتۇشقىلا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئەۋلادلىرىغا نېمىلەرنىدۇر بايان قىلىش ئىستىكىدە

بولمىغانىدى. پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىپايان يايلاقلار، ئېگىز تاغ تىزمىلىرىلا كېيىنكى ئەۋلادلارغا تالاي - تالاي جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن چارۋىچىلارنىڭ بۇرۇنقى ھېكايىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

# سەرسانلىق سەپىرى

**(1)**

نەچچە ئون مىڭلىغان بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان كىشىلەر ئۇرۇشتا، ئاچارچىلىقتا، ۋابانىڭ كاساپىتىدە ئۆلۈپ كەتتى. بەختكە يارىشا ئامان قالغانلار كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل قەلەندەر، يەنى سەرگەردان بولۇپ قالدى. كىگىز ئۆيلەردىن چارۋىچىلارنىڭ داد ـ پەريادى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مانا بۇ 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى بىپايان دالالاردۇر.

گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن بىرقانچە ئون مىڭ ئادەم ئاسمان ـ پەلەك ئوت يورۇقىدا ئانا يۇرتىدىن ئايرىلدى. چۆلدەرەپ قالغان بارگاھتا بەزى جەسەتلەر قالايمىقان ياتاتتى، بۇلار يۇرتىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان ۋە قېرى ـ ئاجىز، كېسەلچان، مېيىپلەرنىڭ جەسىتى ئىدى. يېقىندىلا بۇ بارگاھتا ئاچ قالغان كىشىلەر ھۇۋلاپ تۇرغان ئاچ بۆرىلەر بىلەن يېقىن بىر جايدا بىر ئۆلۈك تۆگىنىڭ تېپىنى (جەسىتىنى) تالاشماقتا ئىدى...

ھالبۇكى، باشقا بىر جايدا، بىر كۈنى چەكسىز قۇم ئېدىرلىرى بىلەن بىپايان يايلاقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ بىر ئىبادەتخانىدا بۇددا مۇرىتلىرى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. شەھەر ئەتراپىدا چارۋىچىلار كالا، قوي، ئات، تۆگىلىرىنى بېقىۋاتاتتى. تۇساتتىن سۈزۈك ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، كىشىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاسماندىن رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، زېمىن گويا بىر چىرايلىق

سەھنىدەك گۈلگە پۈركىنىپتۇ. لېكىن، ھەش ـ پەش دېگۈچە شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسماندىن توپا ـ توزان يېغىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئاسمان ـ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، بىر ئېگىز گەۋدە تومپىيىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئاخىردا بۇ بىپايان قۇملۇقتا ئىبادەتخانىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك مۇنارى ئاخىرقى نۇرىنى چېچىپ جىلۋىلىنىپتۇ. قېچىپ قۇتۇلغان بىرنەچچە چارۋىچى ئۈچقۇر ئاتلىرىغا مىنىپ بۇ ئەھۋالنى تاغدىكى قاغانغا يەتكۈزۈپتۇ. كېيىن، كىشىلەر بىرىپ بۇ جايدىكى قەلئە ۋە يايلاقتىن ھېچقانداق بىر ئىزنانى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. پەقەت كۆپكۆك ئاسمان باغرىدا تىمتاس ياتقان بىپايان قۇملۇقنىلا كۆرۈپتۇ.

بىر چوڭ لاما بالايىئاپەتتىن قېچىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىغا كېلىپ، رەڭگى قارا كۆك، چىرايى سۇرلۈك ياشلارغا: «مەن سىلەرگە خانتەڭرى (شامان دىنىدىكى ئالىي ئىلاھ)گە جاھىللىق بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغانىدىم، لېكىن سىلەر قۇلاق سالمىدىڭلار. مانا ئەمدى سىلەرنى پالاكەت باستى. ئەمما، مەيلى نەچچە يىللار ئۆتسۇن، ئاخىر بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. چاڭ ـ توزانىڭمۇ بېسىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، قىرغىنچىلىقمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئىبادەتخانىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك مۇنارى قايتىدىن نۇر چاچىدۇ. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا، ئۇلاغلارغا كىگىز ئۆيلىرىڭلارنى ئارتىپ بۇ يەرگە قايتىپ كېلىسىلەر، شۇ ۋاقىتتا بىز يەنە كۆرۈشىمىز. بۇ ئىلاھىنىڭ ئىرادىسى» دەپتۇ ـ دە، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ بىر ئېگىز دۆڭگە چىقىپ ئاستا ـ ئاستا غايىب بوپتۇ. ئۇ نەگە بارىدىغاندۇ؟ ئېھتىمال ئۇمۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى نۇرغۇن لامالارغا ئوخشاش قېچىپ چىڭخەيگە ياكى شىزاڭدىكى تاڭغۇتلارنىڭ ئارىسىغا بارغاندۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ھېلىمۇ مۇشۇ قارلىق تاغلار ئارىسىدىكى

دىياردا ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ قارىسىغا قاراپ بىر دەم ئۇپۇر ـ تۇپۇر بولۇشۇپتۇ. ئاندىن ئۇلاغلىرىغا كىگىز ئۆيلىرىنى ئارتىپ يېڭى يۇرت ـ ماكان ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ. بۇ ۋەقە بالايىئاپەتتىن قېچىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرنىڭ يادىدا ھېلىمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، بىر ئايال شامان (ئىلچى ـ eltʃi) مۇنداق دەپتىكەن: شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى «ئەمدۇ. تاڭغۇت» دېگەن جاينىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، بىر بوك ـ باراقسان ئورمانلىق بار ئىكەن. بۇ يەردىكى قارىغاي يېلىمى يارىدار جەڭچىلەرنىڭ جاراھىتىگە شىپا بولىدىكەن، مول رەۋەن يازدا ئاپتاپ ئۆتۈپ قالغان ئادەم ياكى ھايۋانلارغا ئىچۈرۈلسە زەھەرنى قايتۇرىدىكەن، توپ ـ توپ ئاققۇيرۇقلارنىڭ تېنىدىكى ئىپار نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا بولىدىكەن، بولۇپمۇ ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ ئۇنۇملۇك دورىسى ئىكەن... ئايال شامان بىر داڭلىق شامانغا كۆچمىدىغان يۆنىلىشنى بىلىش ئۈچۈن پال سالدۇرۇپتۇ. ئەر شامان پال سېلىپ، پالنىڭ نەتىجىسىنى بىر بالا ئويناۋېتىپ ئېيتىپ بېرىدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئوتلاقتا ئۇششاق تاشلارنى دۆۋىلەپ ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆزىتىپتۇ، بىر بالا دۆۋىلەنگەن تاشلارنى خۇددى چارۋا پادىلىرىنى ھەيدىگەندەك قولى بىلەن سىيرىۋېتىپ «ۋاي ! بىز ئەمدى كېتىدىغان بولدۇق، قارا قاغىلار قاق ـ قاق دەپ قاقىلدايدىغان، سىغىزغانلار ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرايدىغان جايغا بارىمىز...» دەپتۇ. شامان، بۇ جاي بوك ـ باراقسان ئورمانلىق تىڭكىر ئۇلا (چىلانتاغ) ۋە سۈيى، ئوت ـ چۆپى ئەلۋەك كۆكنۇر (چىڭخەي كۆلى) دۇر. بۇ ئىلاھنىڭ ئىرادىسى، دەپتۇ. ئايال شامان يەنە بىرقانچە يىللاردىن كېيىن، يۇڭى ۋە يالى كۆك بىر «كۆك دەيلىتۇ» (كۆك بۆرە) پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇر ( 尧熬尔 )لار مۇشۇ ئەركەك بۆرىنىڭ كەينىدىن ماڭسا، پەقەت تۇرلۇك مۇشكۇلاتلارغا بەرداشلىق بېرەلىسىلا بىر ئوتلاقتىن يەنە بىر ئوتلاققا بېرىپ،

ئۇزاق ئاي ـ كۈنلەر مېڭىپ، ئاخىر رىۋايەتتىكى ھېلىقى تىنىچ، باياشات بىپايان يايلاققا يېتىپ بارىدۇ، دەپتۇ. قەدىمكى زاماندا، بىر يوغان ئەركەك كۆك بۆرە ئۇيغۇرلار چوقۇنىدىغان خاسىيەتلىك ھايۋان ۋە قوغدىغۇچى ئىلاھ ئىدى. كۆك بۆرە ناھايىتى ھوشيار، چىچەن، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش، ھېسسىياتچان مەخلۇق. ئەلۋەتتە، بۇ كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر رىۋايىتىدىنلا ئىبارەت، خالاس. تارىختىكى ھەقىقىي راست ئادەم، ھەقىقىي ۋەقەلەر رىۋايەتتىن تېخىمۇ قىزىقارلىقتۇر. بالايىئاپەتتىن قېچىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ھېلىقى بىپايان ئورمانلىقنى ئىزدىگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە كىشىلەر تىرىپىرەن، بولۇپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان سەرسانلىق يوللىرىغا ماڭغان. تۈركىي ۋە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان بۇ كىشىلەر ئات، تۆگە، قوتاز، ئۆكۈزلىرىگە مىنىپ ياكى پىيادە چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، پاتىپاراق بولۇپ يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان. كىشىلەر تەقدىرىنىڭ ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ چارۋىچىلارنىڭ بىر قېتىملىق يىراققا قىلغان يۈرۈشى ئەمەس، بەلكى بالايىئاپەتتىن قاچقان بىر قېتىملىق سەرسانلىق سەپىرى بولۇپ، باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان پىلانلىغۇچىسىمۇ يوق ئىدى، ياكى ئەلگە تونۇلغان بىرەر قاغانى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «چەۋەندازلار، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، بىز يىراقتىكى بىر مۇنبەتلىك كەڭرى يايلاقنى قولغا كەلتۈرەيلى...» دېمىگەنىدى. بۇ مەڭگۈ بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان كىشىلەر تارىخ سەھنىسىدە يوقىلىشقا ئازلا قالغانىدى. ئۇلار بۇ قورقۇنچلۇق جاينى تەرك ئېتىپ، ئۇچقۇر ئاتلىرىغا مىنىپ، سەرگەردان بولۇپ يىراق جايلارغا كەتكەن.

سەرسانلىق سەپىرىدە، كىشىلەر ئۇزۇلمەي ئۆلۈپ تۇرغان، يېمەكلىكتە تۇز بولمىغاچقا باللار بىلەن ئاياللار بالدۇر ئۆلگەن. چۈنكى، ئادەممۇ نۇرغۇن ھايۋانلارغا ئوخشاش يېمەكلىكتە مەلۇم

مـقداردا تۇز بولمىسا كېسەل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار يەنە ھېلىقى سۈيى يوق جايغا دۇچ كەپتۇ. بالايىئاپەتتىن قېچىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن سەپىرىدە بىر پايانسىز قۇملۇقتا ئېزىپ قاپتۇ. ئۇلار چارۋىلىرىنى ھەيدەپ يۈرۈپ نەچچە كۈنگىچە بۇلاق تاپالماي ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزۈپتۇ. بىر ھېكايىدە ئۇلارنىڭ قۇملۇقتا سۇ ئىزدىگىنى سۆزلەنگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا، بىر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن بولغان خارغىنا ئىسىملىك قىز سۇ قاچىلانغان بىر تولۇم ۋە بىرنەچچە قازان نېنىنى ئېلىپ قەبىلىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بۇلاق ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ، ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. خارغىنانىڭ قۇملۇق دالادىكى ئىزىنى بوران كۆمۈپ تاشلاپتۇ، خارغىنامۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. كىشىلەر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇم بارخانلىرى ئارا خارغىنا كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كېيىن ئۇلار شۇنى كۆرۈپتۇكى، قىز ماڭغان يەرلەردە توپ ـ توپ چاتقال ئۈنۈپ چىقىپتۇ. چاتقاللاردا سېرىق، ئاق چېچەكلەر ئېچىلىپ تۇرغۇدەك. كىشىلەر مۇشۇ گۈللەرنى ياقىلاپ مېڭىپ، بىر بۇلاقنى تېپىپ، قۇملۇقتىن قۇتۇلۇپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇنداق گۈللەرنى «خارغىنا» گۈلى دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. بۇ گۈل پوتېنتىللا چاتقىلى ياكى كۈمۈش رەڭ پوتېنتىللا چاتقىلى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم خارغىناگۈلى ئېچىلىدىغان مەزگىلدە كىشىلەر روھىي ئازاب ئىلكىدە:

كۆرۈنمەيدۇ خارغىنا قىز،
ئېچىلىپتۇ يول بويى خارغىناگۈلى.
كەتتىڭىز قاياقلارغا خارغىنا قىز،
ئېچىلۇر بۇندا ھەر يىلى خارغىناگۈلى.
كۆرسەكلا ئېچىلغىنىنى شۇ گۈلنىڭ،
ئەسلەيمىز سىزنى خارغىنا قىز.

ئەسلىسەكلا سىزنى خارغىنا قىز،
ئېچىلۇر ھەممە يەردە خارغىناگۈلى.

دەپ قوشاق ئېيتىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر خارغىناگۈلى بار يەرگە بارسىلا، ئۇ يەردە سۇ، ئوت ـ چۆپ تېپىلىدىكەن. ئەمەلىيەتمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولغان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىدا نۇرغۇن يەرلەردە پارچە ـ پارچە خارغىنا بار. تەمسىلدە «خارغىنا كۆكسىن، باتۇساگەن كې كەي...» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ياخشى قىز ئوخشايدۇ خارغىناغا، ياخشى يىگىت ئوخشايدۇ باتۇساگەنگە» دېگەنلىكتۇر. باتۇساگەنمۇ ناھايىتى مەزمۇت، قەيسەر، ھاياتى كۈچكە ئىگە بىرخىل دەرەخ. بۇ قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ ھەربىر جۈملىسى بىر مۇكەممەل ھېكايە. يۇقىرىدا پەقەت خارغىناغا ئائىت بىرلا ھېكايە تاللاپ ئېلىندى.

ئۇلارنىڭ بالايىئاپەتتىن قېچىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن سەپىرىدە نۇرغۇن ئىنسان چىدىغۇسىز پاجىئەلەر يۈز بەرگەن، نۇرغۇن بەخت ـ سائادەت، مېھىر ـ مۇھەببەت مەڭگۈگە قايتىپ كەلمىگەن، نۇرغۇن كاتتا كىشىلەر دالادا ئاچ بۆرە، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولغان. بىھېساب قان ـ ياشلار دالادا دەريا بولۇپ ئاققان...

ئۇلار ئاخىر چايدام چۆلىگە كەلگەن، بىر قىسىم كىشىلەر سۇرتولى ( sur tolii ) ۋە بازىدۇن ( basitə ) گە كەلگەن، بىر قىسىم كىشىلەر ماڭا ـ ماڭا كۆكنور (چىڭخەي كۆلى)نىڭ غەربىي ۋە شىمالىي ساھىللىرىدىكى يايلاقلارغا بارغان. كۆكنورنىڭ غەربىي ساھىلىدا ئۇلار قورۇلتاي ئۆتكۈزگەن. چارۋىچىلارنىڭ ھاياتىدا دەريا، كۆل، دېڭىزنىڭ غەربىي ساھىلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆلنىڭ غەربىي ساھىلى قىشلىق يايلاق قىلىشقا لايىق جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئادەتتە قاتتىق بوران، قېلىن قار ئاز بولىدۇ. چارۋىلار ئوت ـ چۆپسىز قالمايدۇ. ئۇلار

كۆكنۇردا بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئارقىغا يېنىپ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى شاراكاۋتۇ ( ʃara kao.u )، بازىدۇن دەرياسى ۋە سۇرتولى يايلىقىغا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، سەرسان بولۇپ كەتكەن بىرقىسىم ئۇيغۇرلار قايتىدىن توپلانغان.

سۇرتولى ( surtolii ) ھازىر خەنزۇچە مەنبەلەردە ( 疏勒托莱 ) دەپ يېزىلىۋاتىدۇ)، «سۇر» ھەيۋەتلىك، چىرايلىق دېگەن مەنىنى، «تولى»، «توشقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «سۇرتولى»، «ھەيۋەتلىك، چىرايلىق توشقان» دېگەنلىكتۇر. بۇ يەر نامى ھەققىدە بىر تەسىرلىك رىۋايەت بار. ھېكايىدە خاڭگىر ئىسىملىك مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بىر قىزنىڭ ھەيۋەتلىك، چىرايلىق توشقان پادىشاھنى قۇتقۇزغانلىقى سۆزلىنىدۇ، تاكى ھازىرغا قەدەر سۇرتولى دەرياسىنىڭ بويىدا شەكلى توشقانغا ئوخشايدىغان بىر يوغان ئاق تاش بار. بۇ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا تارقالغان بىر رىۋايەتتۇر. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سۇرتولى مەڭگۇ قېرىمايدىغان ئايال ئىلاھ ئۇماي تۇرىدىغان كىچىك قۇرۇم رايونى، دېگەن قاراش كەڭ تارقالغان. بۇ ھەقتە يەنە ئۇماي غەربنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەن جۇمۇۋاڭنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ھېكايە بار. قەددى ـ قامەتتى كېلىشكەن، ھۆسن ـ جامالى چىرايلىق بۇ ئىلاھە ھەققەتەن بۇ قارلىق تاغدىكى كۆلدە تۇرغانمىدۇ؟ سۇرتولىنىڭ شەرقىي بېشى، يەنى (كىچىك قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي بېشى) قەدىمدىن رىۋايەت قىلىنىدىغان غەرب ئايال پادىشاھلىرى ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار توپلىنىدىغان جاي تاكى ھازىرغىچە سۇرتولى تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي باغرىدا كېيىنكى لياڭ خانلىقىنىڭ ۋالىيسى ئۇمايغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇماي تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن بىر شەخس. ئۇ پىروتېروزوي ئېراسى (يىراق قەدىمكى دەۋر)دە قۇرۇم تاغ

تىزمىلىرىدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئۇلار يولۋاسنى توتېم قىلغانىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇمايىنى ئەسلىي بىر ئىنتايىن چىرايلىق چىشى يولۋاس ئىكەن، دېيىشىدىكەن. قەدىمكى قاقاس سۇرتولى تېغى، كۆلى ۋە يايلىقى چىلانتاغ دەريالىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. قەدىمكى زاماندا، ئۇنىڭ دائىرىسى شىمالدا چىلانتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىپ، شەرقتە داتۇڭ دەرياسى (ئولان مۇرەن)نىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە بازىدۇن دەرياسىغىچە، جەنۇبىي چەيدامنىڭ شىمالىي تاغ تىزمىلىرىدىن غەربتە چىلانتاغنىڭ غەربىي بېشى ئارقىلىق ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىي بېشىدىكى تاغلارغىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مانا بۈگۈنگە كەلگەندە، سۇرتولىنىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ تولى يايلىقىلا بولۇپ قالدى. دائىرىسى چىلانتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بىر پارچە يايلاق بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

شاراكاۋتۇ ( ʃara kaotu ) «سېرىق تەكشى چوققىلىق تاغ» دېگەنلىكتۇر، يەنى ئۇ هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چىليان ناھىيەسى بىلەن مىنيۈەن ناھىيەسى تۇتىشىدىغان جايدىكى جىڭياۋلىڭ (جىڭ ياخلىڭ دەپمۇ يېزىلىدۇ) دۇر. ئۇ چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان.

بازىدۇن ( basitə )، «باسى» — «ئېگىز ۋە تىك يار، هاڭ» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، «باستە» دېگىنىمىز — «ئېگىز ۋە تىك يار، هاڭ» دېگەنلىكتۇر. بۇ يەنە «بايان بازىدۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «باياشات بازىدۇن» دېگەنلىكتۇر. بازىدۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا ئۈچ يېگانە ئېگىز ۋە تىك يارنىڭ ئۈستىدە ئۈچ توپا تۇر بار. شۇڭا، «خاۋرۋان بازىدۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئۈچ بازىدۇن» دېگەنلىكتۇر. ئەينى ۋاقىتتا، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش

ئۇچۇن توپا تۇرنىڭ ئۇستىدە دائىم ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ئادەم تۇراتتى. بىرەر ئەھۋال سېزىلگەن هامان ئۇلار دەرهال تۇردا گۇلخان يېقىپ سىگنال بېرەتتى. دەريا بويىدىكى يايلاقلاردىكى چارۋىچىلار دەرهال ئاتلىرىغا مىنىپ، قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ جەم بولاتتى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇرلار ئالتۇنتاغ ۋە چىلانتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ مېڭىپ سۇجۇ ۋە گەنجۇنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى چىلانتاغنىڭ شىمالىي تىزمىلىرىغا كەلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇجۇ، گەنجۇلاردا تۇرۇشلۇق چېرىكلىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلغاندا، قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى ئاۋتەي، سۇجۇ ۋە گەنجۇ ئەتراپلىرىغا ئاپىرىپ قىرغىن قىلدى. مىڭ سۇلالىسى يەنە تاغ بويلاپ هەر قايسى قورغانلاردا مۇداپىئەدە تۇرىدىغان چېرىكلىرىنى كۆپەيتتى. يەنە نۇرغۇن قورغان، تۇرالارنى سالدۇردى. مەسىلەن، بەيشىباۋ، چىجىنباۋ قاتارلىقلار. كېيىن، هەر يىلى دېگۈدەك ئۇيغۇر سەرگەردانلىرى بىر - بىرلەپ بۇ جايغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نۇرغۇن يىللار سەرگەردان بولۇپ جاهان كېزىپ، ئۇ جىلغىدىن بۇ جىلغىغا، ئۇ قاپتالدىن بۇ قاپتالغا بېرىپ، ئاخىر چىلانتاغقا كەلدى. هەيۋەتلىك چىلانتاغ ئۇلارغا چەكسىز ئۈمىد بېغىشلىدى.

بۇ قېتىمقى بالايىئاپەتتىن قاچقان سەرسانلىق سەپىرىنىڭ زەربىسى نۇرغۇن كىشىلەرنى قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىدىن ئايرىدى، لېكىن ئۇلار يەنىلا ناهايىتى قەيسەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناهايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ دائىم ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىسىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

ئەمما، ئەڭ باتۇر ئەزىمەتلەر، كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلىك هېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغانلار سەپەر

ئۈستىدە قازا قىلىپ كەتتى. ئۇلار يىراقتىن چىلانتاغنىڭ تاغ قىرىغا كۆز تىككەن پېتى ئۆزلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە ئادەتلىنىپ قالغان كۆزلىرىنى ئەبەدىيلىك يۇمدى. ئۇلار قېرىنداشلىرىغا باش بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭدىن، ئاخىرقى كۆلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدى. گۆر ئاغزىدىن قايتقان كىشىلەر قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتمۈشنى ئىمكانقەدەر تېز ئۇنتۇپ، تەۋرەنمەستىن تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئانا يۇرتى بۇ جايدىن ناھايىتى يىراقتا قالغانىدى. بۇ جايدا چىلانتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي باغرىدىكى كىشىلەر ئالاقىلەشكەندىن كېيىن ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋالىنى سورىشاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى سۇرتولى، بازىدۇن دەرياسى، شاراكاۋتۇدىن شىمالىي تاغ باغرىدىكى دوڭخەيزى، شىخەيزى كۆللىرى، لى يۈەنكو، خېيخېكولارغىچە پۈتۈنلەي موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپپاق كىگىز ئۆيلىرى قاپلىنىپ كەتكەنىدى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ھەر قايسى قەبىلىلەر ۋەكىل ئەۋەتىپ بازىدۇندا قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. خۇددى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەرنى قۇتقۇزغان تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن چاقىرىلغاندەك، قاتتىق جۇدۇن ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن بازىدۇن دالىلىرىدا ئاۋۋال تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىندى. ئۇلار بۇرۇنقى ئىتتىپاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەر قايسى ئوتوكلار (otok)نىڭ، يەنى قەبىلىلەرنىڭ يايلاقلىرىنىڭ چېگرالىرىنى ۋە نوتوك (notok)لار، يەنى بارگاھلىرى بىلەن ئوتلاقلىرىنى بېكىتتى. نوتوكلار قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىگىدارلىقىدا بولدى. «ئالتان ئۇرۇق جەمەتى» يەنىلا بۇرۇنقىدەك موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بولدى. ئۇلار بۇرۇنقى ئادىتى

بويىچە يول باشچىلىرىنى «خان»، «نويان»، «بەگ» دەپ ئاتىدى. شەرققە كۆچۈشتىن بۇرۇن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سەككىز ئوتوكى، يەنى سەككىز خوشۇنى بار ئىدى. خوشۇن دەسلەپتە ھەربىي ئىشتات بولۇپ، موڭغۇل خانلىرىنىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىدە تۇرىدىغان ئەسكىرى ئىدى. كېيىن بۇلاردىن بىر ئۆتۈك مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، تۇتقۇن قاتارىدا سەندۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. شۇڭا، يەتتە ئۆتۈك قالدى. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرى بالايىئاپەتتىن قېچىش سەپىرىدە ئۆلگىنى ئۆلۈپ، سەرسان بولغىنى سەرسان بولۇپ، ھەربىر قەبىلىنىڭ پەقەت ئوندىن بىر ئەتراپىدىلا نوپۇسى قالغان بولۇپ، بۇلار ئۆتۈك، نويانلىرى باشلاپ كەلگەن ئامان قالغان ئادەملەر ئىدى. بۇرۇنقى توپ - توپ چارۋا پادىلىرى ۋە چارۋىچىلار قوۋۇملىرىدا، ھازىر چارۋىلار زور مىقداردا ئازىيىپ، ئادەمنىڭ تايىنى قالمىغانىدى. شۇڭا، بۇ يەتتە ئۆتۈك قوشۇلۇپ بىر بولغاندىمۇ بۇرۇنقى بىر ئۆتۈكنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمەيتتى. كىچىك قەبىلە ۋە جەمەتلەرنىڭ ھالى تېخىمۇ خاراب بولۇپ، ئاللىبۇرۇنلا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. قۇرۇلتاي ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەردارلار ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتتى، ھەربىر سەردار ئۆزى باشقۇرىدىغان ئادەم سانىغا قاراپ، قۇرۇلتاي بەلگىلەپ بەرگەن ئوتلاق چېگراسى بويىچە، ئۆز قەبىلىسىدىكى چارۋىچىلارنى باشلاپ قىش، ياز، ئەتىياز، كۈزدىن ئىبارەت تۆت پەسىلدە بەلگىلەنگەن يول ۋە دائىرىدە چارۋىلىرىنى باقتى. ئوتلاق چېگراسى ئومۇمەن ئالغاندا ئۆزگەرمىدى، پەقەت ئايەت بولغان ۋاقىتلاردىلا بىر - بىرىنىڭ ئوتلاقلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ چارۋىلىرىنى باقتى. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن قۇرۇلتاي بازىدۇندا ئېچىلىپ تۇردى. ئۇلار يەنە بازىدۇن دەرياسى، باباۋخې دەرياسى (ئېجىنى دەرياسى)، خېيخې دەرياسى (شارگېلي) بىر - بىرىگە

قوشۇلىدىغان جايدا بىر شەھەر بىنا قىلدى. بۇ ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدىكى شەھەر «تاۋلوخوتو» (taolo χoto ) دەپ ئاتالدى. بۇ «يەتتە شەھەر» ياكى «يەتتە قەبىلىنىڭ شەھىرى» دېگەنلىك ئىدى. كېيىن بۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىدە بىر ئىبادەتخانا سېلىندى. ئۇ «ئېجىنى سۇمى» (edʒjine sume ) دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مەنىسى «غوجايىننىڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەنلىك ئىدى.

**(2)**

سېرىق ئۇيغۇرلار نېمە ئۇچۇن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان؟ يۇەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان 200 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، ئۇلار ۋابا يامراپ، ئۇرۇش ئۇزۇلمەي، كىشىلەر دائىم تۇيۇقسىز ئۆلۈپ تۇرىدىغان زامانغا دۇچ كەلدى. داۋالغۇپ تۇرغان ئەنسىز سىياسىي ۋەزىيەت، ئۇزۈكسىز خارابلاشقان ئىقتىساد، كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى خەۋپ ئىچىدە قالدى، ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. بولۇپمۇ ئۇرۇش ۋە پاراكەندىچىلىك ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھالاك قىلىپ تۈگەتتى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا، كىشىلەر دائىم دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا بېرىپ دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ ئەكېلىپ كىگىز ئۆيلىرىگە تىرەك قىلىشقا ئوخشاش، شۇنچىلىكلا كۆچ ـ مادار بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىشتى. ئورمانلىق، دەريا ساھىلى، سازلىق ۋە كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى چاتقاللىقلار جەسەت بىلەن تولدى. ئۇرۇش ـ بۇرۇنقى تەخت ۋارىسى، ئاقسۆڭەكلەرنى ۋەيران قىلدى. ئۇلارمۇ نامراتلارغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ھەممە ئادەم نامراتلىشىپ پالاكەت باستى، پۇقرالار بىزار بولۇپ جېنىدىن جاق تويدى. بۇ بىپايان زېمىندا ئون مىڭلىغان يوقسۇل، ھالىدىن كەتكەن خەلق جان

قايغۇسىدا قالغانىدى، ئۇلار باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئۇرۇشتا بىئەجەل ئۆلۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ بىر ئۇزاققا سوزۇلغان مەزگىل بولۇپ، ئاخىردا ئۇلار ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

موغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بالايىئاپەتتىن قېچىپ شەرققە كۆچۈشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1. چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى:** 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ھازىرقى شىنجاڭ قەشقەرنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنى بىلەن شامان دىنى تارقالغان رايونلاردا ئىدى. 14 ـ ئەسىردە، بۇ رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، چاغاتاي موغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قورال كۈچ بىلەن تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇلار يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قومۇللارنى بازا قىلىپ شەرقىي شىمالدىكى غەيرىي مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى.

**2. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇمشاق، قاتتىق تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىشتەك سىياستى:** مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن كۇرەك چاي، ئوتتۇغات بىلەن موغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى «توسۇق» قىلىپ چاغاتاي خانلىقى، ئويرات موغۇللىرى ۋە باشقا ھەرخىل كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىش، ئۆزىگە تارتىش سىياستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دائىم ھەرخىل ھەربىي ھەرىكەت ئارقىلىق شەرقتىن ۋە جەنۇبتىن ئۆزلىرى «موغۇللارنىڭ پۇشتى» ـــ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى دەپ قارايدىغان موغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، بۇلاپ تالىدى، ھەر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغاندا، بىرقانچە ئون مىڭ باش (تۇياق) چارۋىنى

ئولجا ئالدى، نورغۇن ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ قۇل قىلدى.

**3. ئىچكى قالالمىقانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق:** موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشى دائىم سىرتقى كۈچلەرنى ئەكىردى. مەسىلەن، چاغاتاي، ئويىراتلار ۋە مىڭ سۇلالىسى قاتارلىقلار. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلار يۈز بەردى، يەنە كېلىپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ دائىم باشقا كۈچلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا، بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشىغا ئىشتىراق قىلدى.

**4. يايلاقنىڭ چېكىنىشى ۋە كىلىماتنىڭ ناچارلىشىشى:** 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كىلىماتى بارغانسېرى قۇرغاقلاشتى. قەدىمكى زاماندا ناھايىتى چوڭ، كۆز يەتمەس، كۆلىمى 5350 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان لوپنور كۆلى شۇ يىللارغا كەلگەندە تەدرىجىي كېچىكلەپ قۇرۇپ كەتتى. ئامۇر دەرياسىدىكى بىپايان قومۇشلۇقلار يوقالدى. قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئالتۇنتاغ تەۋەلىكىدىكى يايلاقلارنى تەدرىجىي ھالدا قۇم بېسىپ كەتتى، تارىم قۇملۇقى بارغانسېرى كېڭىيىپ، نۇرغۇن يايلاقلار قۇملىشىپ، چۆل ـ جەزىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوستانلىقلاردىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىدا ئادەم گويا چۈمۈلىدەك كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى ئامۇر دەرياسىنىڭ قومۇشلۇق داللىرى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن ھىندىستان تۇتىشىدىغان ئېگىز تاغ، تىك چوققىلارغىچە كېڭەيدى. بۇ يەرلەر ھەممىگە مەشھۇر غەربىي يۇرت شىرى ياشايدىغان جاي بولۇپ، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە غەربىي يۇرت شىرىنىڭ ئىزى يوقالدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بوران، قەھەتچىلىك، كەلكۈن، يامغۇر، قار، مۆلدۈر، چاڭ ـ توزانلىق بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.

مانا بۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بالايىئاپەتلەردىن قېچىپ كۆچۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

# چىلانتاغدىكى قىزىل بۆكلۆكلەر

سېرىق ئۇيغۇرلار يېراق جايلاردىن چىلانتاغ يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كەلگەندە، چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي باغرىدىكى جايلارنىڭ كۆپ قىسمى ئادەمزات ئاياغ باسمىغان ئوتلاق ئىدى. لېكىن، بەزى ھاۋاسى ئىسسىق جىلغىلاردا ئۇلار قىزىل بۆك كىيىۋالغان كىشىلەرنى كۆرگەنىدى. بۇ كىشىلەر قويۇق قىزىل پۆپۈكلۈك قىزىل بۆك كىيەتتى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى «ئۆزئان مالغى» ( ψan malki ) دەپ ئاتىدى. بۇ قىزىل بۆكلۈكلەر دېگەنلىك ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاتامانى يۇەن سۇلالىسىنىڭ خېشى كارىدورىدا تۇرىدىغان ئەمەلدارى قۇدۇنخاننىڭ پۇشتى ئىكەن. تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل بۆكلۈك كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى تاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى «قازلاخ خارالاغ» ( qəʒlaχ χaraləχ ) دەپ ئاتىلىدىغان جايغا ماكانلاشقانىكەن. قىزىل بۆكلۈك كىشىلەر ئۆزلىرىنى «سامار» ( samar ) قەبىلىسىدىن دېيىشىدىكەن. بۇ تاڭغۇت تىلى بولۇپ، مەنىسى «قىزىل بۆك» دېگەنلىك ئىدى. قىزىل بۆكلۈك كىشىلەر تاڭغۇت تىل – يېزىقىنى قوللىناتتى. يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ چارۋىسى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار تاغ ئارىلىرىدىكى يانتۇ يەرلەردە پارچە – پارچە ئېتىزلىقلارنى بىنا قىلىپ، ئارپا، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغانىدى. ئۇچما تىك يارلارغا ۋە تاشلارغا تاڭغۇت يېزىقىدا تۈرلۈك نوم

تېكىستىلىرىنى ئويغاندى. ئۇلارنىڭمۇ سوقما تاملىق قورۇقلىرى بار بولۇپ، چىلانتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى نۇرغۇن جايلاردىكى جىلغىلاردا ئۇلارنىڭ ئىزنالىرى بار.

بىر يىلى، قىزىل بوكلۇك كىشىلەر قەبىلىسىدە چىلانتاغقا ياقا يۇرتلۇق كىشىلەر كەپتۇ، دېگەن خەۋەر كەڭ تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندا ئاجايىپ ـ غارايىپ تۇس ئېلىپتۇ. قىزىل بوكلۇكلەر ئارىسىدا يامغۇردا كىيىم ـ كېچەكلىرى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن توپ ـ توپ ياقا يۇرتلۇق چارۋىچىلارنىڭ زور قوشۇنى ئارقىمۇئارقا تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ئۇلارنىڭ يۇرتىغا كەلگەنلىكىنى كىشىلەر كۆرۈپتۇ. بۇ ئۇچىسىدا ئوقيا، يېنىدا قىلىچى بار غەلىتە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئاغزىدىن كېچىسىدە ئوت پۈركۈلىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ «ئاتقا مىنىشى، قىلىچ ئېسىشى تاتارلارغا، مىڭىش ـ تۇرۇشى سارتلارغا ئوخشايدىكەن». قىسقىسى، يېڭى كەلگەن مېھمانلار ئۇلارغا پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىكەن. ئۇلار ھەيران قالغان ھالدا كۆزىتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قىزىل بوكلۇكلەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. بۇ يېڭى كەلگەن مېھمانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىرنەچچە تۈرلۈك يېڭىلىق ئەكەپتۇ. بۇنىڭ بىرى، تاماكا ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ يەردىكى قىزىل بوكلۇكلەر بىلەن خەنزۇلار تاماكا چېكىشنى بىلمەيدىكەن. ئۇلار كېچىدە ئۇيغۇرلار تاماكا چەككەندە كۆرۈنگەن ئوت يورۇقىنى كۆرۈپ ئاغزىدىن ئوت پۈركۈلىدىكەن، دەپ بىلگەن. يەنە بىرى، بۇ يەردە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئاسىيانىڭ نەسىللىك ئېتى ـــ تومساق (tomtʃak maor) ۋە ئارغىماق (ərkəmaq maor) ئىكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «غەربىي يۇرت دۇلدۇلى»، «چىلان تورۇق»، «پەرغانە ئېتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلار مۇشۇ ئاتلار ئىدى. بۇنداق ئاتلار

تۇغما جەڭ ئېتى بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەپ بىرنەچچە دەرىجىگە ئايرىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلغاندا، بۇنداق ئاتلار باشقا جايلاردا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا، بۇنداق ئاتقا مىنگەن چەۋەندازلار، موسكۋا، كونىستانتىنۇپول، تەبرىز ۋە بېيجىڭدىكى خان سارايلىرىدا جەۋلان قىلغانىدى.

سىرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قىزىل بۆكلۈكلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم دېگۈدەك توقۇنۇش، تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ تۇراتتى. كېيىن بىرنەچچە قېتىملىق كىچىك دائىرىلىك ئۇرۇشلارمۇ بولۇپ، ھەرئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلگەنىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار سەرسان بولۇپ يۈرگەن خەلق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلارمۇ بىر توپ ئۇرۇشقا كۆنۈپ قالغان كىشىلەر ئىدى.

كۈز پەسلىدە يايلاقتا سوغۇق چۈشۈپ قالغان، يوللار پاتقاق بىر چاغدا، بېشىغا قىزىل پۆپۈكلۈك بۆك، ئۇچىسىغا ئېسىل تاڭغۇتچە نىمچە كىيگەن بىرنەچچە ئەر قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلارغا مىنىپ بازىدۇندىكى سىرىق ئۇيغۇر نويانىنىڭ بارگاھىغا كەپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ مۇسابىقىگە چاقىرغان مەكتۇپىنى ئەكەلگەنىكەن.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سىرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قىزىل بۆكلۈكلەر بازىدۇننىڭ جىستۇ دېگەن يېرىدە (يەنە بىر رىۋايەتتە خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئولان خادا دېگەن جايدا دېيىلىدۇ) بىردىن داڭلىق پالۋاننى تاللاپ، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، ئات چاپتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپتۇ. چېلىشىش مۇسابىقىسىدە قىزىل بۆكلۈكلەرنىڭ شاھزادىسى ئۆلۈپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي قىزىل بۆكلۈكلەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن يەردىن بىر ـ بىرلەپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار تىرىۋاتقان يەرلىرىنى، ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپلەرگە كۆچۈپ

كېتىپتۇ. كۆچۈشتىن ئاۋۋال، خام خىيالغا، جادۇگەرلىككە خۇشتار قىزىل بۆكلۈكلەر بۇ جايغا كېلىپ چارۋىلىرىنى بېقىۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلارنى توسۇش ئۈچۈن نۇرغۇن راھىب ۋە جادۇگەرلەرنى يىغىپ تاغ چوققىلىرىدا ئەپسۇن ئوقۇتۇپتۇ. تاكى ھازىرغىچە سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەزى تاغ چوققىلىرىدا قىزىل بۆكلۈكلەرنىڭ جادۇ قىلغان ئىزنالىرى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قىزىل بۆكلۈكلەر جادۇ قىلىپ ھەرقايسى جىلغىلاردىكى سۇ مەنبەلىرىنى ئېتىپ قويغان. شۇڭا، كېيىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەن جايلىرىدا سۇ ئۆكسۈپ قۇرغاقچىلىق بولغان.

شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چىلانتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى ئەڭ ياخشى يايلاقلارغا ئىگە بولۇپ قالغان. چىلانتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرى، بۇك ـ باراقسان ئورمانلىقلار گويا مۇستەھكەم قورغاندەك بۇ ھەسرەت چەككەن سەرگەردانلارنى قوغداپ كەلگەن.

ھەر يىلى يازنىڭ باشلىرىدا، بۇ يەردىكى دەريا ساھىللىرى، بىپايان دالالاردا ياۋا كالا، قۇلان، جەرەن، كۆكمەت، ئارقار، قارا قۇيرۇقلۇق بۆكەن ۋە مارال توپ ـ توپ بولۇپ تاغلىق جايلارغا ماڭاتتى. بۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بەھەيۋەت قوشۇنىنىڭ گۈلدۈر ـ گۈلدۈر ئاياغ تىۋىشى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئەسلىتەتتى. يايلاق ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان چارۋىچىلار قوشۇنىنىڭ دەبدەبىسىگە ئوخشاش تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلايتتى ياكى قورشاپ تۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. بۇ نازۇنېمەتلەر ئۇلارغا سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ ئۈيقۇسىز ئۇزاق تۈنلىرىدە ھەمراھ بولغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇرلار ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى. ھەر قېتىم ئوۋغا چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئوۋ ئوۋلاشتىن ھاسىل قىلغان خۇشاللىقلىرىنى ۋە ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدىكى خېيىم ـ خەتەرلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاش ئۇسسۇلىنى

ئوينايتتى. ئوۋ ئۇسسۇلى كۆپىنچە ئىككى ئادەم بىر جۈپ بولۇپ كوللىكتىپ ئوينىلاتتى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدىكى «ئىز قوغلاپ زەربە بېرىش»، «قاتتىق ئېلىشىش»، «ياۋايى ھايۋانلارنى ئېتىش»، «تەنتەنە قىلىپ ناخشا ئېيتىش» قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوۋچىلارنىڭ ياكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى دورىلاتتى. كۆرگۈچىلەر ئۆزىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتى. ئوۋچىلار مانا مۇشۇنداق شوخ، جانلىق، ئەركىن ياشايتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىپ كىشلەرگە كۇندۇزى تاغلاردا، دالالاردا چېپىپ يۈرگەن ئوۋچىلانىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كىشىلەر بىر كۈننى مانا مۇشۇنداق تەسىرلىك ھېكايىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى.

ھەر يىلى قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە چىلانتاغ رايونىدا قارا بوران تاغلاردىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ ئەكېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن تاغ باغرىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ئېچىلاتتى. بۇ چارۋىلارنى بېقىشقا پايدىلىق ئىدى. قېلىن قار ئۇزاققىچە ئوت ـ چۆپلەرنى قاپلاپ تۇرمايتتى. شۇڭا، چىلانتاغ رايونى چارۋىچىلارنىڭ پاراغەتخانىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قوتاز، ئات، تۆگە، قويلىرى بۇ جايدا ناھايىتى تېز كۆپەيدى. تاغلىق رايون قوتازلىرىنىڭ پۇتى قىسقا، يۇڭى ئۇزۇن بولۇپ، سوغۇققا چىدامىلىق بولۇپ، خەتەرلىك يوللاردا تۇرۇۋالماي مېڭىۋېرەتتى. چۆل ـ جەزىرىلەردە «قۇملۇق كېمىسى» — تۆگە بولۇش كېرەك ئىدى، تاغ ـ دەريالارغا توغرا كەلگەندە قوتاز ئىشلىتىلەتتى. بۇ تەگرىنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا چارىسى ئىدى. ئاتنىڭ چارۋىچىلار ئۇچۇن نەقەدەر زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچىلار «پەلەكتە ئەجدىھاغا يېتىدىغىنى يوق، يەردە ئاتقا يېتىدىغىنى يوق » دېگەنىكەن.

# موڭغۇل خانلىرى دەۋرىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتى

يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ جاھان بىر مەزگىل قالايمىقانلاشقاندىن كېيىن، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى يەنىلا موڭغۇل خانلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. يەنە كېلىپ بۇنداق ئەھۋال تاكى 18 ـ ئەسىردە جۇڭغار خانلىقى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغانىنىڭ ھارپىسىغىچە، سېۋىن ئارابتان، غالدان سېرىن دەۋرىگىچە داۋاملاشتى.

چىڭگىزخان دەۋرىدە، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا سۇبۇتاي نايانىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار تۇرغانىدى. كېيىن تۆلۈخانىنىڭ ئەۋلادى، يەنى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى بەھەيۋەت ۋاڭلىقتا ۋە يەنە بىر ۋاڭلىقتا تەيىنلىگەن چوبۇۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن نەنخۇۋىل، قۇدامىش، بۇيان تىمۇر، ۋېيلى، ئېلچىن، بىچەتىمۇر، ئاخابو، ئىلخاچ، بۇيان تىمۇر، ئۇناشىر، ئەنىق تىمۇر، توقتۇ، تولى تىمۇر، بوداشىر، داۋاداشرى، بۇراق، تۇغان تىمۇر، خەنشىن، شانىبا، بايىيازىد قاتارلىقلار تۇرغانىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مىڭ سۇلالىسى بۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىپ، تەسلىم بولغاندىن كېيىن يەنە ئىشقا قويۇپ ئىشلەتكەنىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بۇيان تىمۇر تىنچلاندۇرغۇچى ۋاڭلىقتا، قومۇلدىكى ئەنىق تىمۇر سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭلىقتا تەيىنلەنگەنىدى. بۇلارنىڭ ئەجدادى بىر

ئىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار شەرقىقە كۆچكەندىن كېيىن، بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى يەنىلا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ۋاڭ بولغانىدى. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ئۈزۈكسىز ئىشقا قويۇلدى.

14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئېغىر بالايىئاپەتلەرگە دۇچار بولغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچۈپ سەرسان بولۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن بالا - قازادىن قېچىپ يۈرگۈچىلەر گۇرۇھى بولۇپ قالدى. ئۇلار شەرقىقە كۆچۈپ چىلانتاغ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئويرات موڭغۇل قەبىلىسى خېتاۋ ئوردۇستىن كۆچۈپ چىلانتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى بىپايان رايونلارغا كەلگەنىدى. موڭغۇل ئويرات قەبىلىسى بۇرۇن چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدە ئىدى، كېيىن قومۇلنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سەردارى بەيجاسلان خەلپەت بەگ قەبىلىسىنى باشلاپ ئوردۇس رايونىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. 1509 - يىلى، ئويرات قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئىبلە بىلەن مەندۇلاي ئاگولېخۇي تەيجى (مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئالتۇس دەپ يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە ئالتۇس قەبىلە نامى) خېتاۋ ئەتراپىدا باتۇ مۆڭكۆ دايەنخاننىڭ ئوغلى ئۇلۇس بەيخۇنى ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا داچىڭشەن تېغىدا باتۇ مۆڭكۆ دايەنخان بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. ئۇ باتۇ مۆڭكۆ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەمنى باشلاپ چىلانتاغ ۋە چىڭخەيگە كۆچۈپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، چىلانتاغ

بىلەن چىڭخەي ئەتراپىدىكى ھەممىلا يەردە بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان ھەرمىللەت كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەچكە ناھايىتى تەستە پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى.

1532 ـ يىلى، موڭغۇل باتۇ مۆڭكۈ دايەنخاننىڭ نەۋرىسى ئالتانخان (altan χa:n) (مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئاندانخان دەپ يېزىلغان) ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى يانبىلىق مورگىن جىنوڭ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە بىرىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن، ئالتانخان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى چىڭخەينىڭ گۆربىلجىن ( سەنجياۋچېڭ، ھازىرقى خەييەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت جايلاشقان جاي ) دە ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. مەندۇلاي ئاگولېخۇ جەڭدە ئۆلدى. ئويرات موڭغۇللىرى يېڭىلگەندىن كېيىن قومۇل ۋە باركۆللەرگە قېچىپ كەتتى. ئىبلە تەيجى قومۇلدىكى چاغاتاينىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئالتانخان شەرقىي موڭغۇللار بىلەن غەربىي موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈردى. شىمالدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ۋاقىتلىق تىنچلىق ۋە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 1573 ـ يىلى، ئالتانخاننىڭ ئوردا قاراۋۇللىرى داچىڭشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئاتلىنىپ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، يېشى 60 تىن ئېشىپ قالغان قېرى خان ئاتقا مىنىپ، بېلىگە تايىنىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان چەۋەندازلار قوشۇنىنى باشلاپ، ئاپپاق قار قاپلىغان چىلانتاغدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇنىڭ قوشۇنى گەنجۇغا ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە چىلانتاغ ئېتىكىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى

ئالتانخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بىنتوخان ۋە يەنە كېيىنكى ئوردۇسلۇق بوشۇقتۇ جىنوڭ قاتارلىق كىشىلەر توپتوغرا يىرىم ئەسىر سورىدى.

1574 ـ يىلى، ئالتانخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ 2 ـ يىلى ئوغلى بىنتوخان كۆكنور بويىدا چابۇچىلى ساڭرامى (چابۇچىا ساڭرامى ياكى ياڭخۇا ساڭرامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، هازىرقى چىڭخەي گوڭخې ناھىيەسىدە)نى سالدۇردى. بەش يىلدىن كېيىن، ئالتانخان يەنە چىڭخەيگە كەلدى. شۇ يىلى يازدا، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالتانخان جابۇچىلى ساڭرامىنىڭ غەربىي يان ئۆيىدە بۇددا دىنى گېلۇ مەزھىپىنىڭ باشچىسى سۇنۇم زامۇسۇ (يەنى سۇنەن جاسۇ)نى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «گاي ھامشىگ ۋاچىردەر سائىن چۇگت بۇنانت دالاي» (bujant dalai gaihamʃig ətʃirdər saintʃəgt)، يەنى «دالاي لاما» دېگەن ھۆرمەت نامىنى ئىنئام قىلدى. بۇ «دالاي لاما» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھايات نامايەندە ـــ سۇنۇم زامۇسۇ Ⅲ دەپ ئېتىراپ قىلىنغاندى. دالاي لاما سۇنۇم زامۇسۇ Ⅲ ئون مىڭلىغان تاڭغۇت، موڭغۇل، خەنزۇ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا دىنىي تەلىم بەرگەندى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئاۋازى ئون مىڭلىغان ئادەمگە خۇددى ياز كۈنلىرى ئېگىز تاغ بېشىدا سايراۋاتقان ئۇلارنىڭ ئۈندەك ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىدىكەن. بۇ دالاي لاما يەنە ئۇلان مۇرەن دەرياسى (داتۇڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى)دا بارمىقىنى سۇغا تىقىپ تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، دەريا سۈيى تەتۈر ئېقىپ، چۆلدە بىر بۇلاق پەيدا بولغانمىش. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاتامانلىرى دالاي لاماغا ئون مىڭلىغان كالا، قوي، ئات، تۆگە ۋە يەنە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ھەدىيە قىلغان. دالاي لامانىڭ دىنىي تەلىمىدىن كېيىن، كۆكنور يايلىقىدا ھەرخىل ئات ئويۇنى، چېلىشىش ۋە ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىلىرى ۋە يەنە ھەشەمەتلىك زىياپەت، ناخشا ـ

ئۇسسۇل بەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن، نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرى بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا قاتناشقان.

بۇ دالاي لامانىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنىۋى باشچىسى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ پانىي ئالەمدىكى قاغانلار ۋە نويانلار پەقەت كىشىلەرنىڭ جىسمانىي پاراۋانلىقىنىلا باشقۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى مەنىۋى باشچىسى ياكى ھۆكۈمرانى — دالاي لاما قوغداپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆپ سانلىق سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تىبەت بۇددا دىنى بەك ئومۇملىشىپ كەتمىگەنىدى.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چىلانتاغقا كەلگىنىگە 100 يىلچە بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا دۇچار بولغان قاباھەتلىك چۈشتەك جاراھەتلەردىن تەدرىجىي قۇتۇلۇشقا باشلىغانىدى. چىلانتاغ باغرى ئۇلارنىڭ كالا، قويلىرى بىلەن تولغانىدى. بۇ مەزگىلدە، غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرى جۇڭغارىيە ( dʒun Gar ) نى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىنجاڭ ئەتراپىدا قايتىدىن باش كۆتۈردى. جۇڭغار — موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامى بولۇپ، «سول قول تەرەپ»، «كۈنچىقىش تەرەپ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. جۇڭغارىيە دەسلەپتە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، ئالتاينىڭ غەربىدىن چۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى كۆرسىتەتتى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئۇنىڭ مەركىزى ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى. مەسىلەن، «جۇڭغار خانلىقى»، «جۇڭغار قەبىلىسى» دېگەنلەر ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۆت قەبىلىسىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. بەزىدە ئويراتلارنىڭ ئويرات قەبىلىسىنى ( ψ : let ) كۆرسىتىدۇ. ئويرات — غەربىي قىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئومۇمىي نامى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى

دەۋرىدە ئۇلار تۆت قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار: دوربۆت، جۇڭغار، تۇرغۇت، خوشۇتدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر قەبىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرىنىڭ ئۆزىنىڭ جۇڭغارى (سول قول تەرىپى ) بولغانىدى.

1635 ـ يىلى دالاي لاما V جۇڭغارلارنىڭ باتۇر قۇنتەيجىسى ( batər χun tedʒi ) گە «ئېردەنى باتۇر قۇنتەيجى» دېگەن ھۆرمەت نامىنى ھەدىيە قىلغانىدى. مۇشۇ تەيجىدىن باشلاپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشتى. لېكىن، بۇ مەزگىلدە موڭغۇللارنىڭ شەرقىي رايونلىرى ئالتانخان ئۆلگەندىن كېيىن تەدرىجىي خارابلاشتى. غەربىي موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار ئويراتلىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ۋە قىسمەن تاڭغۇت قەبىلىلىرىدىن ناتۇرال باج، يەنى كالا، قوي، ئات ـ تۆگە، گۆڭگۈرت، ئالتۇن ئالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانلىرى (چوڭ ئاتامانلىرى )قەرەلسىز ھالدا ئالتاي ( altai )، ئىلى ياكى غۇلجا ( Guldʒian ) غا بېرىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ يەر موڭغۇل قەبىلىلىرى، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر قىسىم تاڭغۇتلار، بىر قىسىم تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان جايى — ئوردۇسى ( ordao ) ئىدى. شۇ چاغلاردا بۇ قۇرۇلتاي ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ چارۋىچىلىرى توپ ـ توپ يىلقىلارنى ھەيدەپ ھەرقايسى قەبىلىنىڭ قۇرۇلتاي يىغىلىش جايى — ئالتاي، ئىلى ياكى غۇلجىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. بېرىپ ـ كېلىشكە ئىككى ئاي ۋاقىت كېتەتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ

خېشى كـاربدوربدا تۇربدىغان قوشۇننى كـۆچەيتـتـى. 1628 ـ يىلـى، جاڭيې (گـەنجو) نىـڭ غەربىي جـەنۇبىـغا 40 چاقىـرىـم كېلىدىغان جايدا لىيوەنباۋ قورغىنىنى، جيـۇچۈەنىـڭ جەنۇبىـدا خۇڭيا گازارمىسىنى تەسىس قىلىپ، ھەربىرىدە 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇرغۇزدى. بۇلار موڭغۇل تىلىـنى قولـلىـنىدىغان سېرىـق ئۇيغۇر ۋە باشقا مـىللەتـلەردىن مۇداپىئە كۆرىـدىغان ۋە ئۇلارنـى باشقـۇربدىغان بـازا ئىدى. شۇنـىڭ بىلـەن بىر ۋاقىـتتا، مـىـڭ سۇلالىسى ھۆكـۈمـىتى يـەنـە ئادەم ئەۋەتـىـپ موڭغـۇل تـىلىـنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇلارنىـڭ نويانلىـرىغا تـاۋار ـ دۇردۇن، خىش چاي قاتارلىق سوۋغاتـلارنى ئەكېلىپ بېرەتتى. بۇلاردىـن باشقا يەنە بىـر پارچە چىلانتاغ يـايلاقلىـرىنى بـاشقۇربدىـغان كىنىشكا بـار ئىدى. چىلانتاغنىـڭ شىمـالىدىكى تاغ ياقىـلاپ سېلىنغان تۇرلارنىڭ كۆپ ساندىكىسىنى مىڭ سۇلالىسى غەربىي شىمـالدىكى ھەرقايـسى مىلـلەتلەردىـن ساقلىـنىش ۋە ئـۇلارنـى باشـقۇرۇش ئۈچۈن سـالغان بـولـۇپ، ئاساسـلىقى كـۈنـپېتـىـش تەرەپتىكى ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن چاغاتاي خانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سالغانىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، يىراق شەرقتىكى تاغ ـ دەريا بويىدا بىر توپ يات قوۋم خۇددى بىر مۆجىزىدەك كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تۇنگۇس ئىـرقىغا تەۋە بۇرۇنقى جۇرجىـتلار، يەنى ھـازىرقى مانجۇلار بولۇپ، ئـۇلار مانجۇرىيەنىڭ بىپايان ئورمانلىقىدا يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئـۇلارنىڭ دانا قـاغانلىـرى شېڭجىـڭ (ھازىـرقى شېنياڭ) نى دەسلەپكى پايتەختى قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىـڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەرقتىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانى لىندان باتۇخان بىلـەن بىر قاتـار قاتتىـق ئۇرۇشلارنـى قـىلغانىدى. كورچىـن دالىلىرى ۋە چاخار چۆللىرىدە توختىماي ئۇرۇش بولۇپ تۇرغـان، ئاقىـۋەتتە لىنـدان بـاتـۇخـانىـڭ مـەغلـۇپ بـولـۇشى بىـلـەن

ئاخىرلاشقانىدى. تىز پۈكمەس لىندانخان قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېچىپ، چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ساراتالا ( ʃara tala)، يەنى ھازىرقى گەنسۇ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ خۇاڭچېڭتەن ۋە دامايىڭتەن دېگەن جايلىرىغا قېچىپ كەلگەنىدى. بۇ جاي «سېرىق ئۇيغۇرلار تالاسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ جايدا چارۋا باقاتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان بۇ بىر بۆلەك سېرىق ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈزچېڭ يىللىرى بۇ جايدىن كەتكەنىدى. لىندانخان چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىنى ئىگىلەپ، دىنىي ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى كونترول قىلىپ، چىڭخەيدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئۆتسۈۋاتقان خالخا موڭغۇللىرى ( χalχa monŋ Gaol ) نىڭ تەيجىسى جاۋرى كېتۇ (چۇەنتۇخان) بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن، لىندانخانغا چېچەك چىقىپ، ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن بۇ ياش خان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر تالاسىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نائىلاج قەبىلىسىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە تەسلىم بولدى. مانا مۇشۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ لىندانخاننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى رازۋېدكا قىلىدىغان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئاسىيا ـ ياۋروپانىڭ بىپايان يايلاقلىرىدا نۇرغۇن چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئويرات موڭغۇللىرى قاينام ـ تاشقىنلىق، كەڭ كۆلەملىك مىللىي كۆچۈش ۋە يىراققا يۈرۈش قىلىش سەپىرىنى باشلىدى. ئۇلار ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە

تەڭرىتاغلىرىدىن ئالتاينىڭ خۇشبۇي يايلاقلىرىغىچە بولغان جايلاردا ھەممەيلەن كىگىز ئۆيلىرىدىن چىقىپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئەلمىساقتىن بۇيان، موڭغۇل ئېگىزلىكى قورالىلىرىنى تەخلەپ، ئاتلىرىنى توقۇپ، تەخ تۇرىدىغانلارنىڭ بارگاھ ئىدى. ۋاھالەنكى، غەربىي يۇرتتىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئەزەلدىن سودا ـ سېتىق ئىشلىرى تولىمۇ بېسىق بىر يول ئىدى.

ئويرات قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان تۇرغۇت موڭغۇللىرىنىڭ خانى خۇرئۇلۇق قەبىلىسىنى باشلاپ شەرقىي ياۋروپاغا كۆچۈپ، ۋولگا دەرياسى ۋە ئورال تاغلىرىنى ئىگىلىدى. بۇ ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىنىڭ غەربىي قىسمى ئىدى. ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ يەنە بىر تارمىقى بولغان خوشۇت موڭغۇللىرى گۇشخان (تورۇ بايخۇ نويان) قەبىلىسىنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىغا باردى. جۇڭغارىيەدە قالغان ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئويرات قەبىلىسى تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى ۋادىلىرىدىكى موڭغۇل يايلاقلىرىنى مەركەز قىلىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۆت چوڭ قەبىلىسى (يەنى ئويرات، تۇرغۇت، خوشۇت، دوربۇتدىن ئىبارەت تۆت قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، غەربتە كاسپىي دېڭىزى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە ھىنگان تاغلىرىغىچە، شىمالدا ئورال تاغلىرى، سىبىرىيە ئورمانلىقىدىن جەنۇبتا چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى ۋە ھىندىستان چېگراسىغىچە بولغان جايلارنى، جۈملىدىن بۈرۈنقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ بارلىق تېررىتورىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلارنى پۈتۈنلەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. بۇ تەخمىنەن ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئۇلار بىر قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرماقچى بولغانىدى. بۇ ھەم تارىختا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلارقلىرىدا يايلاق

ئىمپېرىيەسى قۇرماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەرىكىتى ئىدى.

گوشخان 10 مىڭ ئادەمنى باشلاپ چىڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار خوشو (ھازىرقى گاڭچا ناھىيەسى تەۋەلىكىدە)دا چوەنتوخان (جاۋرى كېتو تەيجى) نىڭ 40 مىڭ ئادىمى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپتىن 30 مىڭ ئادەم ئۆلدى. كېيىن، ئۇ جىلغا «قانلىق جىلغا» دەپ ئاتالدى. ئۇرۇشتا گوشخان غەلىبە قىلدى. ئۇ چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى سۇرتولى يايلىقىغا جايلاشتى. دالاي لاما V ئۇنىڭغا «دەنزىڭ جوجى جياۋۇ» دەپ نام بەردى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ چەۋەندازلىرى ئۇچقۇر ئاتلىرىغا مىنىپ بۇدالا سارىيىغا قاتنايدىغان بولدى. ئۇ بىر رىۋايەت ياراتماقچى بولغان. ئۇ، بۇ جايدا زاڭزۇلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بۇددا دىنى گېلو مەزھىپىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ چىڭخەي - شىزاڭ ئىگىلىكىنى بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. سۇرتولى سېرىق ئۇيغۇر نويانلىرى ۋە گوشخان ئۆزئارا ئات، قوي، كالا ۋە بۇلغۇن تېرىسى ھەدىيە قىلىشقانىدى. خوشۇت قەبىلىسى چارۋىچىلىرى بىلەن سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى بۇ چاغدا ئارىلاش چارۋا باقاتتى.

1644 - يىلى مىڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھازىرقى بېيجىڭنى پايتەخت قىلدى.

1655 - يىلى قىشتا گوشخان كېسەل بىلەن لىخاسادا ئۆلدى.

1678 - يىلى ئەتىيازدا جۇڭغار ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ خانى غالدان (kaldan χa : n) نىڭ قەبىلىسى چىلانتاغ ئەتراپىغا كەلدى.

غالدانخان خېشىدىكى بىر قىسىم تاڭغۇت ئاتامانلىرى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانىنى خېتاۋنىڭ شىمالىغا چاقىرىپ چىڭخەيدىكى خوشۇت

موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىش، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. لېكىن، خېشى، گەنسۇدا چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. كېيىنكى يىلى گىلو مەزھىپىنىڭ ئالىي سەردارى دالاي لاما V غالدانغا «بوشۇقتۇخان» ( bosqtə χan ) دەپ نام بەردى. غالدانخاننىڭ نۇرغۇن زايسانلىرى ۋە تەيجىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچى قوۋملىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇلار رايونى ۋە چىلانتاغ بويلىرىدا ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بۇ رايونلارنى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «چاجىن پۇتشىق» (tʃadʒin putʃiq) موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقىلىشقا باشلىدى. «چاجىن پۇتشىق» دېگىنىمىز ــ 1640 ـ يىلى ئويرات، خالخا قەبىلىلىرى تۈزگەن قانۇنلار ــ «1640 ـ يىللىردىكى ئويرات قانۇنلىرى» ئىدى. بۇ قانۇنلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ئۇزاق ۋاقىت تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە، ھەتتا كېيىنكى رۇسىيە قانۇنلىرىغىمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى...

غالدان بوشۇقتۇخان خۇەنبۇ (χuanbu) ئىسىملىك باش ھەربىي ۋالىينى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى باشلاپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى، چىلانتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالى ۋە باشقا رايونلارغا كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا 200 نەچچە تالانغان قوراللىق قوشۇن تۇرغان بولۇپ، ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاڭغۇتلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى يىغىشقا مەسئۇل بولغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاخباراتىنى توپلاشقا، گەنسۇ ـ چىڭخەي ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ

ۋاقىتتىكى نويانى گۈڭبۇساغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنى گۈڭبۇتەيجى دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەنىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، گۈڭبۇساغان خۇشخۇي، مۇلايىم ئادەم ئىكەن. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، بازىدۇن، شاراكاۋتۇدا ياۋا كالا، ئارقار، قۇلان ئوۋلايدىكەن. ئاتقان ئوقياسى زايە كەتمەيدىكەن. ھەر قېتىم ئوۋ ئولجىسىنى مەرتىۋىلىكلەرگىمۇ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگىمۇ تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىكەن. گۈڭبۇ ساغاننىڭ خاتۇنى (χatun) (خاتۇن ئەسلىدە خان ـ پادىشاھلارنىڭ خوتۇننى كۆرسىتەتتى. بۇ يەردە ئايالىنى كۆرسىتىدۇ) غالدانخاننىڭ سىڭلىسى، يەنى قازا قىلىپ كەتكەن باتۇر قۇنتەيجىنىڭ كىچىك قىزى ئىدى. شۇڭا، گۈڭبۇساغان ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ خېشى، چىلانتاغ ئەتراپلىرىدىكى تەسىرى ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچە ئىدى. ئۇلار جۇڭغارىيە ۋە باشقا ھەرقانداق بىر تەرەپكە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. گۈڭبۇساغان بازىدۇن، شاراكاۋتۇ، سۇرتولى ۋە تاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى يۇمۇشەن تېغى ئەتراپلىرىدا كېلىپ ـ كېتىپ چارۋىلىرىنى باقاتتى. ھەتتا ئۇ بىر مەزگىل ساراتالا (ھازىرقى خۇاڭچېڭتەن، دامايىڭتەن) ئەتراپىغا بېرىپ چارۋىلىرىنى باقاتتى. ئۇنىڭ سىياسىي مەركىزى بازىدۇندا ئىدى، لېكىن كۆپ ھاللاردا يۇمۇشەن تېغى ئەتراپىدىمۇ ياشىغانىدى. بۇ مەزگىلدە سېرىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ ئاتامانى گۈڭبۇساغاننىڭ ۋە غالداننىڭ ئادەملىرى چىلانتاغدا چېدىرلىرىنى خالىغان يەرگە تىكىپ باياشات ياشىدى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانى بىلەن جۇڭغار جۇرۇس قەبىلىسىنىڭ قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى تاكى سېۋىن ئارابتان ۋە غالدان سېرىن دەۋرىگىچە داۋاملاشتى.

جۇڭغار قوشۇنى بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇش ۋەجىدىن پاتىپاراق بولۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىلانتاغدىكى قويۇق ئورمانلىقتا ئوۋچىلار ۋە چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان

بىر كىچىك كۆچمە چارۋىچى ئۇلۇس — موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندى. 1696 ـ يىلى كۈزدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆچلەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلدى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانى گۇڭبۇساغان ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جۇڭغار تارخان زەيسان (فېئودال يەر ئىگىسى) بورچى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 7400 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ، ئېگىز تاغ، تىك چوققىلار ئارىسىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپ بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەسىرلەرنى يالاپ ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىش ناھايىتى تەس ئىكەن. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كونترول قىلىش، نازارەت قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانىغا باش بارگاھىنى چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى لى يۈەنپۇغا يېقىن كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئەسكەر ئەۋەتىپ تارخان زەيسان بورچى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ، يالاپ پايتەختكە ئەكەتكەن.

1697 ـ يىلى بوشۇقتۇخان غالدانىنىڭ قۇش مىلتىقى ۋە ئوقيا بىلەن قوراللانغان چەۋەندازلىرى ئۆزلىرىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك بىلەن قورشاۋغا ئېلىشى نەتىجىسىدە ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار بولدى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بىر كېچىسى ئاسىيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ قاغان كېسەل سەۋەبى بىلەن هازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ چائامۇتاتەي دېگەن يېرىدە قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا ئىلى ئەترىپىدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان جۇڭغارخان سېۋۇن ئارابتان (tseβanŋ arab tan) (غالدانخانىنىڭ جىيەنى)

چىلانتاغ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى قايتىدىن كونترول قىلدى. دالاي لاما سېۋىن ئارابتان «ئېردەنى، جورگېتۇ، قۇنتەيجى» ھۆرمەت نامىنى بەردى. بۇنىڭ مەنىسى «ئالىي ھوقۇقلۇق مۇبارەك ۋاڭ» دېگەنلىك ئىدى.

غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى، مەيلى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار بولسۇن، ياكى موڭغۇللار بولسۇن، بىرىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باستۇرۇشى، باراۋەر مۇئامىلە قىلماسلىق سىياسىتىدىن بولغان؛ ئىككىنچىدىن، تىبەت بۇددا دىنى گېلۇ مەزھىپىنىڭ ئالىي باشچىسى دالاي لامانىڭ چاقىرىقىدىن بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قويۇق تارىخىي مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدىن بولغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، سېرىق ئۇيغۇرلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى موڭغۇل خانىنىڭ ۋە بۇدالا سارىيىدىكى مەنۋى باشچىسى دالاي لامانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## (1)

17 ـ ئەسىردە، مىڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسى دەسلەپتە مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلدى. چىڭ سۇلالىسى چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى گەنجۇنباۋ (لىيۇەن قورغىنى) ۋە خوڭيەنباۋدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تايانچ پونكىتنىڭ ھەربىرىدە 300 ـ 400 دىن ئارتۇق پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرنى مۇداپىئەدە تۇرغۇزدى ھەم تىلماچ خەت ـ ئالاقە تەرجىمانى، قۇش مىلتىقى، پولات زەمبىرەك، تەخسىسىمان مىس ئىلمەكلىك مىلتىق، ماگنىتلىق زەمبىرەك، ئۈچ كۆزلۈك مىلتىق قاتارلىق قورال ـ ياراغ سەپلىگەنىدى. خېشى كارىدورىنىڭ جەنۇبىدىكى يول ياقىلىرىدا شەرقتىن غەربكىچە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا يېقىن جايلاردا خوڭشۇيباۋ قورغىنى، گۇچېڭباۋ قورغىنى (نەنگۇچېڭ)، لۇڭشۇباۋ قورغىنى، خۇاجەيباۋ قورغىنى، شىندۇڭباۋ قورغىنى، سىياۋقورغىنى، لىي يۈەنباۋ قورغىنى (گەنجۇنباۋ قورغىنى)، ۋېيدىباۋ قورغىنى، شۇندېباۋ قورغىنى، نۈەن چۈەنباۋ قورغىنى، خوڭيەنياۋ قورغىنى قاتارلىق قورغانلارنى تەسىس قىلدى. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە تاغ ياقىلاپ سېلىنغان سان ـ ساناقسىز تۇرلار بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە چىلانتاغدىكى تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان مىللەتلەر ۋە جۇڭغار موڭغۇللىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ تايانچ

پونكىت (قورغانلار) نى تەسىس قىلغانىدى. كاربدورنىڭ شىمالىدا بولسا، سەددىچىن سېپىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مۇداپىئە توسۇقى بولغانىدى. بۇ تايانچ پونكىتلاردا تۇرىدىغان ئەسكەرلەر مۇداپىئە كۆرۈش، نازارەت قىلىشتىن باشقا، يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاخباراتىنى توپلايتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى.

17 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چىلانتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بازىدۇن، سۇرتولى، ئۇلان مۇرەننىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاتارلىق جايلار يەنىلا گەنسۇ ـ چىڭخەيدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باش بارگاھى ئىدى. يىراقتا يۈرۈش قىلىش ۋە كۆچۈشتىن ئىلگىرى كۆچمەن چارۋىچىلار كۆپىرەك مۇشۇ جايدا دەم ئېلىپ كۈچ توپلاپ، سۇت، گۆش قاتارلىق ئوزۇقلۇق تەييارلاپ، لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ قوماندانلىرىنى سەپلەپ تەخ قىلاتتى. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى گۇشخان سۇرتولىنى بازا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالەمنى مالەم قىلغان ئۇرۇشىنى باشلىغانىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ جايدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئويرات موڭغۇللىرى، ئوردوس موڭغۇللىرى، تۇمىد موڭغۇللىرى، خالخا موڭغۇللىرى، ئويرات قەبىلىسىنىڭ خوشۇت موڭغۇللىرى ۋە كېيىن ۋولگىدىن كەلگەن ئالابۇجۇر تەيجى باشچىلىقىدىكى ئويرات تۇرغۇت موڭغۇللىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار بۇ جايدا سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغانىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى يەنىلا بازىدۇن ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سۇرتولىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نىمان قەبىلىسى، موڭغۇللاردىن دالاي قۇنتەيجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

مەلىگەن قۇنتەيجى چارۋىلىرىنى ئارىلاش بېقىپ بىللە ياشايتتى. كېيىن مەلىگەن قۇنتەيجى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چارۋىلىرىنى باقىدىغان چاغان ئۇس (tʃakan usu)دا (هازىرقى چىلىيەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىكى يەماچۇەن، ئېباۋ ئەتراپلىرى)دا سەنجياۋچېڭ قەلئەسىنى سالدۇرغانىدى. مەلىگەن قۇنتەيجى بىلەن دورجى تەيجى، گۇڭبۇ تەيجى، خۇرالاي تەيجى ئاكا ـ ئۇكا ئۇچەيلەن ۋە لۇبۇزاڭ تەيجى قاتارلىق موڭغۇل سەردارلار ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرى ــ ساغان ئۇسۇ، شاراكاۋتۇ (جىنياۋلىن) ۋە ساراتالا ( sʃara tala ـ هازىرقى سۇنەن ناھىيەسىنىڭ خۇاڭچېڭتەن ۋە سەندەن ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ دايىڭتەن دېگەن جايلىرى) غا كېلىپ ـ كېتىپ چارۋىلىرىنى باقاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 1648 ـ يىلى لياڭجو، گەنجۇدىكى سارتۇل ( sartuL ـ خۇيزۇ) دىڭ گودوڭ، مىلايىن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى باستۇرغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر قېچىپ غەربىي يۇرتقا كەتتى. 300 نەچچە ئادەم قېچىپ چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە بارغاندا بازىدۇندا تۇرۇۋاتقان موڭغۇل خورالاينىڭ ئىنىسى گۇڭبۇ تەيجى ئۆز قەبىلىسىگە قوشۇۋالدى. بۇ قەبىلىلەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالى ئېتەكلىرىگە جايلاشتى.

ساراتالا چىلانتاغدىكى ھۇنلار دەۋرىدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى تەبىئىي يايلاق ئىدى. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇبلاينىڭ بىرنەۋرە ئىنىسى قۇدۇنخاننىڭ باش بارگاھى ساراتالانىڭ سارا ئوردۇ ( sʃara ordao، يەنى بۇرۇنقى خۇاڭچېڭ، خەنزۇچە بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللاردا «黄城» دەپ يېزىلغان. هازىرمۇ خارابىسى بار) دېگەن يېرىدە ئىدى.

قۇدۇنخان چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي تەرەپلىرىدە ئۈچ

چوڭ ھەربىي ئات فېرمىسى قۇرغانىدى. ساراتالا بۇرلارنىڭ بىرىنچىسى، چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى مۇرەن تالا (muran tala) ئىككىنچىسى، ھازىرقى سۇبىي يانچىۋەن ئەتراپى ئۈچىنچىسى ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ساراتالادا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم موڭغۇللار ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار بايانھاڭگەي (beia χanŋ ke)، يەنى ھازىرقى داخۇاڭشەن تېغى، يەنجىشان تېغى)نى مەركەز قىلىپ، چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي تەرەپلىرىدىكى چاغان ئۇسۇ، شاراكاۋتۇ، بازىدۇن تۇزلەڭلىكى، سۇرتولى، يۇمۇشەن تېغى، ساراتالالاردا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. ساراتالانىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىيان دۇكو گەنسۇ بىلەن چېگرىدىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئادەتتە بىيان دۇكو ئارقىلىقلا چىلانتاغقا بېرىپ ـ كەلگىلى بولاتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىردا بۇ رايونلار تېخى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرمىگەنىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ۋە چىلانتاغ رايونى موڭغۇللارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، بۇ جايلاردا جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە قەبىلىلىرى تۇرغانىدى. تاغ يوللىرى ۋە يايلاقلاردا جۇڭغار موڭغۇللىرى قوغداۋاتقان غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرى، پارس، ئۆزبېك ۋە چېگرىدىكى ـ شىنجاڭ رايونىدىكى تاڭغۇت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ تۆگە، ئات كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، تاڭغۇتلار ۋە خەنزۇلار بىلەن سودا قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، چىلانتاغ باغرىدا، بادەن جىلىن ۋە تەڭرى قۇملۇقىنىڭ، چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى

موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئىدى.
موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ كىچىك دائىرىلىك توقۇنۇشلىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۈزۈلمىگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىن كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئەدەپسىز، ئاسان بويسۇنمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان قوۋم، دەپ قارايتتى. لىيۇەنكو، خۇڭيەنىيىڭ، يۇمۇشەنكۇ ئەتراپلىرىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق چېرىكلىرى بىلەن كۆپ قېتىملاپ توقۇنۇشۇپ بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىغانىدى. لېكىن، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ تاغ بويىدىكى ھەرقايسى قورغانلارنىڭ بازارلىرىدا تېرە، يۇڭ، سېرىق ياغ، چارۋىلارنى خەنزۇلارنىڭ رەخت ، ھاراق ۋە ئاشلىقىغا ئالماشتۇراتتى. قورغان ۋە تۇرلاردا چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى كىچە ـ كۈندۈز پوستتا تۇراتتى ۋە ئەتراپنى چارلايتتى. چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى يول بويى سېلىنغان تۇرلار گويا يۇلتۇزدەك كەڭ تارقالغان بولۇپ، بىر تۇر بىلەن ئىككىنچى تۇر قارىسا كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتا سېلىنغانىدى. بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، كۈندۈزى ئىس، كېچىسى گۈلخان (ياكى مەشئەل) ئارقىلىق ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ تۇراتتى ۋە بىر ـ بىرىگە سىگنال بېرىپ تۇراتتى. بۇ تۇرلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئويرات موڭغۇللىرى ۋە چاغاتاي ئادەملىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن سالغان مۇداپىئە سىستېمىسى ۋە سىگنال بېرىش سىستېمىسى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ ئەسلىھەلەرنى قايتا رېمونت قىلدى ۋە پۇختىلىدى. ئەمەلىيەتتە، گۇمانخور چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەمىشە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يايلاقلاردىن، تاغلاردىن تۇيۇقسىز بوراندەك كېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى غەربىي شىمال چېگرا رايوننى تېخى كونترول قىلمىغان چاغدىكى چىلانتاغ رايونى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

## (2)

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يايلىقىنىڭ دائىرىسى غەربتە سۇرتولىدىن باشلىنىپ شەرقتە هازىرقى مىنيوەن ناهىيەسى چېگشى زوي ئەتراپىدىكى شىكەر بارىس (شىر ئېغىزى) غىچە، جەنۇبتا ئۇلان مۇرەن (داتوڭخې دەرياسى) نىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شىمالىي ساھىلىدىن شىمالدا چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى شۇاڭخەيزى ۋە خالىشەن تېغى ئېتىكىدىكى بىپايان يايلاقلارغىچە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، شىكەر بارىس ۋە شاراكاۋتۇ ئېتىكىدىكى بازىدۇندا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۆكىدىكى سۆسۈن پۆپۈكنى بەلگە قىلغانىدى. بازىدۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى خېيخې دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدىن چىلانتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان جايدا قىزىل پۆپۈك بۆكلۈكلەر، يۇقىرى بازىدۇن ۋە سۇرتولى ئەتراپىدا سېرىق پۆپۈك بۆكلۈكلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر تىلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنەتتى.

بۆك ۋە باش بېزەكلىرىنى بەلگە قىلغان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى يەنىلا خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بازىدۇن ۋە باباۋشەن (نىمان ئېردەنى تېغى) ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلان مۇرەن ۋە سۇرتولى ئەتراپى ئەزەلدىنلا چىلانتاغدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باش بارگاھى بولۇپ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، گەنسۇ ـ چىڭخەيدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق ئارقا سېپى بولۇپ قالغانىدى.

1723 ـ يىلى، غالدانىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ يوقالغىنىغا توپتوغرا 26 يىل بولغانىدى. شۇ يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ باشلىرىدا، گەنسۇنىڭ جۇاڭلاڭ دۆڭشەن، شىشەن دېگەن تاغلىرى (يەنى ھازىرقى تيەنجۇ) دا تاڭغۇتلاردىن شىرسۇ، ئىرسۇ قەبىلىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى سامار ئۇرۇقىدىن بولغان لەن جەنبا باشچىلىقىدا ھەممىدىن ئاۋال چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. يەنە شۇ يىلى چىڭخەي موڭغۇللىرىدىن گۇشىخاننىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى لوبسانڭ دەنزىن شىزاڭدىن چىڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باھار سەيلىسىنى باھانە قىلىپ چويلاق نومۇچى تەيجى، ئاردان ۋېنبۇ تەيجى، زاڭبازابۇ تەيجى قاتارلىق سەككىز نەپەر تەيجىگە يوشۇرۇن خەۋەر قىلىپ، يازدا كۆكنور ئەتراپىدىكى ساغان تولۇخەي قۇرۇلتىيىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كېلىشتى. ئۇلار شىزاڭ ئالىي ھۆكۈمران گورۇھىنىڭ ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت راھىبلىرى، ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ساغان تولۇخەيدىكى يازلىق قۇرۇلتايدا كۆپچىلىك لوبسانڭ دەنزىننى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قۇرۇلتاي باشلىقى قىلىپ سايلىدى. نامى «دالاي قۇنتەيجى » بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، چىڭ سۇلالىسى بەرگەن ۋاڭ ، بېيلى، بېيزى، تۆرە قاتارلىق ئۇتۇغات ناملىرى بىكار قىلىندى. ئەتىيازدىن يازغىچە لوبسانڭ دەنزىن قاتارلىقلار ئەسكەر، ئاتلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، كېچە ـ كۈندۈز چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قۇرۇلتاي قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسى شىنجاڭ تۇرپان ـ قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتۇنتاغدىن سىچۇەن سېڭفەن ئوتلاقلىرىغا سوزۇلغانىدى.

ئاق كىگىز ئۆيلەر ۋە قارا چېدىرلار بۇ لىنىيەدە باشتىن ـ ئاخىر ئۈزۈلمىدى. ئۇرۇش سەھنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەخ

قىلىندى.

گەنسۇ ـ چىڭخەيدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەش كەڭ كۆلەمدە باشلانغان بولۇپ، موڭغۇللار، تاڭغۇتلار، خورلار (يەرلىك مىللەتلەر) ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ قېتىمقى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشكە قاتناشتى.

1724 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، يەنى يوڭجېڭنىڭ 2 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ھازىرقى چىڭخەي خۇجۇ ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى يۈنگسى ساڭرامى (گولۇڭسى ساڭرامى) ئەراپىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، يۈنگسى ساڭرامى ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار، خورلار، موڭغۇللار ۋە سېرىق ئۇيغۇلاردىن تەركىب تاپقان چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوراللىق كۈچلەر جۇاڭلاڭ دۆڭشەن تېغى (ھازىرقى تيەنجۇ) دىكى تاڭغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە قارشى تۇردى. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوشۇنلار بارگاھى خالا جېگودا ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش بۇغى يۆ جوڭچى زور قوشۇننى باشلاپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوشۇنلار گولۇڭشى جىلغىسىغا چېكىندى. يۆ جوڭچىنىڭ چېرىكلىرى يۈنگسى ساڭرامىغا يېقىن بىر جايدا كىيگەن لاما جاڭجيانى تۇتۇپ بېيجىڭغا ئەكەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يول بويى ئوت قويۇپ، قىرغىن قىلىپ، يول بويىدىكى مەھەللە، ئۆي ـ كەپىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوشۇن چېكىنىپ بىر يوغان غارغا كىرىۋالغانىدى. چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ئۇلارنى مىلتىق، زەمبىرەك بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئوت قويۇپ ئىس بىلەن تۇنجۇقتۇردى. كۆيۈپ ۋە ئىستا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلەر مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۈرۈنقى بىپايان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتلىقى ــ ساغان ئۇسۇ ئەتراپىدا، يەنى ھازىرقى چىڭخەي چىليەن ناھىيەسى ئېباۋتەن ئەتراپىدا، چىڭ

سۈلالىسى چىرىكلىرى كىلىشتىن بۇرۇن، سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قوشۇنى تاغقا چىقىپ، قوي ـ كالىلارنى سويۇپ، ئۇلۇغ ئوت يېقىپ هاراق، سۈت چېچىپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئاتلىرىغا مىنىپ ئىباۋنى ئايلىنىپ، «خۇري، خۇري» (χurii ـ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ جەڭدە ۋە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەندە توۋلايدىغان شوئارى) دەپ توۋلىغان شوئارى تاغنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا قەسەم ئىچىشكەندى. لېكىن، ئۇلار چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى.

گەنسۇ ـ چىڭخەي رايونىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، لوبىساڭ دەنزىن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى بازا ـــ چايدامدا قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ سەرسانلىق سەپىرىنى باشلىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىرقانچە قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈچلەرنى هالاك قىلىش ئۈچۈن كۈرەك چاي، دۇردۇن ـ تاۋارلارغا چېچەك كېسىلى بىمارلىرىنىڭ پىلازمىسىنى تېمىتىپ، سوۋغا ياكى چاي ـ ئات سودىسى پۈرسىتىدە شىمالىي ۋە غەربىي شىمال يايلاقلىرىغا ئېلىپ كەلدى. نەتىجىدە، شىمالىي ۋە غەربىي شىمال يايلاقلىرىدا چېچەك كېسىلى كەڭ تارقىلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى جەزملەشتى. ئەينى ۋاقىتتا، شىمالىي ۋە غەربىي شىمال يايلاقلىرىدا ئەسۋە، كېزىك، خولېرا ۋە ئاتتا بولىدىغان كۆيدۈرگە كېسىلى ئادەم چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە تارقىلىپ، نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە چارۋىلار قىرىلىپ كەتتى.

35 يىلدىن كېيىن، غەربىي شىمال يايلاقلىرىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى بىر زات ـــ ئامۇرسانا رۇسىيەنىڭ تۇبۇرۇسكىي دېگەن يېرىدە ئۆلدى. تۇبۇرۇسكىي بىر زامانلاردا سىبىرىيە (ʃibir) خانلىقىنىڭ چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ

ئاخىرقى پۇشتى كۇچۇنخان (كۇچۇمخان) نىڭ پايتەختى ئىدى. بۇ جاي 1581 ـ چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىدىن كازاكلارنىڭ باشلىقى تارماك تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدى. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەش ئاخىرلاشتى، جۇڭغار خانلىقىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاك بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشى ــ 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىردا كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىدىن، ئېكىنزارلىقتىكىلەرنىڭ يايلاقتىكىلەرگە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى ئاخىرلاشتى.

## (3)

1724 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنى كونترول قىلدى، شۇنداقلا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چىلانتاغ رايونىنىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل كونترول قىلدى. شۇ يىلى كۈزدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى نيەن گىڭياۋ بىلەن يۆ جۇڭچى سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى شىنىڭدىن گەنجوۋغا كەلدى. ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئەر ـ ئايال، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، ھەممىسىنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويلىرى ــ نەنجىڭ، سىچۇەن ئەتراپلىرىغا ئېلىپ بېرىپ تارقاق ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى. بۇ قەدىمكى زامان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئادىتى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ نۇرغۇن ئويرات موڭغۇللىرى، ئۇيغۇر (维吾尔) لار ئەسىرگە ئېلىنغاندىن

كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن يۈننەننىڭ يەنجاڭ، جياڭخۇەي، نەنجىڭ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، لياۋدۇڭ ۋە شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئەسىرگە ئېلىنغان جەنۇبلۇق مىللەتلەر يىراق شىمالغا سۈرگۈن قىلىندى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، ۋېيتنامنىڭ خۇاڭۋىن رۇان ئۇلۇسىدىكىلەر قېچىپ جۇڭگوغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئۇرۇمچىدىكى تۇدۇنخەي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار «ئەننەن ئىشلەمچىلىرى» دەپ ئاتالدى. ئەننەن — ۋېيتنامنىڭ بۇرۇنقى نامى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ۋەھىمە پەيدا بولدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانى بىر لامانى بىرنەچچە تەجرىبىلىك ئادەمنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ كېگەن لاما بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار بېيجىڭدىكى چوڭ كېگەن لامانىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر ئامالنى قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يوڭجېڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار پادىشاھقا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار تاغلىق رايوندىكى كىچىك بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بارسا ھاۋاسىغا كۆنەلمەيدۇ، ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ۋەھاكازالار دېدى. ئاخىردا پادىشاھ يوڭجېڭ گەنسۇدىكى چىڭ سۇلالىسى ۋەزىرىگە ۋە سانغۇنىغا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چىلانتاغدا قېلىپ چارۋىسىنى باقسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ئىشتىن كېيىن ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى نيەن گىڭياۋ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويانىغا: «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بىرمۇ زوراۋاننى تىرىك قويماي، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ ...» دېدى. كېيىن بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر جالات شۇ گەپ بىلەنلا ئادەملىرىنى

باشلاپ يولىغا راۋان بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گەنسۇدىكى ۋەزىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە ئوتوكنى قايتىدىن تەڭشىدى ۋە سېرىق ئۇيغۇرلانى تائغۇتلارغا قوشۇپ، ئۇلارنى «يات قوۋم» دەپ ئاتىدى. كېيىن پەرقلەندۇرۇش يۈزىسىدىن «سېرىق » دېگەن سۆزنى قوشۇپ «سېرىق يات قوۋم» دەپ ئاتىدى. چىڭ سۇلالىسى سېرىق ئۇيغۇرلانىڭ مىراسلىق سەردارلىرىنى، يەنى ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ ئەزالىرىنى «چوڭ ئاقساقال»، «ۋاڭ غوجام» ياكى «يەتتە جەمەت سېرىق يات قوۋم ئاغلاقچىسى» دەپ ئاتاپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ئەمەل نامىنى بىكار قىلدى. چوڭ ئاقسالنىڭ ئاستىدا ياندىش ئاقساقال، ياردەمچى، مەيدان باشلىقى بولۇپ، چوڭ ئاقسالنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشەتتى. ھەربىر ئوتوك (قەبىلە)دە باش، ياندىش ئاقساقال ۋە ياردەمچى قويۇلدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزى چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى بازىدۇن، خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن يەنە چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى بايىنغول (كاڭلۇڭسى ساڭرامى يېنىدىكى گەنگۇ) غا كۆچۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى بۇ جايغا كۆچۈرۈپ كېلىشتە گەنجۇ، سۇجۇدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە كونترول قىلىشىغا قولايلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتقانىدى. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باشتىن - ئاخىر غەربىي يۇرتتىن كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئەدەپسىز، بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان بىر قوۋم، دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى گەنجۇنىڭ نەنسەن تېغىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى لىيوەن بارگاھىنىڭ باش دىۋانىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەردى ۋە لىيوەنپۇدا دائىمىي تۇرۇشلۇق پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر تۇرغۇزدى. سۇجۇ ئەتراپىدىكى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى خۇڭيەن

بارگاھىنىڭ باش دىۋانىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەردى. خۇگيەن بارگاھىدىمۇ دائىمىي تۇرۇشلۇق پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر تۇرغۇزدى. پۈتۈن سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى چوڭ ئاقساقىلى (نويانى) گەنجۇ باش بۇغىغا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئاندىن گەنجۇ باش بۇغى ۋاسساللار مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلدى. باش بۇغ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى سىرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ئومۇميۈزلۈك ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، گەنجۇ باش بۇغى كونكرېت باشقۇردى. سۇجۇنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار رايونى (ھازىرقى خۇاڭنىباۋ ۋە ئۇنىڭ ئەراپىدىكى جايلار) دا داققال، شاڭيو تەيىنلەپ، سۇجۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەردى. ئەينى چاغدا ھەرقايسى جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان سىرىق ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاغلۇتلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىدە، چىڭخەيدىكى خوشۇت موڭغۇللىرى ئىچىدە ۋە خېشىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇلارنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئادەملىرى بار ئىدى. تاكى ھازىرغىچە كىشىلەر جاڭيىنىڭ شىدۇن، گەنچۈن دېگەن جايلىرىدىكى ئەن فامىلىلىكلەرنىڭ سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. جيۇچۈەن (سۇجۇ) نىڭ دۇڭگۇەنشياڭ، جيۇچۈەن نەنشياڭ، بېيشياڭ، جايابۇچۇ دېگەن جايلىرىدىمۇ يۇغۇر (尧熬尔) لارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق - ئەۋلادى بار.

چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ نۇرغۇن نويان، تەيجىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈردى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قالدۇق ئەۋلادىدىن، يەنى ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى، سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە ئوتوكىدىن بىرقىسمى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار چوڭ ئاقساقال تۇرىدىغان ۋاڭ جەمەتى

قەبىلىسىگە كېلىپ ئىش كۈتۈپ تۇرىدىغان، چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇلار چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئۇلار چۇۋقەر ئالباتۇ ( tʃuoqər albatu ) دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مەنىسى «ئارىلاش پۇقرا، ئەبجەش پۇقرا» دېگەنلىكتۇر. ئۇلار ۋاڭ جەمەتى قەبىلىسىگە ئەگىشىپ خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي ئېتەكلىرىدە چارۋىلىرىنى باقىدىغان بولۇپ قالدى. چۇۋقەر ئالباتۇلار ئارىسىدىكى لانچاق جەمەتلىكلەر نېمان قەبىلىسىدىن، غىڭسىر جەمەتلىكلەر ياڭكى قەبىلىسىدىن، توغەش جەمەتلىكلەر خائوروكوت قەبىلىسىدىن، سۇلتۇس جەمەتلىكلەرنىڭ قەبىلىسىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى پۈتۈنلەي ئالتان ئۇرۇقىدىكى ئەنجاڭ جەمەتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باشقا جەمەتلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. مانا ئەمدى باشقا جەمەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاقساقالنىڭ قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسى ئۈزۈكسىز تۈردە «چاينى ئاتقا تېگىشىش» تىن ئىبارەت باراۋەرسىز سىياسەتنى يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ھەر يىلى 113 تۇياق «چاي ئېتى» تاپشۇرىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ يەتتە ئوتوككە تەقسىم قىلىنىشى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى 15 ئات، ياڭگى قەبىلىسى 23 ئاتا، ۋۇگې ما قەبىلىسى (بەش ئات قەبىلىسى) 23 ئات، باگې ما قەبىلىسى (سەككىز ئات قەبىلىسى) 12 ئات، لور قەبىلىسى توققۇز ئات، ياغلاقار قەبىلىسى 13 ئات، خائوروكوت قەبىلىسى 18 ئات. ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى 15 ئات تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن «شىۋۇگې ماجيا» (15 ئات قەبىلىسى) دەپ ئاتالغاندىن سىرت، قالغان قەبىلىلەرنىڭ قەبىلە نامى تاپشۇرغان ئات سانى بىلەن

ئاتالمىغانىدى. نىمان قەبىلىسى ــ ئۆز مىللىي تىلىدا «نىمان» دېگەن سۆز «سەككىز» دېگەنلىك بولغاچقا، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن باگىپ مابۇلو «سەككىز ئات قەبىلىسى» دەپ خاتا چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەبىلە 23 ئات تاپشۇراتتى. بايادتاۋۇ قەبىلىسى دېگىنىمىز ــ «بەش باياد» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «بەش ئات قەبىلىسى» دەپ خاتا چۈشىنىلگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەبىلىمۇ 23 ئات تاپشۇراتتى. بۇنداق بولمىغۇر گەپ ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋال ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرۇنغانىدى.

بۇ چاغلاردا، شاراكاۋتۇ، ساغان ئۇسۇ (ئوبا، يەما چۆەن) قاتارلىق ئوتلاقلار ئاللىقاچان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىيان دۇكۇۋدىكى ساغان ئوبا (يەنى ھازىرقى ئوبا) ۋە ساغان ئۇسۇدا قورغان سېلىپ ۋە دائىمىي تۇرۇشلۇق قوشۇن تۇرغۇزۇپ، چىڭ سۇلالىسى دۇشمەن دەپ قارايدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى نازارەت قىلدى. ئۇلان مۆرەننىڭ شىمالى، شاراكاۋتۇنىڭ غەربىدىكى بىپايان يايلاقلاردا سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى قالمىدى. چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى شاراكاۋتۇدىن خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىغىچە بولغان جايلاردىكى ۋە باباۋشەن تېغى ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى چوڭ ئاقساقالغا ئەگىشىپ خېيخې دەرياسىنىڭ غەربىگە ۋە چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىغا كۆچۈپ كەتتى. خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا ئاز ساندىكى ئادەم قالدى. بۇلار يەنىلا چوڭ ئاقساقالنىڭ بىۋاستە قارشىلىق قەبىلىسى بولۇپ، «ئېچىنى ئوتوك» edʒine otok) پادىشاھ قەبىلىسى دېگەندە مەنىدە) ئاتالدى. بۇ كېيىنكى مونتى قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر، بۇرۇن، «تاغ دېسە چىلانتاغ، دەريا دېسە داتۇڭ، خېيخې دەريالىرى، تۇزلەڭلىك دېسە تولى بازىدۇن ۋە ساغان ئۇسۇ تۇزلەڭلىكلىرى بار» موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتلاقلىرى ۋە نوپۇسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

## (4)

چىڭ سۇلالىسى «چاچ چۈشۈرۈش يارلىقى»نى قايتا جاكارلىدى. قەدىمكى زاماندا، سېرىق ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭدەك بىر تال ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچ قويمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بېشىنىڭ كەينى ۋە ئوڭ ـ سول ئىككى يېنىدا كىچىك ئۆرۈمە چاچ قوياتتى، قىزلىرىغا يىگى تۇغۇلغاندا چاچ قوياتتى، ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن بېشىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە ئون نەچچە ئۆرۈمە چاچ بولاتتى، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ «چاچ چۈشۈرۈش يارلىقى» جاكارلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگەردى. ئەرلەر چىڭ سۇلالىسى پاسونىدا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويىدىغان بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گەنجۇدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىرى چىلانتاغدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى مەجبۇرىي قارىغاي كەستۈرەتتى، ئالتۇن رۇدىسى كولاتقۇزاتتى. ئاندىن ئۇلارنى قوتازلارغا ئارتقۇزۇپ گەنجۇغا توشۇتقۇزاتتى. چىڭ سۇلالىسى چىڭخەي ـ شىنجاڭ رايونىدا يۈرگۈزگەن «ۋاسساللارنى يۆلەپ، موڭغۇللارنى تىزگىنلەش» ۋە «موڭغۇللارنى يۆلەپ، ۋاسساللارنى تىزگىنلەش» تىن ئىبارەت مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان سىياسەتنىڭ تەسىرى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان تاڭغۇت قەبىلىلىرى، خورلار، سارتۇل (sartul – خۇيزۇلار) ۋە خەنزۇ تىرىقچىلىق رايونىدىكى ئاز سانلىق بۇزۇق ئادەملەر دائىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كېلىپ

تالان ـ تاراج قىلاتتى. تاغخوتلار ئاساسەن شونخوا، گويدې، گاڭچا ئەتراپلىرىدىن كەلگەن كەسپىي بولاڭچىلار ئىدى. سېرىق ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن كۈندىن ـ كۈنگە، يىلدىن ـ يىلغا نامراتلاشتى. نوپۇسى ئازىيىپ كەتتى.

ئۇلار ئۇزۇل ـ كېسىل نامراتلاشتى، بۇرۇن ئاپپاق، كەڭتاشا، راھەت چېدىرلار گۆش ۋە سۈت يېمەكلىكلىرى، سېپتا بېسىلغان كىگىز، ئەيلەنگەن تېرە، سېپتا ياسالغان ئوقيا، پىششىق تۆمۈردىن سوقۇلغان قىلىچ قاتارلىقلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئاقساقاللار ۋە بايلارنىڭ چېدىرلىرىدا كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچا ، كۈمۈش بىلەن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك ساندۇق، تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن تون، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، بورسۇق، تۈلكە، تىيىن ئاغمىخان، بۇلغۇن، مولۇن، قۇندۇز قاتارلىق ھايۋان تېرىلىرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن، كالتا جۇۋىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئات جابدۇقلىرى، جۈملىدىن ئېگەر، توقۇم، ئىچمەك، تۆشلۈك، قۇشقۇن ۋە نوختا ـ يۈگەنلىرىنىڭ ھەممىسى كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقالدى. ئۇلار ئۇزۇل ـ كېسىل نامراتلاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆپ ساندىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرىدا بىرنەچچە ئاددىي كىگىز كۆرپە، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۆڭ جۇۋا، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمەن چاپان، سېرىق ماي، قۇرۇت، ئىرىمچىك قاچىلايدىغان قوي يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمەن خالتىلاردىن باشقا نەرسىسى يوق ھالغا چۈشۈپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يوڭجېڭ دەۋرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەش ئۆلكە (خېنەن، سەنشى، شەنشى، خېبېي، سەندۇڭ) دىن ۋە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن ئاھالىلەرنى تەشكىللىك ھالدا گەنسۇ ـ چىڭخەينىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ۋە خېشى رايونىغا كۆچۈرۈپ ئەكەلدى. ئەينى

ۋاقىتتا، كۆپلىگەن جايلار چىڭ سۇلالىسى چېگرىكلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى بىلەن ئادەمسىز رايونغا ئايلانغانىدى. كۆچمەنلەر ۋە سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلار يايلاقلارنى ئېچىپ تېرىدى، مەھەللىلەرنى بىنا قىلدى. ئۈستىدە توپ ـ توپ ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن چىلانتاغ رايونىدا پۇقرالارنىڭ نۇرغۇن يېڭى تۇرالغۇلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى «ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ چېگرانى پۇختىلاش» سىياسىتىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چىڭخەيدىكى تاڭغۇت قەبىلىلىرىمۇ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىمالغا كۆچتى. 1822 ـ يىلى، ئانىما چىڭ دېگەن قارلىق تاغدىن كەلگەن تاڭغۇت ئالىك قەبىلىسى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاستا ـ ئاستا شىمالغا قاراپ كۆچتى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئوتلاقلىرىغا كەلدى. 1846 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى بازىدۇنىدا يەنە بىر قېتىم مۇداپىئە ئورنى تەسىس قىلىپ 1000دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇرغۇزدى، بىر قىسىم سېرىق ئۇيغۇرلار نائىلاج يەنە چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، خېشى رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ يەر تېرىغان، سودا بىلەن شۇغۇللانغان سارتۇل (خۇيزۇلار)لار ناھايىتى كۆپ ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىدىن بۇرۇن، خېشى رايونىدىكى سارتۇللار خەنزۇلاردىن كۆپ ئىدى. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى يىللىرى، يەنى 1862 ـ يىلىدىن 1873 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سۇجۇ ۋە خېشى رايونىدىكى سارتۇللار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خېشىدىكى سارتۇللارنىڭ كۆپچىلىكى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا، توپلاڭدا توغاچ ئوغرىلايدىغان نۇرغۇن

قاراقچىلار گۇرۇھىمۇ بار ئىدى. ئۇلار خىشنىڭ ھەرقايسى قىشلاق، بازارلىرىدىن ۋە شەھەرلەردىكى نامراتلارنىڭ گەمە ئۆيلىرىدىن كەلگەن ئالىقاپلار بولۇپ، ئۇلارنى باشلايدىغانلار كۆپ ھاللاردا باڭخۇي تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ۋەيران بولغان پومېشچىك، باي سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار قاراقچىلىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئۆزىنى تارتمايتتى. ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەرگە تۆپتىن ئوخشىمايتتى. ئەسەبىيلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قىلچە پەرقى يوق ئىدى. شۇ چاغلاردا، بىر قاراقچىلار گۇرۇھى چىلانتاغنىڭ لۇڭچياڭخې (شاراگول) دېگەن يېرىگە كەلگەن بولۇپ، بۇ كۆز كۆنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئىكەن. بايىنغول (ھازىرقى لاۋخۇگۇ )نىڭ كۆزلۈك يايلىقىدا تۇرۇپ چارۋىلىرىنى بېقىۋاتقان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نىمان قەبىلىسىنىڭ ھېچقانداق مۇداپىئە تەييارلىقى يوق ئىكەن. شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان چارۋىچىلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ. قاراقچىلار ئەرلەرنى، ياشانغانلارنى، باللارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ، ئاياللارنى دەپسەندە قىلغاندىن كېيىن، بەزىلىرىنى ئەكېتىپتۇ. بىھوش ياتقانلىرىنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بارلىق چارۋا ، مال ــ دۇنيالىرىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنە شۇ قاراقچىلار ھازىرقى خۇڭگېتا، تيەنچياۋۋەن دېگەن جايلاردا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىنى قىرغىن قىپتۇ. نىمان قەبىلىسىنىڭ كۆپ سانلىق ئادىمى قىرغىن قىلىنىپتۇ. ئامان قالغان ئون نەچچە ئۆيلۈك ئادەم تاغ ئىچىگە، ئورمان ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا، بەزىلەر كېيىن يەلاۋخۇگۇ، تيانچياۋەنگە بېرىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتى ئىچىدىن تىرىك قالغان بىرنەچچە بالىنى تېپىپ ئەكەپتۇ. تىرىك قالغان بوۋاقلار ئالىلىقاچان ئۆلۈپ قالغان ئانىلىرىنىڭ ئەمچىكىنى

ئېمىۋاتقۇدەك، بۇ جايدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بۇ قاراقچىلار قوللىرىدىكى قوش مىلتىقى، يەرلىك زەمبىرەك قاتارلىق قورال ـ ياراغقا تايىنىپ، لۈكچاكخېنى توپتوغرا 12 يىل ئىگىلەپ تۇرغان. ئۇلار تاغ، ئورمانلىقلارنى بازار قىلىۋېلىپ، بارغانلار يەردە ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىپ، كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، دەريا، تۈزلەڭلىك ـــ ھەممىلا يەر چارۋىچىلارنىڭ جەسەتلىرى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارىغا تولغان، بەختكە يارىشا ئامان قالغانلار قېچىپ تاغ، ئورمان ئارىسىغا كىرىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتلاقلىرىدا گۈللەنگەن، خاتىرجەم، باياشات مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان.

# دورجى خان ۋە ئېردەنى نويان

## (1)

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچۈپ چىلانتاغ رايونىغا بارغاندىن كېيىن، ۋاڭلار ئىچىدە يادىكارلىق قالدۇرغان ۋە ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلىنىدىغان كىشى دورجى خان (tordiʒi χan) دۇر. ئۇ يەنە دورجى قۇنتەيجى (tordiʒi χuntedʒi) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىرى. تاكى ئۇنىڭ زامانىسىغىچە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يەنىلا ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئەڭ ئالىي ئاقساقاللىرىنى ھۆرمەتلەپ «خان» (χan) دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى. لېكىن، دورجى خان بىر كىچىك خان ــ ۋاڭ ئىدى. چوڭ قاغان (پادىشاھ) ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى پەقەت بىر چوڭ ئاقساقالنىڭ ھوقۇقى بىلەن تەڭ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى خانىدۇر. دورجى خاننىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي داھىيسى بولۇشى سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچۈپ چىلانتاغقا بارغان دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدە بولغان ئىش. ئەينى ۋاقىتتا، موڭغۇللارنىڭ ئالتان خانى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى تېخى ئىگىلىمىگەنىدى. دورجى خاننىڭ قىشلىق ۋە يازلىق بارگاھلىرى پۈتۈنلەي بازىدۇن تۇزلەڭلىكى، باباۋشەن تېغى (نىمان ئېردەنى)،

ساغان ئۇسۇ (هازىرقى ئاباتەن) ئەتراپلىرىدا ئىدى. بۇ جايلار ھەم ئۇنىڭ باش قوماندانلىق بارگاھى ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، دورجى خان ئۈچ ئىش قىلدى. كىشىلەر ئۇنى «دورجى قۇتتەيجى» دەپ ئاتايدىغان چاغلاردا، ئۇ ھەر يىلى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش ئادەملىرىنى بازىدۇنغا يىغىپ، بىرنەچچە خوشۇن تۈزۈپ، ئات ئۇستىدە ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش (بوكى)، قىلىچۋازلىقتىن ئىبارەت تۈر بويىچە مەشىق قىلدۇردى. ھەرقېتىم قەبىلە باشلىقلىرىنى چاقىرىپ «قۇرۇلتاي» ئاچقاندا، ئۇ تەشكىللىگەن كىشىلەر چوڭ كۆلەمدە مۇسابىقە ئۆتكۈزەتتى. بۇنىڭغا دورجى ئۆزى باش بولۇپ قاتنىشاتتى. ئىككىنچى ئىشى: ئۇ كىشىلەرنى باشلاپ خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى «داۋلۇنخوت» نى، يەنى خۇاڭفەنسى ساڭرامى يېنىدىكى تۈپا سېپىلنى كېڭەيتىپ سالدى. ئۇ بىرنەچچە جايدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىش ۋە توپا بىلەن قورشالغان چوڭ، قوڭۇر رەڭلىك ھويلا سالغانىدى. ھويلىدا ئۆي ۋە چېتلاق بار ئىدى، تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ تىكىلگەن، كۆكتات تېرىلغانىكەن. ئۈچىنچى ئىشى: كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «دورجى خان»» دەپ ئاتىغاندا، يەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا توپلىغان. ئۇ ئالاھىدە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنيا توپلاش ئىقتىدارىمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئاساۋ ئات مىنىش، ئوۋ ئوۋلاش، چېلىشىش جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۇستۇن بولغىنىدەك ئۇستۇن ئىدى. ئۇ يۇرتىنى بېيىتقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «زەنبۇلا» دەپ ئاتىغان. بۇ تىبەت بۇددا دىنىدىكى بايلىق ئىلاھىنىڭ بىر ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ خىيالىغا توساتتىن بىر ئاجايىپ ئوي كەپتۇ. ئۇ خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇكۇناتقا چۆمگەن، ئېگىز ۋە تىك چوققىلار ئارىسىدىكى تىك ياردىن بىرنەچچە ئۆڭكۈر تېپىپتۇ ھەمدە مال ـ دۇنياسىنى شۇ

ئۆڭكۈرلەرگە مەخپىي توپلاپتۇ. ئۈچىنچى چىللە كىرىپ قەھرىتان سوغۇق بولغاندا، ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قوتان - قوتان، كالا - قويلىرىنى ھەيدىتىپ پىچاقنىڭ تىغىدەك تىك يارنىڭ باغرىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. سويۇلغان ماللارنىڭ گۆشى ۋە ئۈستىخىنىنى توڭلىتىپ تىزىپ قات - قات ئۈستىخان، گۆش پەلەمپىيى ياسىتىپتۇ. ئاندىن ئۇ كىشىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ مال - دۇنياسىنى يۇدۇتۇپ پەلەمپەي ئارقىلىق ئۆڭكۈرگە ئاچىقۇزۇپتۇ، ئاندىن مال - دۇنيانى توشۇغۇچىلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. لېكىن، كېيىن كىشىلەر يەنىلا بۇ ئۆڭكۈرلەرنى تېپىۋاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دورجى خاننىڭ ئۈچ جايدا شۇنداق ئۆڭكۈرى بار ئىكەن. بۇنىڭ بىرىنى چىڭخەي، شۇنخۇا، گۇيدېدىن كەلگەن تاڭغۇتلار بۇلاپ قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. تاڭغۇتلار كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر تاغ باغرىدا تاشلىۋېتىلگەن نۇرغۇن قاچا - قومۇچىنى كۆرۈپتۇ. ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاڭغۇتلار ئەكېتىپتۇ، ئېشىپ قالغانلىرى مىس، تۆمۈر، چاقچۇق قاچا - قۇچىلار ئىكەن. بەزى مىس قاچىلار تاكى ھازىرغىچە چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ. دورجى خاننىڭ مال - دۇنياسى ھەيران قالغۇدەك كۆپ ئىكەن. مىنگونىڭ 35 - يىلى ماۋ فامىلىلىك بىر خەنزۇ دورجى خاننىڭ قىشلىق بارگاھىغا كۆچۈپ كېلىپ يەتتە ياغاچ ساندۇق تېپىپتۇ. ساندۇقلاردىكىسى پۈتۈنلەي كۈمۈش ئىكەن. كېيىن ئۇ يەنە كولاپ ھېيقىتىن ياسالغان ناس قاپىقى، قاشتاشتىن ياسالغان شاھمات قاتارلىقلارنى تېپىپتۇ.

دورجى خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئايالى ناھايىتى ئەقىللىك، ئىقتىدارلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ ئاستا - ئاستا بىر قىسىم ھوقۇقنى ئىگىلىگەن، لېكىن، ئۇ دورجى خاننىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن ناھايىتى بىزار ئىكەن. دورجى خان ئۇنى بىدئەت يولغا كىرىپ كەتتى، كىشىلەرگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ، ئالۋاستى دەپ، ئادەم ئەۋەتىپ

تۇتقۇزۇپ ئەكىلىپ كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

دورجى خان ئاستا ـ ئاستا ئىمتىيازىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، ئاخىردا بارچە خەلق ئۇنىڭدىن بىزار بولغان، ھەتتاكى يېنىدىكى مەھرەملىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن. شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى تېزلا جىيەنى ئۇنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان. كىشىلەر ئۇنىڭ جىيەنىنى «نويان» (چوڭ ئاقساقال) دەپ ئاتىغان. يېڭى چوڭ ئاقساقالمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ گۈلخانى ئەتراپىدىن بۇ پېشقەدەم ئاقساقالغا بېشىنى تىققۇدەك بىر ئورۇن بەرمىگەن. كىشىنىڭ ھۆرمەتلىك بولۇشى ھەقىقەتەن ئەبەدىيلىك بولمايدىكەن. ياشانغان دورجى بىر يالاڭ تۆش ئوۋچى بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆزى يالغۇز خېيخې دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدىكى بىر قاقاس جىلغىغا بېرىپ تەنھا ئۆتكەن. كېيىن بۇ جاي «دورجى ئاق» دەپ ئاتالغان، بۇ جايدىكى ئۆڭكۈردىمۇ ئۇ يوشۇرۇپ قويغان مال ـ دۇنيا بار ئىكەن. ئۇ بىرنەچچە تۇپ تېرەك تۈۋىدە سوغۇر تۇتۇپ يەپ كۈن ئۆتكۈزگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن دورجى خاننىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان بىر زايسان بۇ يەردىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇرۇنقى ئاقساقىلىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، زايسان: «پېشقەدەم خان، سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ سىز ھازىر بەختلىكمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، دورجى خان كۆلكىگە ئايلاندۇرۇپ: «ئەركەكلەرنىڭ ئاخىرقى ماكانى تىك يارلاردا بولىدۇ. كۆك گۈللۈك يوتقاننى يېپىنىپ (كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلارنى دېمەكچى)، سېرىق گۈللۈك كۆرپىنى ئاستىمغا سېلىپ (ئوتلاقنى دېمەكچى) ... ئۆتۈۋاتىمەن. ناھايىتى بەختلىك مەن، ناھايىتى بەختلىك مەن ...» دەپتۇ (بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىيسى يۇغۇرلارنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تىلىدا بولۇپ قاپىيەداش كېلىدۇ).

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇ ھۆرمەتلىك ئەۋلادى ھېلىقى تېرەك تۈۋىدە قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ئاي ـ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ھېلىقى چوڭلۇقتا تەڭدىشى يوق تېرەك

چىلانتاغنىڭ كىندىك جىلغىسى «دورجى ئاق»تا هازىرمۇ بار. دورجى خان ھەققىدە ئەل ئىچىدە تارالغان ھېكايە ـ رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ھەقىقىي ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىبارەت.

**(2)**

ئارتان نويان (artan nojon) چىلىك سۇلالىسى كاڭشى خان دەۋرىدە ئۆتكەن شەخس. بەزىدە ئۇ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى دېيىلىدۇ. بەزىدە غالدان بوشۇقتۇخاننىڭ «ۋەن بۇسى» (خۇان بۇسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، جۇڭغارلار ئەۋەتكەن قوراللىق باجگىر دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت پەسىللىك بايلىقى ئادەتتە سۇرتولى، بازىدۇندىن شاراكاۋتۇغىچە بولغان جايلاردا ئىدى. بايىنغول (ھازىرقى چىلانتاغنىڭ كىندىكىدىكى لاستىڭغول) دا ئۇنىڭ قىشلىق بارگاھىنىڭ خارابىسى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئارتەن نويان ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان مېھرىبان ئادەم ئىكەن. ئۇ دائىم چېدىرىدىكى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزى «قوۋۇز» چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. سۇرتولى، بازىدۇن ۋە شاراكاۋتۇ ئەتراپلىرىدا ئۇنىڭ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان نەسىللىك يىلقىلىرى يايلايدىكەن. ئۇ يەنە چارۋىچىلارنىڭ باشقا چارۋىلارنى، مەسىلەن، تۆگە ۋە سىبىرىق كالا قاتارلىقلارنى كۆپەيتىشىگە ياردەم بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «چىلىك سۇلالىسى خانى»غا قارشى تۇرماقچى بولغان. ناھايىتى روشەنكى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى چىلىك سۇلالىسىگە قارشى كۈچلەر ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىقلارنى قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، سۇرتولى، بازىدۇن چىلىك سۇلالىسىگە قارشى ئارقا سەپ بازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئارتەن نويانىنىڭ قوتان ـ قوتان يىلقا، كالا، قويلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ چىلانتاغ ۋە كۆكنورنى بىياشات قىلغانلىقىغا ئائىت نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ۋاقىتنىڭ قىز

كۆچۈرگىلى بارغان قوشۇنى بازىدۇن دەرياسىدا توسۇلۇپ قالغان، نويانىنىڭ چارۋىچىلىرى تاغ باغرىلىرىدىكى يىلقىلارنى ھەيدەپ دەريا بويىغا ئەكىلىپ سۇغارغانىكەن، دەريا سۈيى بىردىنلا ئۇزۇلۇپ قاپتۇ. قىز كۆچۈرگىلى بارغان قوشۇن دەريادىن ئۆتۈۋاپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇبالىغەشتۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز، لېكىن بۇ ئارتەن نويانىنىڭ يىلقىسىنىڭ كۆپلۈكىدىنمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

ئارتەن نويان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر يادچى (dʒadtʃ) ئىدى. ياد ( dʒad ) قەدىمكى زاماندا ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا كەڭ ئەۋج ئالغان بىرخىل سىرلىق ئەپسۇن بولۇپ، «جان چۇلو » (dʒad tʃulor) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە تاش بولۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرى ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ تاشنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنەتتى. بۇنداق تاش گاھىدا بىر خىل جۇپ قۇيرۇقلۇق يىلاننىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن ئېلىناتتى. شۇڭا، «يىلان تاش» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ياد تاش كۆپرەك يىلان بەدىنىدىن ئېلىناتتى. سۇنەن ناھىيەسى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، بۇرۇن بىر مەزگىل راھىب بولغان ئەن جېڭخۇ بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇنداق تاشنى كۆپ قېتىم كۆرگەنىكەن. ئەپسۇن ئوقۇغاندا، بىر تاش ياكى بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە تاش ئىشلىتىلىدىكەن. تاش بىلەن ئەپسۇن ئوقۇغاندا، ھاۋا توساتتىن ئۆزگىرىپ سۆزسىز قار ياكى يامغۇر ياغىدىكەن، قار ـ يامغۇرنى توختاتقىلىمۇ بولىدىكەن. بۇنداق ئەپسۇن ئوقۇيالايدىغانلار تومۇز كۈنلىرىدە يىراق سەپەرگە چىققاندا مۇشۇ ئەپسۇننى ئوقۇپ يامغۇر ياغدۇرىدىكەن ياكى بۇلۇت پەيدا قىلىپ ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىدىكەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ھەتتا 40 ـ يىللاردا يۇغۇرلار ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا مۇشۇنداق ئەپسۇن ئوقۇشنى بىلىدىغان لامالار، شامان «ئىلچى»لىرى بولغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىرمۇ قىسمەن ئەرەب كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى، ئىران، تۈرك ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا مۇشۇنداق ئەپسۇن ئوقۇيدىغانلارنى

ئۇچراتقىلى بولىدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىلىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ مەلۇم بىر سانغۇنى چەۋەندازلارنى باشلاپ دۇكونى كېزىپ، ساغان ئۇسۇ (ھازىرقى چىڭخەينىڭ چىلىيەن ناھىيەسىنىڭ ئوباتەن، يەماچۇەن دېگەن يەرلىرى ) دا بازىدۇندىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەركىزىگە قاراپ دەبدەبە بىلەن ئىلگىرىلىگەن. سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى لەپەڭلىتىپ كېلىۋاتقان چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ ھودۇقۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، ماھارىتى قالتىس ئارتان نويان ئېتىغا مىنىپ، چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى كۆرۈنگۇدەك بىر دۆڭگە چىقىپ، كىچىك ئاق چېدىرىنى تىكىپ، ئۆزى دۆڭدە ئولتۇرۇپ، قوينىدىن بىرنەچچە تال توق قىزىل ياد تېشىنى ئېلىپ، توختىماستىن كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىلا قارا بوران چىقىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قارا يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. قاتتىق بوراندا تاغ باغرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرمۇ يادەك ئېگىلىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا شاپىلاقتەك، مۇشتۇمدەك قار، مۆلدۈر يېغىپتۇ. مۆلدۈر چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى كومشايتىۋېتىپتۇ. چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىرى گاڭگىراپ، ئېگىز ـ پەس كىشنەپ، ھەرتەرەپكە قالايمىقان چېپىشقا باشلاپتۇ. چىلىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ ئۇششۇپ قېتىپ قالغان قوللىرى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇشقا، پۇتلىرى ئۇزەڭگىگە دەسسەپ ئولتۇرۇشقا يارىماي قاپتۇ. ئۇلار سوغۇقتا ئەقلىدىن ئېزىپ، توپ ـ توپ بولۇپ توڭگۇلۇپ قاپتۇ. ئەتىسى كۈن چىققاندا، كىشىلەر ساغان ئۇسۇدا قىيما ـ چىيما بولغان جەسەتلەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار باشلىرىنى قولتۇقىغا تىقىپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ماكچايتىپ ، يادەك پۈكلىنىپ، دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ، قوراللىرىنى قۇچاقلىغان پېتى ياتقۇدەك.

ئالاھازەل كاڭشى خانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئارتەن نويان ئارتىبرىيە تومۇرى يېرىلىپ بازىدۇندا قازا قىلغان.

# ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى

سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى سىبىرىيە، موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە تۇركىستان، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ئەسىرلەر بويى سەرسان بولۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار بۇ ھاۋاسى سوغۇق بىپايان ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشىغان جەڭچى ۋە ئوۋچىلار بولۇپ، موڭغۇل ۋە تۈرك تىلىدا ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنى، باتۇر جەڭچىلىرى ۋە ئۇلۇغ قاغانلىرىنى كۈيلەيدىغان تارىخىي داستانلارنى، قوشاقلارنى، شېئىرلارنى يازغانىدى. بۇلار ھازىرغىچە ئەل ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان.

بۇ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشتۇر. ئاسىيانىڭ بۇ شىجائەتلىك، باتۇر كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلىرى ئوچۇق ـ يورۇق، كۆكسى ـ قارنى ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھەممىنى قوبۇل قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى سىرتقا يۈزلىنىشچانلىققا ئىگە.

سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ياشىغان دەۋرىدىلا سىبىرىيەنىڭ بىرخىل قەدىمكى يېزىقى ــ تۈرك يېزىقىنى قوللانغانىدى. بۇ يېزىق دەسلەپتە يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى زامان قىرغىزلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقانىدى. بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئاساسلىق ئابىدە تېكىستى موڭغۇلىيەنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋە سىبىرىيەنىڭ

يىپنسەي دەرياسى ئەتراپلىرىدا تىپىلغانلىقى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ بۇ يېزىق تاشقى شەكلى جەھەتتە قەدىمكى زاماندا گېرمانلار قوللانغان رۇنىك يېزىقىغا بەكمۇ ئوخشايدىغان بولغاچقا، تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى ياكى ئورخۇن ـ يىپنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتالدى. كېيىن ئۇيغۇر ئۇلۇسى (ئۇيغۇر قاغانلىقى) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن، يەنە غەربىي ئاسىيادىكى سۇرىيەدىن كىرگەن سوغدى يېزىقىنى قوللاندى ۋە سوغدى يېزىقىغا ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلدى. دەسلەپكى چاغلاردا بۇ بىرخىل تۈرك تىلىدىكى ھەرپلەرنى قوشۇپ يازىدىغان يېزىق بولۇپ، 22 ھەرپ بار ئىدى، ئادەتتە يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە تىك يېزىلاتتى. قۇر تەرتىپى سولدىن ـ ئوڭغا ئىدى، ھەرپ شەكلىدە ياغاچ ئويما مەتبەئە شەكلى، نوم شەكلى ۋە يازما شەكلى بار.

لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقى ئۇيغۇلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئاندىن كەڭ ئومۇملاشقان ۋە قوللىنىلغانىدى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلىدىغان يېزىقنى، يەنى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللاندى. شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا يەنىلا ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا بۇ يېزىق تاكى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە قوللىنىلغانىدى. ئۇلار قوللىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بۇ يېزىق بىلەن بىر ئۈچۈن نۇرغۇن مانى دىنى، بۇددا دىنى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت قىممەتلىك بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەدەبىيات ئىجادىيەتلىرىدە بۇددا دىنى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئاچاريا شۈەنزاڭنىڭ ئىش ئىزلىرى (بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى مېھىر ـ شەپقەتلىك تىرىپتاكا ئاچاريا تەزكىرىسى)نى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇرلاردىن سىڭقۇسەلى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلغانىدى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا

نوملىرىدىن يەنە «ئابىدا راماكۆشاردى شاشىر»، «سەككىز مۆزەككەر قەسىدىسى» قاتارلىقلار بار. «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» نى كېيىنرەك، يەنى 1687 ـ يىلى (كاڭشى خاننىڭ 26 ـ يىلى) گەنسۇدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان بىر سېرىق ئۇيغۇر ئۇيغۇر (يۇغۇر) يېزىقىدا يازغانىدى. لېكىن، بۇ چاغدا بۇنداق كەڭ قوللىنىلىغان تۈرك تىلىدا يېزىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇنى بىلىدىغانلار تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بۇتخانىلارنىڭ راھىبلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، قىتان يېزىقى (قىتان كىچىك ھەرپى)، موڭغۇل يېزىقى ۋە مانجۇ يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ھەپلەرنى قوشۇپ يېزىشتا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئۇلۇسى (ئۇيغۇر قاغانلىقى) دەۋرىدە، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە بىر قىسىم كىشىلەر مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئۇيغۇر مانى دىنى مۇرىتلىرى بەزى ئەسەرلەرنى مانى يېزىقىدا يازغانىدى. مانى يېزىقىمۇ سۇرىيەدىن كىرگەن بىرخىل يېزىق ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندىن كېيىن، بىرقىسىم كىشىلەر يەرلىك قەدىمكى كۇسەن، كىنگىت كىشىلىرىدىن كۇسەن ـ كىنگىت يېزىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ قوللاندى، بۇ يېزىق بىراخمان يېزىقى دەپ ئاتالغانىدى. بۇ يېزىق ھىندىستان بىراخمان يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىيپاش شەكلىدىن بارلىققا كەلگەنىدى. مانى يېزىقى ۋە بىراخمان يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەسەرلىرىدە ۋە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى خىل تىلنىڭ تەرجىمىسىدە قوللىنىلغانىدى. ئۇيغۇر يېزىقى (يۇغۇر يېزىقى) غا ئوخشاش دەھرىي ئىشلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلمىغانىدى.

چىڭگىزخان دەۋرىدە، چىڭگىزخان ئۇيغۇر تاتاتۇڭاغا ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە ئاساسەن موڭغۇل يېزىقىنى، يەنى ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىنى (回鹘式蒙故) ئىجاد قىلدۇرغانىدى. بۇ يېزىق يۈەن سۇلالىسى ۋە تۆت چوڭ خانلىق (ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي خانلىقى، تەڭرىتېغى، ئالتاي ۋە سىبىرىيەدىكى ئوگېداي خانلىقى، ئىراندىن شىمالىي كاپكاز ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردىكى ئىل خانلىقى) نىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىقى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ يېزىق ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلارقلىرىدا توسالغۇسىز قوللىنىلغانىدى. موڭغۇل قەبىلىلىرى سىرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىنى تەڭ قوللىنىدىغان رايون بولۇپ قالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر (يۇغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلىدىغان ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ئادەتتە قومۇلدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئاندىن ئەسلىي نۇسخىسىنى قوشۇپ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلەتتى. كېيىن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا يات قوۋملار سارىيى تەسىس قىلىپ، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى تەرجىمە قىلىدىغان خادىملارنى مەخسۇس تەربىيەلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قوچۇ سارىيى يات قوۋملار سارىيىغا قاراشلىق بىر تارماق ئورگان بولۇپ، ئۇ مەخسۇس غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ يازما تەرجىمە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا تىلغا ئېلىنغان قوچۇ يېزىقى دەل يۇغۇر يېزىقى، يەنى ئۇيغۇر يېزىقىدۇر. ۋاسساللار يېزىقى ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇسۇلمانلار يېزىقى ( 回回字 ) ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى «قوچۇ سارىيى دەرسلىكى»، «قوچۇ

سارىيىدىكى ئالاقىلەر»، «قوچۇ سارىيىدىكى تۈرلۈك يازمىلار» ۋە خەنزۇ ـ يات قوۋملار تىلى تەرجىمىلىرىدە مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئەۋەتكەن نۇرغۇن خەت ـ ئالاقىلىرى خاتىرىلەنگەندى. ھازىر «قوچۇ سارىيى دەرسلىكى» نىڭ تۆت جىلدى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى ئۈچ جىلدىدا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى قوشۇپ بېرىلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئىككى خىل يېزىقنى قوللانغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، تۈركچە ھەرپلەرنى قوشۇپ يازىدىغان ئۇيغۇر يېزىقى؛ يەنە بىرى، موڭغۇلچە ھەرپلەرنى قوشۇپ يازىدىغان ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەت بويىچە نۇرغۇن موڭغۇللار ۋە تۈركلەر ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىنىمۇ ئۇيغۇر يېزىقى ياكى يۇغۇر يېزىقى دەپ ئاتىغانىدى. سېرىق ئۇيغۇرلار جۇڭغار خانلىقى بىلەن چاغاتاي خانلىقىغا ئەۋەتىلىدىغان خەت ـ چەكلەردە ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىنى قوللانغانىدى. ھازىرمۇ پېشقەدەم راھىب بەيتۇستان ۋە ئەنجالىڭ، لوبساڭ قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقالغان تارىخىي داستان «شات» (تولۇق ئاتىلىشى) «شاشتىر» (s.a.sitər) مەنىسى «تارىخ»، «كېسارخان» (keser χ:an) ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. بۇ داستاننى كۆچۈش سەپىرىدە ئالاھىدە تاللىغان ئات ياكى كالىغا ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئالىملىرى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان بىرنەچچە داستاننىڭ قول يازمىسىنى بايقىغان. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان «ئالېكساندىر ھېكايىسى» نىڭ مەزمۇنىدا ئالېكساندىرنىڭ

«ئابىھايات سۇيى» ئىزدىگەنلىكى بايان قىلىنغان. سېرىق ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن «1640 ـ يىلىدىكى ئويىرات قانۇنلىرى»مۇ دەسلەپتە مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغانىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە مىڭ سۇلالىسىنىڭ «خەنزۇ ـ يات قوۋملار تىلى تەرجىمىلىرى» دىمۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى (يۇغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان خەت ـ ئالاقىلىرى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان) خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقى يۈەن، مىڭ سۇلالىرىدىن ئىبارەت ئىككى سۇلالە دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ خودام موڭغۇل يېزىقى ۋە تود موڭغۇل يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق بارلىققا كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەرپلىرى ۋە ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلىنىڭ ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقى بار ئىدى. كىشىلەر بۇ ئىككى خىل يېزىقنى موڭغۇل ئوسۇك ( monŋ Gaol osuk ) دەپ ئاتىغان. بۇ ئىككى خىل يېزىق جۇڭگو موڭغۇللىرى قوللانغان يېزىقتۇر، بۇ كېيىنكى گەپ. قەدىمكى زاماندا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقنى قوللىنىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق جايدا بولسۇن، تىلنىڭ مەدەنىيەتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، سېرىق ئۇيغۇرلار قايسى تىلنى قوللانغان بولسا، شۇ مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولغان. تىل ــ بىر مىللەتنىڭ تارىخىنىڭ ئىنكاسىدۇر. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركىي تىللىق كۆچمەن چارۋىچىلار مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ، موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلار مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ، يەنە كېلىپ بۇ ئىككىسى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى ئالتاي تىلى

سىستېمىسى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلار مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ. ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا داۋالغۇش، پاراكەندىچىلىك ئۇزۇلمىگەن، خانىدانلىقلار، ئىمپېرىيەلەر ئۇ يوقالسا، بۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈمرانلار ئۇزۇكسىز ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر پاكىت باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىگەن، يەنى مەدەنىيەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك داۋاملىشىشچانلىق بولغان.

سېرىق ئۇيغۇلار رايونى باشتىن ـ ئاخىر ئۈچ ـ تۈت خىل تىل ـ يېزىق، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (يۇغۇر يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان موڭغۇل يېزىقى، تاڭغۇت يېزىقى زاڭزۇ يېزىقى)، خەنزۇ يېزىقىنى ئارىلاش قوللانغانىدى. تاكى ھازىرغا قەدەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاڭغۇت يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيەسى بېرىلگەن ئەلچى (شامان) نوملىرىلىرىنىڭ نوم سۆزلىرى، ئەپسۇنلىرى قاتارلىقلارغا ئائىت كىتابلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يۇغۇر يېزىقى (ئۇيغۇر يېزىقى) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچكەندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن. ئۇلار دۇچ كەلگەن تەقدىر ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە يېزىقىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىنى نېسىپ قىلمىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ خارابىسى بولۇپ قالدى.

16 ـ ئەسىردىكى ئېغىر بالايىئاپەتتىن كېيىن، گۆر ئاغزىدىن قايتقان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چىلانتاغنىڭ ئېگىز ۋە تىك يارلىرى باغرىغا كەلگەندىن كېيىن، چارۋا بېقىشتىن قولى بوشىغان چاغلاردا ئەجدادلىرىدەك شېئىر ئوقۇمايدىغان، تەزكىرە يازمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەجدادلىرىنىڭ

يېزىقلىرى ئۇلار ئورمانلىقلاردا ياۋايى هايۋانلار بىلەن ئېلىشقاندا، هاياتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرى بىلەن تالاي قېتىملاپ ئېلىشقاندا هېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەنسىزچىلىك يىللاردا ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى كىتاب ئوقۇيدىغان، خەت يازىدىغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى قەيسەر، ئەقىللىك ئوۋچىلار، تىمەن، قابىل ئاياللار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال هاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىر قېتىملىق ئۆزىنىڭ يېزىقىدىن مەھرۇم بولۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر قايتىدىن غار ئادەملىرى دەۋرىگە بېرىپ قالغان ياكى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر قوۋم بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇلارنى ئۇنداق يامان ئاقىۋەتكە قالدى، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ تىلى، ناخشا ـ مۇزىكىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بار. بۇلاردا ئۇلارنىڭ ئۆتكەن تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، يەنى مەدەنىيەتكە ئائىت مىراسلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى.

يېزىقىدىن مەھرۇم بولۇپ بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، موڭغۇل ئالتانخان (ئاندانخان) ۋە كېيىنكى گۇشخان دەۋرىدە تىبەت بۇددا دىنى كۆچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلار قوشنىسى تاڭغۇتلاردىن تاڭغۇت يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. تۈركىي تىلى ياكى موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇددا نوملىرىنى ئوقۇيدىغان، بۇتقا چوقۇنىدىغان، بۇتخانا سالىدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئەتراپىدىكى كىشىلەر سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىخەۋەر قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە دىنىي ساھەسىدىكىلەر ئومۇميۈزلۈك تاڭغۇت يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولغانىدى. ناھايىتى ئاز ئادەملەر خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ

يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سىرىق ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئومۇمیۈزلۈك خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولدى.

1983 ـ ۋە 1987 ـ يىللىرىدا ئەسلىي زاتى ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان سىرىق ئۇيغۇر يىگىتى ئەندۇڭ قاتارلىقلار لاتىن ھەرپىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل سىرىق ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىش ئارقىلىق شەرقىي يۇغۇر تىلى (موڭغۇل تىلى) ۋە غەربىي يۇغۇر تىلى (تۈرك تىلى) نى ئوخشاش خاتىرىلەشكە ئىنتىلىپ باققانىدى، لېكىن ئاقىۋەتتە ئۇ ئومۇملاشمىدى ۋە قوللىنىلمىدى. ئېھتىمال بۇ سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرققە كۆچكەندىن ۋە يېزىقىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنكى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق تىرىشچانلىقى بولسا كېرەك.

# كاگلوگسى ساگرامى ۋە شلەيسى ساگرامى

ئەينى يىللاردا سېرىق ئۇيغۇرلار بالايىئاپەتتىن قېچىپ چىلانتاغقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىبەت بۇددا دىنى تېخى ئومۇملاشمىغانىدى. لېكىن، شۇ چاغلاردىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاقساقىلى خېيخي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا بىر ساگرام سالدۇرغانىدى. ئۇ ئېجني سۇمى (edʒine sume)، ۋە يەنە «قەدىمكى بۇددا ساگرامى»، ياكى «سېرىق ۋاسسالار ساگرامى» دەپمۇ ئاتالغانىدى. بۇ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چىلانتاغقا كەلگەندىن كېيىن بىنا قىلغان تۇنجى ساگرام ھېسابلىنىدۇ. كېيىن چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭ خان دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ئۇنىڭغا ئوت قويۇۋەتكەنىدى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى بىر تۇركۇم ئادەملەرنى باشلاپ شىمالغا كۆچۈپ چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىغا كەلگەندە، بۇ ساگرام تەدرىجىي خارابلاشتى. شۇنجى خان دەۋرىدە، چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدا بىنا قىلغان جىڭياۋسى ساگرامىمۇ چېرىكلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ خارابلاشتى. 1697 ـ يىلى، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى شۈەنيې يىراققا يۈرۈش قىلىپ، موڭغۇل رايونلىرىنىڭ غوجايىنى غالداننى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا لاما دىنىنى تەشەببۇس قىلىپ، شامان دىنىي كۈچلىرىنى چەتكە قاقتى ۋە ئۇنى يوقاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنى ۋە

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۆچمەنلىرىنىڭ ئارقىمۇئارقا يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇ رايوندا چېچەك، كېزىك، سىفلىس يامراشقا باشلىدى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، ھاۋاسى سوغۇق، ئانچە كېسەل يوق رايونلاردا ياشىغاچقا، بۇنداق نوپۇسى زىچ، ھاۋاسى ئىسسىق رايونلارنىڭ كۈچلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچى يوق ئىدى. شۇڭا، كۆپ ۋاقىتلاردا پۈتۈن قەبىلىدىن بىرمۇ ئادەم قالماي پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، قوشنا تېرىقچىلىق رايونلىرىدا ھېچقانداق چىقىم بولمىدى. بۇ ئەھۋال ئامما ئىچىدە ئەڭ زور ۋەھىمە پەيدا قىلدى. چېچەك بىلەن كېزىك كۆچمەن چاۋىچىلار ئۈچۈن ئەڭ زور پەرھىز تۇتىدىغان كېسەل بولۇپ قالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار چېچەكنى ۋەھىمە ئىچىدە «قارا بۇرھان» (χaya purχan) دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ مەنىسى «قارا ئىلاھ» ياكى «قاراڭغۇ ئىلاھ» دېگەنلىك ئىدى. سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا توختىماي ئۆلۈم ـ يېتىم بولۇپ تۇردى. ھەممىلا يەردە شامان دىنىنى يوقىتىپ ئۈزۈل ـ كېسىل تىبەت بۇددا دىنى گېلۇ مەزھىپىگە (لاما دىنى، سېرىق دىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېتىقاد قىلىش ـــ بالايىئاپەتنى يېڭىشنىڭ بىردىنبىر يولى، دېگەن گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى. بەزىلەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ۋەيران بولغان ساڭرامالارنى قايتا رېمونت قىلىش لازىم، دەپ قارىدى. چۈنكى، تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردا ھەربىر ساڭرام بىر دوختۇرخانا ئىدى. لامالارنىڭ كۆپچىلىكى كېسەل كۆرەلەيتتى. بۇ ئەينى چاغدا چېچەك يامراپ جانغا زامىن بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلار رايونى ئۈچۈن ئەڭ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر ئىش ئىدى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى سەردارى ئۆگا نويان ( Φca nejon ) دەپ ئاتىلاتتى.

«نويان» خەنزۇچىدا «چوڭ ئاقساقال » ياكى «ۋاڭ غوجام» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. دېمەك، «ئۆگانايون» دېگىنىمىز ــ ئۆگا چوڭ ئاقساقال دېگەنلىك ئىدى. نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلار، راھىبلار ۋە ئاقساقاللار ئۆگا چوڭ ئاقساقالنىڭ تاڭغۇتلارنىڭ يۇرتى لىخاساغا بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىپ ساڭرام سالدۇرۇشىنى تەلەپ قىلغانىدى، لېكىن بۇ ئىرادىسىز ئاجىز ئاقساقال ئۇنى رەت قىلدى. كېيىن، بۇ چوڭ ئاقساقالنىڭ خاتۇنى (ئايالى) كىشىلەرنى باشلاپ لىخاساغا ئاتلاندى. خاتۇن كۆپچىلىكنى باشلاپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، كالا ـ قويلىرىنى ھەيدەپ، ھەيۋەت بىلەن تاش ـ داۋانلاردىن ئاشتى. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئادىتىدە ئاياللار سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئېرىنىڭ ئىشىنى ۋاكالىتەن بىجىرسە بولاتتى ۋە سىياسىي، ھەربىي ئىشلاردا ئۇلار زور رول ئوينىغانىدى. بۇ ئېھتىمال كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە يىلتىز تارتقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولسا كېرەك. چارۋىچىلىق ئەمگەكلىرىدە ئاياللار مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. دائىم دېگۇدەك ئۇرۇشتا قازا قىلغان ئەرلىرىنىڭ ئورنىدا ھەربىي ئىشلارغا ئارىلىشاتتى. يىراقتا قىلغان يۈرۈشلەردە ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولاتتى. قاغان قۇنتەيجى، بەگلەرنىڭ توقاللىرى سىياسىي، ھەربىي ئىشلاردا تېخىمۇ چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. خوش، ئەمدى يەنە ھېلىقى خاتۇنغا كېلەيلى، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ۋە دەۋردە، بىر قېتىم لىخاساغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلىش بىر قېتىملىق چوڭ تەۋەككۇلچىلىك ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. لىخاساغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ھەرقانداق كىشى بىر تارىخىي داستان يېزىپ، كىشىلەرگە تۇرلۇك يول ئازابلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيتتى. ئۆگانايوننىڭ خاتۇنى لىخاساغا ئۈچ يىلدا ئاران بارغان. ئۇ لىخاسادا بىر يىل تۇرغان. دالاي لاما VI ساڭياڭ جياسونى زىيارەت

قىلغان. دالاي لاما VI ئۇنىڭغا قايتىش سەپىرىدە كۆكنور (چىڭخەي كۆلى ) بويىدا ئاق ئات مىنگەن، سول قولىغا كۈمۈش ھالقا تاقىغان بىر ئەر ئۇچرايدۇ. ئۇ كىشى سىبىرىق ئۇيغۇر ساگرامىنىڭ بولغۇسى رىياسەتچىسىدۇر، دەپ بېشارەت بەرگەن. ئۆگا چوڭ ئاقساقالىنىڭ خاتۇنى ھەمراھلىرىنى باشلاپ يۇرتىغا يانغاندا، كۆكنور بويىدا كېتىۋېتىپ دەرۋەقە ئاق ئات مىنگەن، سول قولىغا كۈمۈش ھالقا تاقىۋالغان بىر ئەرنى ئۇچراتقان. ئۇلار ئالمان ـ تالمان ئاتتىن چۈشۈپ ھېلىقى ئادەمگە سالام بەرگەن ۋە ئۇنى ساگرامغا رىياسەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئادەم كاڭلوگسى ساگرامىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئوۋجا لاماسى بولۇپ قالغان، خاتۇن قاتارلىقلار نوم ۋە راھىبلار دىنىي مۇراسىملاردا چالىدىغان تۇرلۇك چالغۇلار ئارتىلغان نەچچە يۈز قوتازنى ھەيدەپ يىراق سەپەردىن قايتقاندا، چىلانتاغدىن ئۆتۈپ لياڭجۇ (ۋۇۋېي) نىڭ جەنۇبىدىكى ساراتالا (ھازىرقى خۇاڭچېڭ) دا ۋاقىتلىق ھاردۇق ئالغان.

ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گەنجۇغا يىغىلىپ، نوم ئېلىپ قايتىپ كەلگەن خاتۇننى قارشى ئېلىشقا تەييارلانغاندى. لېكىن، ئۆگا چوڭ ئاقساقال كېچىكىپ كەلمىدى. كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولدى. ئۆگا چوڭ ئاقساقال بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نائىلاج ئادەملىرىنى باشلاپ بازىدۇندىن يولغا چىقتى. ئۆگا چوڭ ئاقساقال مۇتتەھەم كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت بىر قورقۇنچاق ئادەم ئىدى. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ياخشى ئەمەلدار ئەمەس ئىدى، ناھايىتى ئۇستا كاسىپ بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئۆتۈك تىكەلەيتتى. چوڭ ـ كىچىك پىچاق، ئېگەر ۋە باشقا ئات جابدۇقلىرى ياسىيالايتتى. ئۇنىڭ ھۈنىرى يىراق ـ يېقىندىكىلەرگە داڭلىق ئىدى. ئۇ يەنە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مورى خۇر (ئات باشلىق غېجەك، ھازىرقى يۇغۇرلار ئارىسىدا يوقالدى) قاتارلىقلارنى چېلىشقا ناھايىتى

ئۇستا ئىدى. ئۆگا چوڭ ئاقساقال يۇرت سورىغان مەزگىللەردە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك كۆچمەنلىرى لىيۇەنكۇ ، خۇڭىياڭزىكۇ ۋە شىنبا ئەتراپلىرىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتلاقلىرىنى كۆپلەپ ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىدى. سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ جايلاردىن تاغ ئىچىگە ۋە چۆللەرگە چېكىنىپ چارۋىلىرىنى تاغ ۋە چۆللەردە باققانىدى.

كۇز شامىلى ھۇۋۇلداپ تۇرغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، كۇمۇش رەڭ ئۇزۇن چاپان كىيىپ، يېشىل يىپەك پوتا باغلىۋالغان بۇ يۇغۇر ئايال قوڭۇر ئاتقا مىنىپ چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدا غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئالدىراش قايتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ تېز كېلىۋاتقان قوشۇن، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى كۇمۇش ئېگەر، ئۇچقۇر ئاتلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

خاتۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر تەرىپىدىن تەنتەنىلىك قارشى ئېلىنىپ، خۇددى جەڭدىن غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن قەھرىماندەك كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. خاتۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، دالاي لاما Ⅵ نىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئارالگۇل (ھازىرقى چۇەنيۇەنخې دەرياسى ئېقىنى) دا ساڭرام سېلىنىدى. بۇ كاڭلوڭسى ساڭرامىدۇر. ئۇ يەنە «شاجى بۇدارگېلوڭ» دەپمۇ ئاتالدى. سېرىق ئۇيغۇرلار «دەنگۇڭ سۇمى» دەپ ئاتىدى. راھىبلار 500 گە كۆپەيتىلدى، كۆكنوردىن كەلگەن ئوۋجالاما رىياسەتچى بولدى. ئۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە قەبىلىسىنىڭ بارلىق ساڭراملىرىنى باشقۇردى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شىلەيسى ساڭرامى گەنجۇ (ھازىرقى جاڭيې) قەلئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقانىدى. شىلەيسى ( 西来寺 ) غەربىي يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ساڭرامى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار غەربىي

يۇرتتىن كەلگەن، ساگرامىنىڭ نامى تەزكىرىگە كىرگۈزۈلسە، ئەسلىي زاتىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دېگەنلىك بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن نامىنى «شىلەيسى ساگرامى» دەپ ئاتىغان. بۇ ساگرامىنى بىنا قىلغۇچى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئاجامساۋ (adʒamsao) بولۇپ، ئالتان ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا راھىب بولۇپ، ئەمرىمەرۇپنى قوبۇل قىلغان، لاما ئۇستازىغا ئەگىشىپ تاڭغۇتلار رايونىنى كېزىپ، مۇقەددەس جاي لىخاسانى تاۋاپ قىلىپ، كاڭشى خان يىللىرىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا قايتىپ كەلگەن. كېيىن ۋۇتەيشەننى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن بېيجىڭغا بارغان. چاڭچۇنيۈەندىكى يوڭنىڭسى ساگرامىدا پادىشاھ شۇەنيېنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، سەممىي لاما پادىشاھقا يېقىپ قالغان، پادىشاھ شۇەنيې ئۇنىڭغا «ئاقىل ئاشرامىت ئۇستاز» دەپ نام بەرگەن ھەمدە كىتاب، كۈمۈش تامغا ئىنئام قىلىپ، گەنسۇ، خېشىدىكى راھىبلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ۋە گەنجۇ، سۇجۇلارنىڭ جەنۇبىي تاغلىرىدىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەدەنىيەتسىز چارۋىچىلار ئىچىدە دىن تارقىتىشنى تاپشۇرغان . ئۇ پادىشاھ تاپشۇرغان بۇ ئۇچ تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ماقۇل بولغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇ بېيجىڭدىن گادىنجۇر نومى «كانجۇر»، «دانجور»نى ئەكەلگەن.

1711 ـ يىلى شىلەيسى ساگرامى قۇرۇلۇشى باشلاندى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئارامسۇ گېگېن» دەپ ئاتىدى. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ يەل گومپىسى ۋە دورا تاۋلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىستىقامەت قىلىپ ھەققانىيلىقنى ياقىلىدى. مال ـ دۇنيا قوغلاشمىدى. پۈتۈن جىسمانىي ۋە روھىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى دىنىغا بېغىشلىدى.

شۇڭا، داڭقى ھەممە يەرگە تارقالدى. بۇ مۇقەددەس ئەمەلىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان لاما نەنشەندىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ دائىرىلىك دوستلۇق مۇناسىۋىتى تىكلىدى، شۇڭا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن مۇخلىسلار تىبەت بۇددا دىنى گېلۇ مەزھىپىگە كىردى. ئۇ يەنە دائىم موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى شامان دىنى مۇخلىسلىرىغا قارشى كۈرەشكە قاتناشتى، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان چېچەك ۋە كېزىك كېسەللىرى ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋەتكەندى. لېكىن، شامان ئىلچىلىرىنىڭ بىدئەت تەلىماتى كىشىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك روھىغا ۋە ئاخىرەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شامان ئىلچىلىرى ئۇ پىلانلىغان چەتكە قېقىش، قوغلاندى قىلىشلارغا ئۇچرىدى. شىلەيسى ساڭرامى ئارامسۇ ئۆلگەندىن كېيىن 1720 ـ يىلى پۈتتى، 1732 ـ يىلى قايتا رېمونت قىلىندى. بۇ چاغدا شىلەيسى ساڭرامىنىڭ كۆلىمى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭەيتىلىپ، جەمئىي ئون چوڭ بىناغا يەتكەندى. بۇت ۋە بۇددا نوملىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. شىلەيسى ساڭرامى چىڭ سۇلالىسىنىڭ توڭجى يىللىرىدا چېرىكلەرنىڭ ئوت قويۇش بىلەن ۋەيران بولدى. كېيىن يەنە رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، لېكىن كۆلىمى بۇرۇنقىغا يەتمەيدۇ.

شىلەيسى ساڭرامى چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ گەنجۇدىكى بىر ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىنغانىدى. ھەر يىلى چوڭ ئاقساقال مۇشۇ

يەردە تۇرۇپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گەنجۇدىكى تىدۇسى (باش بۇغى) بىلەن كۆرۈشەتتى. بۇ ساگرام 1958 ـ يىلى بۇزۇۋېتىلدى. 80 ـ يىللاردا قايتا رېمونت قىلىندى. لېكىن، ئۇ جاڭيېدىكى يەرلىك خەنزۇلارنىڭ بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى بولۇپ قالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىدى.

# سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھلىرى

چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى بازىدۇن يايلىقىدا كېزىك ۋە چېچەكنىڭ يامراپ كېتىشى بىلەن چېدىرلار قالايمىقان ياتقان ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. چېدىرلارنىڭ ئەتراپىدا تارقاق يۈرگەن كالا ، قويلارنى باقىدىغان ئادەم قالمىدى. بۇ جايلارغا قەدەم بېسىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھايات قالغانلار بۇ جايدىن يىراق يەرلەرگە كۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر پەرھىز ئىدى. پەقەت ئاسماندا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندىلا كىشىلەر بۇ جايغا بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ چارۋىلىرىنى يىغىپ كېلەتتى. تېخى نەپسى توختىمىغانلارنى تېپىپ ئۇلارغا يىراقتىن ئوزۇقلۇق قالدۇرۇپ كېتەتتى. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بازىدۇن تۈزلەڭلىكىدىن يىراق بىر جايدا — بازىدۇن دەرياسىنىڭ مەنبەسىدىكى قۇسىن ماۋقور (qusin maoqor) دېگەن جايدا سېرىق ئۇيغۇرلانىڭ ئىلچىسى (eltiiʃ، يەنى شامان كاھىنى) كىشىلەرگە ئاتاپ جىن قوغلاش، كېسەل داۋالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شەبنەم بىلەن نەملىشىپ كەتكەن ئوتلاق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ـ قارا چېدىرلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەر ئۈن ـ تىنسىز جىمجىت ئولتۇراتتى ياكى ئۆرە تۇراتتى. بىر چوڭ چېدىردا يوغان مىس قازاندا يېشىل ئارچا يوپۇرمىقى قايناۋاتاتتى. كىمدۇر بىرسى قايناۋاتقان قازانغا ئاپپاق كالا سۈتى قۇيدى ۋە ئوتتا قىزدۇرۇلغان توققۇز تال ئۇششاق قارا تاش، توققۇز تال ئۇششاق ئاق تاشنى قازانغا چۆلۈق ـ چۆلۈق

تاشلىدى. ئاندىن مىس چۆمۈچ بىلەن قازاندىن ئارچا يوپۇرمىقى بىلەن قايناق سۇتنى ئۇسۇپ ئېلىپ ئەتراپىقا چاچتى ۋە ئىلاھلارنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇۋلىغىلى تۇردى:

| | |
|---|---|
| ئالابۇلاخان | ( alabula χːan ) |
| ئونيىلوخان | ( onjilr χːan ) |
| ئوراڭ بۇراڭ خان | ( oranŋ burnŋ χːan ) |
| تونىنى يىلرخان | ( tunni jilr χːan ) |
| كۆك تېنكرخان | ( hkΦt enker χːan ) |
| پىرگالېرخان | ( pir Gaǀer χːan ) |
| خارايىرتىن خان | ( χara jirten χːan ) |
| يازىۋاستانخان | ( jaziβasitan χːan ) |
| يازىتەگالىرخان | ( jazitə Galer χːan ) |
| گوغاۋستانخان | ( Goka βasitan χːan ) |
| خائونى گالىرخان | ( χaoni Galer χːan ) |

چېدىر سىرتىدا، يەنە بىركىشى قايناق سۇغا بېسىپ يۇگى چۇشۇرۇۋېتىلگەن بىر ئاق ئۆچكىنىڭ گۆشىنى تاش شىرەنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويدى. ئەتراپىغا سېرىق ماي چىراغلىرىنى تىزدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر ئاق ئۆچكىنىڭ كۆكسىنى پىچاق بىلەن تېشىپ، قولى بىلەن ئۇنىڭ چوك قان تومۇرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مال سويۇشنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ھەم پاك ئۇسۇلى ئىكەن، ئاندىن ئۇ گۆش ۋە قاننى تۆت ئەتراپقا چاچتى ھەم نېمىلەرنىدۇر ئوقۇدى.

تۇۋلىغان ئاۋاز، دەبدەبىلىك دۇمباق ساداسى ئىچىدە، يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرغان ئۇزۇن ئاق شايى نىمچە كىيگەن ئايال شامان ئىلچى، يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قارا چېچى شامالدا مۇرىسىدە يەلپۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزى ناخشا ئېيتىش بىلەن تەڭ پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى

شۇنچىلىك قايغۇلۇق، ئۇسسۇلى ئاجايىپ نەپىس، قەدىمى شۇنچە تەمكىن، مەردانە ئىدى. ئۇچقاندەك تېز يورغىلاپ كېتىۋاتقان تىپىنىنىڭ قۇيرۇقىدەك قارا چېچى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان بوتا كۆزىدەك قاپقارا كۆزلىرى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلاتتى. يەنە بىرسى قاۋۇل، ئېگىز بويلۇق، قولىدا خەنجەر بار ئەر شامان ئەلچى شامان ئۇنىلۇك ناخشا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەزىدە بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشايتتى، بەزىدە ئېيىق ياكى يولۋاس ھۆركىرەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. بەزىدە قاغا ياكى سېغىزخان ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرىغاندەك ئاڭلىناتتى، ئاندىن ئوتلاقتا كېتىۋاتقان يولۋاس ياكى چوڭ يىلاننىڭ شۇر ـ شۇر تىۋىشىدەك ئاڭلىناتتى ... ئۇ ئەسەبىيلىشىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تەلۋىلىك بىلەن سەكرەپ، ئىنتايىن جىددىي ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇ پىرقىرىغاندا، ئۇنىڭ قوي يۇڭى چەكمىنىدىن تىكىلگەن كېلەڭسىز ئىمچىسى شالدۇر ـ شۇلدۇر ئاۋاز چىقىراتتى. ئىمچىسىگە تاقىۋالغان مىس ئەينەك، بەل قوڭغۇراقلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇ جەڭگاھدا ئاتوي سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قەدىمكى زامان رىتسارلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئەر شامان ئەلچى بىلەن ئايال شامان ئەلچى گويا قارا بوران، ياۋۇز ئالۋاستىدەك قىياپەتتە بۇ ئاپەتلىك يىللار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. . .

بۈگۈنكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بوۋاي ـ مومايلارنىڭ يىراق ئۆتمۇشتىكى ئەسلىمىلىرىنىڭ باياندىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، موڭغۇل تىللىق مىللەتلەر ۋە تۇنگۇس تىللىق مىللەتلەرگە ئوخشاش سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، بۇرۇندىن بار دىنى ــ شامان دىنى، ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھى ــ خان تېنكېر (χan tenker ــ خان تەڭرى)، يەنى ئاسمان ئىلاھى ئىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار شامان

دىنىنى «خـان تېنكبـر»، «يامـەن سارا» (jamən sara) ۋە «بـۇ » ( bu ) دەپ ئاتايتتى. شامـان ۋە كاھىـنىنى «ئىلـچى » دەپ ئاتايـدۇ، ئاق ئاتقا مىنىپ، ئاق كىيىم كـىيىپ يۈرگـەن شامانلار ئەزەلـدىنـلا يايلاق ئاقسۆڭەكلـىرى ۋە يايلاق چەۋەندازلـىرى ھېسابلىناتتى. ھەر قېتـىم قۇرۇلتـاي ئېچـىلغاندا، ئـۇلار ھەمىشـە تۆردە ئولتـۇرۇپ باشلىقلار بىلەن ھاكـىمىيـەت ئىشلـىرىنى مـۇھاكىمـە قىلاتتـى. ئادەتـتـىكى كــىشىلـەردىـن شامان بـولـغانـلار ناھـايىـتى كـەم ئـۇچرايتـتـى. شامان ـ ئـاسـمان ئىلاھـى (خان تېـنـكبر) نـىـڭ جارچىسى ۋە ئەلچىسى، شۇنداقلا شۇ جەمـەتنـىڭ قوغدىـغۇچىسـى ئىدى، ھەربىر جەمەتنىڭ ئۆزىنىڭ شامانى بولاتتى ھەم ئۇلار قارا شـامـان (χara dui eltʃi) ۋە ئـاق شـامـان (ak duieltʃi) دەپ ئايرىلاتتى. كېيىنكىسىگە قارىغاندا، ئالدىنقىسىنىڭ مـەرتىۋىسـى يۇقىرى بولاتتى. شامانلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى پەرقلىق بولاتتى، پېشقەدەم شامـان قازا قىلـسا، ئۇنـىڭ ئورنىغـا «ئاغزاكى بىشارەت بېرىدىغان، دىلىدا قوبۇل قىلغان» يىگى شامان ۋارىسـلىق قىـلاتتى. پېـشقەدەم شامـاننىڭ ئـالاھىدە پەزىـلەتلىـك ئوغۇل ـ قىزلىرى ياكى باشـقا ئۇرۇق ـ تۇغـقانلـىرى ۋارىسلىـق قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە پەزىلىتى ئارقىلىق ئاسمـان ئىلاھى بىلەن ئالاقە قىلاتتى. ئۇلار ئوقۇغان «نوم سۆزلىرى» نىڭ بىرقىسمى تۈركچە ياكى موڭغۇلچە ئىدى. لېكىن، يەنە بىر قىسىم چۈشەنمەك ناھايىتى تەس نوم ۋە قەسىدىلەر بـار ئىدى. ئۇ تـۈرك تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنىڭ ئارىلاشما، مەخپىي شـىفىرىـدەك، چۈشەنمەك ناھايىتى تەس قەدىمكى تىل ئىـدى. موڭغۇل تـىلىنـى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شامانلىرىنىڭ فۇنكسىيەسـى: بـىـرىنچى، قـەبىلىـسىدە ئېـباۋ (əbao) غا ئـاتـاپ نەزىر ـ چـىـراغ ئۆتكۈزۈش قاتارلىق دىنىي پائـالىيەتـلەردە، ھېيـت ـ ئايەملـەردە ياكى قەبىلىسىدە چوڭ ئىشلار (مەسىلەن، ئۇرۇش) يۈز بەرگـەندە، شامان قەبىلىسىنىڭ تۇرلـۇك نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ئىككىنچى، قەبىلە ئەزالىرىغا تەگىرىدىن

ئوغۇل ـ قىز پەرزەنت، مال ـ چارۋىلىرىغا ئامانلىق، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەپ بېرەتتى. ئۆچىنچى، (ئەمچى)، «باخشى» بولۇپ، بىمارلارغا سەۋەب قىلاتتى. بالا ـ قازالاردىن ساقلاش يۈزىسىدىن تىلاۋەت قىلاتتى. تەڭرىدىن ئاسايىشلىق ئاتا قىلىشنى تىلەيتتى، بالا ـ قازا توغرۇلۇق پال سالاتتى ۋە باشقىلار.

بۇرۇنقى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار روھچىلىققا ۋە روھنىڭ يوقالماسلىقىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. بۇنىڭدا مۇنداق دەپ قارىلاتتى:

ئادەمدە ئۈچ روھ بولىدۇ، دۇنيا ئۈچ قات بولىدۇ. بۇرھان (borχan) بىرىنچى قات دۇنيادا تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئىككىنچى قات دۇنيادا تۇرىدۇ. چۇدكېر (tʃudker) ماڭگەس (manŋ Gəs ) لار (يەنى جىن ـ ئالۋاستىلار) ئۈچىنچى قات دۇنيادا تۇرىدۇ. بىرىنچى قات دۇنيا جەمئىي يەتتە قەۋەت بولۇپ، كۆك تېنگېر (كۆك تەڭرى) موڭكى تېنگېر (تەڭرى) قاتارلىق ئىلاھلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى قەۋەتلەردە تۇرىدۇ. ئۈچىنچى قات دۇنيا ئۈچ قەۋەت بولىدۇ. ئۇنىڭدا چوڭ ـ كىچىك جىن ـ ئالۋاستىلار تۇرىدۇ. كۆك تېنگېر (كۆك تەڭرى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭرىسى، بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان باش غوجا، غەربتە 55 تېنگېر، (تەڭرى)، شەرقتە 44 تېنگېر (تەڭرى) بار. بۇ 99 تېنگېر (تەڭرى) ئىنسانلار دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، تېنگېر (تەڭرى) بىرلا بولىدۇ. ئۇ كۆك تېنگېردۇر ( كۆك تەڭرىدۇر) ئىنسانلار دۇنياسىغا شۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

خان تېنگېر (خانتەڭرى) دائىم ئاق ئاتقا مىنىپ ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشىدۇ. ئادەتتە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلارنىڭ يىلقا ـ ئۆيلىرىدا ئاق ھەم تۇرلۇك غەيرىي ئالامەتلەر بار ئالاھىدە ئات بولسا، ئۇ چاغان كۇسەن (tʃakan kusən) (مەنىسى ئاقسۇ، سۈتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى) ۋە قارا كۇسەن (χara kusən ) (سۈزۈك سۇ ) بىلەن

يۈيۈلىدۇ. يايلىغا ئۇچۇق رەڭلىك لېنتىلار باغلىنىدۇ. بۇ تېنكېر ئېتى (تەڭرى ئېتى) ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مىنىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇرۇش بولغاندا ياكى ئاپەت يۈز بەرگەندە، شامان بۇ ئاتنىڭ كىشنەش ۋە نەپەس ئېلىشىدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلمۇالىدۇ. شۇڭا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئەڭ چوقۇنىدىغان خەيرلىك شەيئى ـــ ئاق ئاتتۇر.

تېنكېرگە ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر ـ چىراغ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نەزىر ـ چىرىغى، ئېباۋغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن ھېچقانداق ئىبادەتخانا سالمىغانىدى. پەقەت ئېگىز تاغ، چوڭ دەريا بويلىرىدا ئېباۋلار بار ئىدى. چۈنكى، تېنكېر ئېگىز تاغلارنى ئۆزىنىڭ سىمۋولى قىلغانىكەن. ئېگىز تاغ، تىك چوققىلار ھەيۋەتلىك، سىرلىق بولىدۇ. ئۇ بىرىنچى قات دۇنياغا بارىدىغان يول، شۇنداقلا ئىلاھلار تۇرىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دائىم ئېباۋغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلىدۇ. تېنكېر ئېگىز تاغلاردا تۇرىدىغان يامەن سارا خۇرمۇس تېنكېر (χor mus tenker) قاتارلىق ئىلاھلارغا ئاتاپ دائىم دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يامەن سارا ئىلاھ دائىم قاراڭغۇ كېچىلەردە 13 ئاق ئاتقا مىنىپ پەرۋاز قىلىدىكەن. ئۇ ھەم يايلاقنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى ئىكەن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر شامانلىرى ئەپسۇن ئوقۇغاندا، ئادەتتە قىزىل تائام (گۆش) ۋە ئاق تائام (سۈت) نى كۆپ ئىشلىتىدۇ. قۇربانلىق قىلىش ئۇسۇلى ـــ ئادەتتە پىچاق بىلەن قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ كۆكسىنى تېشىپ، ئاندىن قولى بىلەن چوڭ تومۇرىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. نەزىر ـ چىراغقا گۆشلۈك تائام بولسىمۇ، گۆشسىز تائام بولسىمۇ

بولمۇيرىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي يۇرت دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇددا دىنى تارقالغان رايون ئىدى. كېيىن ئىسلام دىنى تارقالغان رايون بولۇپ قالدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىدى. كېيىن مەزگىللەردە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا مەيلى موڭغۇل خانلار بولسۇن، ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى بولسۇن، ھەممىسى تىبەت بۇددا دىنىنى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلدى. لېكىن، شامان دىنىنى ياقلايدىغانلار يەنىلا كۆپ ئىدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا لامالار بىلەن شامانلار ئۇزاققىچە پۈت تېپىشىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىپ يەكلەپ كەلدى. تەخمىنەن لوبساڭ دەنزىن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۆلد تېمۇر ( bəld t.emur ) ئىسىملىك (يەنە بىر ئىسمى كوھ ئونبۇ) (khobu nima) يۇغۇر نويانى ( چوڭ باشلىقى) شامان دىنىنى قوۋۋەتلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى بىر نويان كىشىلەرنى باشلاپ ئېباۋغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتلىق بۇرھان ۋۇندۇر تېغى (يەنى ھازىرقى شەرقىي ماۋشەن تېغى) غا بارغان، يولدا ئۇلارغا بىر لاما ئۇچراپتۇ، لاما ئۇلارنى چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. نويان قاتارلىقلار ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ ئاق كىگىز ئۈستىدە باداشقانلىرىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوچاقتا بىرقازان قۇرۇق سۇلا بار ئىكەن. باشقا ھېچقانداق يېمەكلىك كۆرۈنمىگۇدەك، نويان قاتارلىقلار بۇنىڭدىن تەئەججۈپلىنىپتۇ، لاما قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن قازاندىكى قۇرۇق سۇنى ئېلىشتۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا قازاندا نۇرغۇن يىلانلار تولغىنىپ مىدىرلاشقا باشلاپتۇ. بەزىدە يىلانلار قازاندىن بېشىنى چىقىرىپ قىپقىزىل تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغۇدەك، نويان قاتارلىقلار بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ ئاتلىرىغا مىنىپ جىددىي

كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆلد تېمۇر نويان بۇددا دىنى كارامەت دىن ئىكەن، دەپ قارايدىغان بوپتۇ ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ. شۇ چاغلاردا يەنە بىر پېشقەدەم شامان ئىلچىسى بولغانىكەن. بۇ پېشقەدەم شامان بازىدۇندا جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ئۈئان ۋون كىتى پىتى دۇدا خاڭگەر خوڭگەر پىتىغ» (ɸanβunketi pitiduda χaŋGər χaŋGər pitiɣ) دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. بۇنىڭ مەنىسى «قىزىل كىيىم كىيگەنلەرنى چىللىماڭلار، غوڭ - غوڭ غوڭۇلدىماڭلار» دېگەنلىك بولۇپ، قىزىل كىيىم كىيگەنلەر دېگىنى لامانى، غوڭ - غوڭ غوڭۇلدىماڭلار دېگىنى نوم ئوقۇغان ئاۋازنى كۆرسىتىدىكەن. بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، شامانلار بىلەن لامالار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش شۇنچە ئۆتكۈر بولغان. شۈبھىسىزكى، تىبەت بۇددا دىنى گىلو مەزھىپى غەلىبە قىلغان، شۇنداقتىمۇ شامان دىنىنىڭ ئەرۋاھلىرى يەنىلا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتلاقلىرىنىڭ ئاسمىنىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا كېزىپ يۈرمەكتە.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نىما مەزھىپىدىن بىر تاڭغۇت لاما «موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى 50 يىل ئىچىدە يوقىلىدۇ» دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلغان. شۇ سەۋەبلىك بۇ لاما تاڭغۇت تىلىدا ترانسكرىپسىيە يېزىش ئۇسۇلى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە يۈز بەت شامان دىنى ئۇزۇندىلىرىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى خاتىرىلىگەن. بەزىلەر يەنە شۇنىمۇ كۆرگەنكى، 60 - يىللاردا ياڭگې شياڭ يېزىسىنىڭ مەلۇم بىر ئۆڭكۈرىدە نۇرغۇن دىنىي كىتابلار بار ئىكەن، بۇلارنىڭ بىر پارچىسى موڭغۇل يېزىقى (ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقى بولۇشىدا شەك يوق)دا قېيىن قوۋزىقىغا پۈتۈلگەن ئىلچى موناجىتى ئىكەن. بۇلارنى كېيىن كىشىلەر يوقىتىۋەتكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامان

ئىلچىلىرىنىڭ ۋارىسلىرى قالمىدى، شامان دىنى ئىز - دېرەكسىز يوقالدى.
تىبەت بۇددا دىنى گېلۇ مەزھىپىنىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىشى موڭغۇل ئالتۇنخان دەۋرىدە باشلانغانىدى. بۇ دىنىنىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئومۇملىشىشى گېلۇ مەزھىپى قوراللىق كۈچ بىلەن قوغدىغان ۋە يۆلىگەن غەربىي موڭغۇللارنىڭ خانى گۇشخان چىڭخەي - شىزاڭ رايونىغا كەلگەندىن كېيىنكى 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان، يەنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچۈپ 100 يىلدىن كېيىن بولغانىدى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە تاغۇت گېلۇ مەزھىپىدىن نۇرغۇن راھىبلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلدى. بۇ قىزىل كىيىملىك راھىبلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ھازىرقى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا تاغۇت يېزىقى ۋە نوم ئوقۇپ بۇتقا چوقۇنۇشنى ئۆگەتتى.
موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرى تىبەت بۇددا دىنىنىڭ گېلۇ مەزھىپىگە تەڭ دېگۈدەك ئېتىقاد قىلدى. باتۇر قۇنتەيجى ۋە كېيىنكى گۇشخان قاتارلىق ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ خانلىرى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى جايلاردا راھىبلار ئۆيلىنىپ بالىلىق بولسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇڭا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ ئويرات موڭغۇل راھىبلىرىغا ئوخشاش خوتۇنى بولدى. بۇ شىزاڭدىكى ئالىي لاما داھىيسىنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ماھىيەتتە، مەيلى بۇددا دىنىنىڭ سەككىز سەنۇەرەسى (يەنى بىرىنچى جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك؛ ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى زىنا قىلماسلىق

تۆتىنچى يالغان ئىپتىماسلىق؛ بەشىنچى هاراق ئىچمەسلىك؛ ئالتىنچى ھەشەمەتلىك تۆشەكتە ياتماسلىق ۋە ئولتۇرماسلىق؛ يەتتىنچى ياسانماسلىق، بىزىمەسلىك ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاڭلىماسلىق، كۆرمەسلىك؛ سەككىزىنچى ۋاقىتسىز غىزالانماسلىق («مەدىيەم ئاگامە» ۋە «كۆشەشاستىرە» دىن ئېلىندى) دا بولسۇن، پاكى گىلىو مەزھىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى زۇڭكابا جاكارلىغان بەش ماددىلىق «لاماشاد ۋىنەيەسى» ( يەنى بىرىنچى جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك؛ ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى زىنا قىلماسلىق؛ تۆتىنچى يالغان ئىپتىماسلىق؛ بەشىنچى «هاراق ئىچمەسلىك» بولسۇن، خوتۇن ئالماسلىق دېگەن بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئالتانخان دەۋرىدە، دالاي لاما III سونومۇزامسۇ «خوتۇن ئالماسلىق» دېگەن بەلگىلىمىنى قوشتى. 1817 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى جىياچىڭنىڭ 22 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى يات مىللەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش قەستىدە راھىب ـ راھىبە ۋە غەيرىي روھانىيلارنىڭ قارشى تۇرغىنىغا پەرۋا قىلماي، ۋاسسالار مەھكىمىسى ئارقىلىق لاما راھىبلارنىڭ خوتۇن ئېلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرۇلۇق پەرمان جاكارلىدى. لېكىن، مۇشۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ۋە ئويرات موڭغۇللىرى رايونىدا يەنىلا كونا ئادەت بويىچە لاما، راھىبلار خوتۇن ئېلىۋەردى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئويرات موڭغۇللىرى رايونىدا قاتتىق ساڭرام تۈزۈمى ۋە نوم ئۆگىنىش تۈزۈمى، شۇنداقلا قوبۇلخان تۈزۈمىمۇ يوق ئىدى. ساڭرام ۋە لامالارنىڭ سانىمۇ نىسبەتەن ئاز ئىدى. ئامما ئىچىدىكى تەسىرىمۇ تۆرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە تاغۇت رايونى، خورلار رايونى (يەرلىك مىللەت رايونى)، ئىچكى موڭغۇل ۋە تاشقى موڭغۇل رايونىدىكىدەك كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭمىگەنىدى.

لېكىن، شۇنىمۇ ئېنىكار قىلغىلى بولمايدۇكى، 17 ـ ئەسىردىن كېيىن، دالاي لاما موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئالىي مەنىۋى داھىيسى بولۇپ قالدى. بۇ تاڭغۇت رايونى، شەرق ـ غەرب موڭغۇل قەبىلىلىرى خورلار رايونىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

تىبەت بۇددا دىنى سىرتتىن كىرگەن بولغاچقا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، موڭغۇللار رايونىغا كىرگەندىكىگە ئوخشاش شامان دىنىنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى ھەتتا مۇراسىملىرى قوللىنىلدى. مەسىلەن، ئېباۋغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار. ھازىر، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېباۋغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى شەكىل جەھەتتىن تىبەت بۇددا دىنىنىڭ بىرخىل مۇراسىم شەكلىگە ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇنىڭ ئەكسىچە، شامان دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ شامان دىنى ئېڭى زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتتى. تىبەت بۇددا دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ، مۇنەججىملىك كالېندارى، تېبابەتچىلىك، سەنئەت، دىن، پەلسەپە قاتارلىق بىلىملەرنىڭ يېڭى ساھەلىرىمۇ كىردى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىق كۈچى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يوقالدى. قارشىلاشقانلار قىرغىن قىلىندى. قاتتىق جازالارغا ئۇچرىدى ۋە ئېزىلدى. بۇددا دىنى كىشىلەرگە نامراتلىقتا شۈكۈر قىلىش، كۈرەشتىن ۋاز كېچىش ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى. كۈرەش ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇردى. يايلاق باتۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى زەئىپلىشىپ كەتتى. ئۇلار پەقەت ئاندا ـ ساندا ئەجدادلىرىنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى مۇقەددەس كۈچ ـ قۇدرىتىنى غۇۋا ئەسلەپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. چىلانتاغ تىزمىلىرىدا ۋە يايلاقلىرىدا كىشىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد

چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق مەڭگۈ قارغا پۈركۈنۈپ ياتقان تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇقەددەس جاي ــ لىخاساغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ، باقىيلىق ساۋابقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بۇرچىنى ئادا قىلىشىنىڭلا ئىستىكىدە بولۇپ قالدى.

# شاراگائول رايونىدىكى تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر

شاراگائول (ʃara Gaol ) دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «سېرىق دەريا، سېرىق جىلغا» دېگەنلىكتۇر. لېكىن، بۇ يەردە ئۇ خۇاڭخې دەرياسىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ موڭغۇلچە سۆز. تۈركچە شاراگائول (sara Gaol ) دەپ ئاتىلىدۇ. مەنىسى يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش. (شار) دېگەننىڭ مەنىسى (سېرىق) دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆز ئالتاي تىلىنى قوللىنىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا جۇغراپىيەلىك جەھەتتە ئادەتتە تاغنىڭ كۈنگەي قاپتىلىنى كۆرسىتىدۇ.

شاراگائول رايونى — كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، قۇرۇم تېغى ۋە ئالتۇنتاغدىن چىلانتاغ تىزمىلىرى، خېشى رايونى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان، جۇملىدىن كۆكنور كۆلى ۋە چايدام ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان كەڭ زېمىننى ، يەنى چىلانتاغ تىزمىلىرىنىڭ قاپتىلىنى كۆرسىتىدۇ. تار مەندىن ئېيتقاندا، شاراگائول بەزىدە مۇشۇ رايوندىكى خېيخې دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلارنى كۆرسىتىدۇ. تاڭغۇتلار (خۇرساچا) (hor satʃa ) دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «خورلارنىڭ زېمىنى» دېگەنلىكتۇر. قەدىمكى دەۋردە بۇ جاي ئالتاي تىلى مىللەتلىرى بىلەن خەنزۇ - زاڭزۇ تىلى مىللەتلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە سىڭىشىدىغان زېمىن ئىدى.

تاڭغۇتلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە هۇن ئاۋار، تۈرك،

ئۇيغۇر ۋە قەدىمكى موڭغۇللارنى خور(hor) دەپ ئاتاپ كەلگەندى. كېيىن چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ چەت ـ ياقا رايونلىرى، يەنى شاراگائول رايونىدىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى «خور» دەپ ئاتايدىغان بولدى. هازىر تاڭغۇتلار يېزىق ۋە تىلدا گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپلىرىدىكى يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنى «خور» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالدى.

موڭغۇللارنىڭ ۋە تۈركلەرنىڭ «شاراگائوللۇقلار» دېگىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ موڭغۇللارنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن، ۋە تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن ئايرىلغان، يەنى قەدىمدىن بۇيان چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ چەت ـ ياقا رايونلىرىنى، يەنى «خورلار رايونى»نى ماكان قىلغان ئالتاي تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. دەسلەپكى شاراگائوللۇقلارنىڭ تەركىبى ناهايىتى مۇرەككەپ بولۇپ تۈرك، موغۇل، تۇنگۇس ۋە باشقا تىللىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شاراگائوللۇقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تاڭغۇتلار، خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتتى. مەسىلەن، باشقىلار ۋە ئۆزلىرى «خور» دەپ ئاتايدىغان تاڭغۇت قەبىلىلىرى دەل دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شاراگائوللۇقلار ئىدى. ئۆزىنىڭ تىلىنى ساقلاپ قالغان يەرلىك مىللەتتىن بولغان خورلار ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار هازىرقى شاراگائوللۇقلارنىڭ بىردىنبىر ئىككى قىسمى هېسابلىنىدۇ. بىرقىسىم يۇغۇرلار ئۆزلىرىنى شاراگائوللۇق دەپ ئاتايدۇ. بۇرۇن بەزىلەر بۇنى (شار دۆلىتى) دەپمۇ تەرجىمە قىلغانىدى.

هازىرقى تاڭغۇتلار رايونىدا، مەيلى شىزاڭدا بولسۇن ياكى گەنسۇ ـ چىڭخەي ـ سىچۇەندە بولسۇن، ئەل ئارىسىدا باشقىلار ۋە ئۆزلىرىنى «خور» دەپ ئاتايدىغان تاڭغۇت تىلىنى قوللىنىدىغان تاڭغۇت قەبىلىلىرى بار. بۇ تاڭغۇت قەبىلىلىرى تۈركىي تىللىق ۋە موڭغۇل تىللىق مىللەتلەرنىڭ

ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ تىلىدا، لېكسىكىسىدا خېلى نۇرغۇن موڭغۇلچە، تۇركچە سۆزلەر بار. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىمۇ شامان دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپ قالغان. تاكى ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى 39 ئۇرۇق تاغۇت خور قەبىلىلىرىنىڭ چارۋىچىلىرى بىر يىلنىڭ مەلۇم بىر كېچىسى ئەجدادلىرىنىڭ شىمالدىن كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەيدىغان مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. ھازىرقى گەنسۇنىڭ تيەنجۇ ئەتراپلىرىدا ۋە چىڭخەينىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تاڭغۇت خور قەبىلىلىرى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بېرىش - كېلىشى بار. تاڭغۇت خور قەبىلىسىدىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كېلىپ شامان ئىلچىسىنى جادۇ قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانلار بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالگۇ قەبىلىسى بىلەن تيەنجۇ سوڭسەن يۇڭفېڭ ئەتراپىدىكى تاڭغۇت خور قەبىلىرىنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان باردى - كەلدىسى بار ئىدى. بۇنداق بېرىش - كېلىش 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىر قىسىم تاڭغۇت خور قەبىلىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شامان دىنىنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. نۇرغۇن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار تاڭغۇت خورلىرى، يەرلىك مىللەت خورلىرى ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئۇرۇق - تۇغقان دەپ قارايدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھازىرقى تاڭغۇت خور قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبىدە ھەرقايسى دەۋرلەردە تاڭغۇتلارغا سىڭىپ كەتكەن نۇرغۇن شاراگائوللۇقلار، يەنى تۈركلەر، موڭغۇللار، تۇنگۇسلار ۋە

ساك قاتارلىق قوۋملار بار. تاڭغۇت خور قەبىلىسىنىڭ باشقا تاڭغۇت قەبىلىلىرى بىلەن ئانچە چوڭ پەرقى يوق، ئۇلار تاڭغۇت مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى، موڭغۇل تىلى ياكى تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان يەرلىك مىللەت خورلىرىغا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدۇ.

تاڭغۇتلارنىڭ مەشھۇر داستانى «گېسار»دا خورلارنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى گېسارنىڭ ئاق چېدىرلىق خورلار، قارا چېدىرلىق خورلار ۋە سېرىق چېدىرلىق خورلارنىڭ ئۈچ پادىشاھى بىلەن قىلغان جەڭلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەردۇر. موڭغۇللارنىڭ داستانى «جاڭغىر»دا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ قاغاننىڭ ئىستىلاچى جاڭغىر بىلەن بولغان ھېكايىسى ئېنىق سۆزلىنىدۇ. موڭغۇللار ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «گېسارنامە»دە يەنە شاراگائوللۇق خان ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ. داستان — تارىخىي پاكىتنىڭ مەنتىقىي يول بىلەن ئومۇمىيلىقتىن چىقىرىلغان جۇزئىي خۇلاسىسى، ئۇنىڭدىن ھەم كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆزگىچە تارىخىي كۆلەڭگىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ، يەرلىك مىللەت خورلارنىڭ ۋە تاڭغۇت خورلارنىڭ ئەجدادى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ چەت ـ ياقىسىدىكى ئالتۇنتاغ، چىلانتاغ رايونىدىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق ۋە موڭغۇل تىللىق ئاھالىلەر ۋە يەنە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى ساك ئاھالىلىرىدۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەپسىلىي تارىخىي مۇناسىۋەتتىن بىرنىڭ خەۋرىمىز يوق.

# چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدىكى سېرىق ئۇيغۇر جەمەتلىرى ۋە قەبىلىلىرى

## 1. جەمەت ( ياسەن)

سېرىق ئۇيغۇرلار شەرققە كۆچۈپ چىلانتاغقا بارغاندىن كېيىن، ئاساسلىق (ئوتوك) (قەبىلە) يەتتە چوڭ ياسەن (مەنىسى ئۇستىخان، فامىلە ۋە ئۇرۇق)دىن تەركىب تاپقان. سېرىق ئۇيغۇرلاردا «گايرى» (چېدىر، ئائىلە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لاردىن ياسەن، ياسەنلەردىن ئوتوك، ئوتوكلەردىن ئۇلۇس تەشكىللىنىدۇ.

يەتتە چوڭ جەمەت (ياسەن) دىن تەشكىل تاپقان ئوتوكلەر ئەنجاڭ، چاڭمان، لانچاق، غىنكىر، سۇلتۇس، ئوڭرۇد، خاروكوتە، ياغلاقارالاردىن ئىبارەت. يەنە بىرخىل ئېيتىلىشىچە، ئەنجاڭ، نىمان، سۇلتۇس، كېرەد، ئوڭرۇد، توغەش، ياغلاقارلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل تىلىغا تەۋە شەرقىي يۇغۇرلار ئەنجاڭ، چاڭمان، لانچاق، غىنكىر، سۇلتۇس، كېرەد، نىمانلاردىن ئىبارەت. تۈركىي تىلىغا تەۋە غەربىي يۇغۇرلار ئەنجاڭ، توغەش، خاۋروكوتە، ياغلاقارا، نىمان (بىرقىسمى) دىن ئىبارەت. يەنە بىرخىل ئېيتىلىشىچە، تۈركىي تىلىغا تەۋە ئۇيغۇرلار بۇرۇن تۆت چوڭ قەبىلە ئىدى. ئۇلار: ياغلاقارا، خاروكوتە، توغەش، خالخالاردىن ئىبارەت. يەتتە ئۆتوك توغرۇلۇق بىرنەچچە خىل گەپ بار، يەتتە ئوتوكتىن باشقا يەنە نەچچە ئونلىغان بىرقەدەر كىچىك ياسەنلەر بولغان. بۇ كىچىك جەمەتلەر (ياسەنلەر) يۇقىرىدىكى نىسبەتەن چوڭ جەمەتلەرگە ياكى ئوتوكلەرگە تەۋە بولىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر ياسەن (جەمەت) لىرى ئۆز جەمەتى ئارىسىدا نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان پرىنسىپقا ئەمەل قىلىدۇ. قەدىمكى

بىر ئادەت بولۇش يۈزىسىدىن، ھەربىر جەمەتنىڭ قانداشلىق باغلىنىشى ئېنىق بولۇش لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، پۈتۈن جەمەت تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. ئادەتتە ئەرلەر باشقا جەمەتتىن، يەنى ئۆزى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئاياللارغا ئۆيلىنىدۇ، ئاياللار جەزمەن يات جەمەتلىكلەرگە ياتلىق بولۇشى كېرەك. ئايرىم ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. قىسقىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزىنى چەتكە ئېلىش قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت (ياسەن) ۋە قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە فامىلىگە ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەللەردە ئايرىم - ئايرىم بېرىلدى.

## تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان يۇغۇرلارنىڭ فامىلىسى

| جەمەت ( ياسەن ) نىڭ نامى | خەنزۇچە فامىلىسى |
|---|---|
| ئەنجاڭ ( antsanŋ ) | ئەن - 安 |
| توغەش ( t.okəsi ) | تو - 妥 |
| سوگەل ( soGəl ) | سۇ - 索 |
| ياغلاقارا ( jaqla Garu ) | ياڭ - 杨 |
| سىنا ( sina ) | بەي - 白 |
| ئاق ئەت ئات ئارا ( ak .ətat. tar ) | بەي - 白 |
| باسۇد ( basued ) ياكى ( buqis ) | با - 巴 |
| خائۇروكوت ئە ( χaorokot.ə ) | خې - 贺 |
| خارالىق ( χaraləq ) | خې لاڭ - 贺郎 |
| جۇڭنىل ( duʒunŋal ) | جۇڭ - 钟 |
| پى ئالت ئان. پى ئارتئان ( palta.n – part.an ) | پان - 潘 |
| چىڭگەس ( tʃinŋ gəs ) | جېڭ - 郑 |
| ئوڭ رۇد ( onŋ rud ) | گو - 郭 |
| قالق ئار ( q.alq.ar ) | كې ، خا - 柯 , 哈 |
| قىزىلىق ( q.əzilq ) | خۇڭ، خۇاڭ - 洪 , 黄 |
| غىلاڭ، ئەگلان ( klanŋ - əGan ) | لاڭ - 郎 |
| تومان ( toman ) | دۇ - 杜 |

# موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان يۇغۇرلارنىڭ فامىلىسى

| خەنزۇچە فامىلىسى | جەمەتى (ياسەن)نىڭ نامى |
|---|---|
| 安 ئەن – | ( andʒanŋ ) ئەنجاڭ |
| 郭 گو – | ( onŋrud ) ئوگرۇد |
| 吴 – 贺 بەي، ۋۇ – خې – | ( bajad ) باياد |
| 贺 خې | ( kered ) كېرەد |
| 郎 لاڭ – | ( klanŋ – əGlan ) غلاڭ، ئەگلان |
| 高, 李 گاۋ، لى | (ʁker, qartʃaq) غكېر، قەرچاق |
| 高, 李 گاۋ، لى – | ( aχlqa ) خالخا |
| 葛 گې | ( sultus ) سۇلتۇس |
| 苏 سۇ | ( kulinŋ naqsʉ – kulinŋ) كۇلىڭناقسۇ، كۇلىڭ |
| 常 چاڭ | ( tshanŋ man ) چىماڭمان |
| 兰 لان – | ( lantʃaq ) لانچاق |
| 耿 گېڭ – | ( q.ərkəz ) قەرغىز |
| 孟 مېڭ – | ( monŋ Gol – anŋkura) موڭگول، ئاڭكۇرا |
| 孔 كۇڭ – | ( tshunŋsa ) چوڭسا |
| 黄, 安 خۇاڭ ، ئەن – | ( χun ) خۇن |
| 贾 جيا – | ( ) جيادوگې |
| 左 زو – | ( tʃacros ) چاۋروس |
| 艾,安، ئەي، ئەن – | ( ɸrt ) ئۆرت |
| 石 شى – | ( tʃilq ) چىلىق – چىلۇ |
| 铁 تې – | ( temurtʃin ) تېمۇرچىن |
| 朵 دو – | ( kədən ) كەدەن |
| 杜 دۇ – | ( toman ) تۇمان |
|  | ( turgush ) تۇرگۇس |

## قوللىنىۋاتقان تىلى بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان يۇغۇرلار ئورتاق قوللىنىۋاتقان فامىلىلەر

| جەمەت (ياسەن) نىڭ نامى | خەنزۇچە فامىلىسى |
| --- | --- |
| ئەن جاڭ (andʒanŋ – antsanŋ) | ئەن 安 (يۇرغۇرلارنىڭ 1 ـ چوڭ فامىلىسى) |
| ئوڭرود ( onŋ rud ) | ( 郭 ـ گو) |
| قى ئالق ئار ( q·alq·ar ) | ( 柯 – 哈 ـ كې، خا ) |
| قى ئەزلىق ( qalqar ) | ( 洪 – 黄 خوڭ، خۇاڭ) |
| غىلاڭ، ئەگلان (klanŋ – əglan) | ( 郎 ـ لاڭ) |
| تومان ( toman ) | ( 杜 ـ دۇ) |

يەنە بىر قىسىم جەمەتلەرنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە فامىلىگە ئۆزگىرىپ كېتىش ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، سارتىئىن (sartin) ئارات (arat)، باقانار (baqanar)، ئاسۇد (asud)، مىناخ (minaχ)، كومجۇك (komdʒuk)، نىمان (neman ) قاتارلىقلار.

چىڭ سۇلالىسى تارىختا شەكىللەنگەن ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى «ئالتان ئۇرۇق» جەمەتى، يەنى ئەن جاڭ جەمەتىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى چوڭ باشلىق قىلىپ ئىشلەتتى. كىشىلەرنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنى ئەن جاڭ دەپ ئاتىغانلىقى نامەلۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، (ئەن جاڭ) ئالتۇنتاغ ئەتراپىدىكى بىر جاينىڭ نامى ئىكەن. بۇ جەمەت ئۇزۇن يىللار شۇ جايىنى ماكان قىلغانلىقتىن يەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، ئەن جاڭ ــ «ئىجىن» ( andʒan) نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققانىكەن. «ئىجىن» (پادىشاھ، غوجايىن)

دېگەنلىكتۇر، دېيىلىدۇ. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، «ئەن جاڭ» ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنجاننىڭ يەر نامى دېيىلىدۇ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالتان ئۇرۇق، يەنى ئەن جاڭ جەمەتىدىن باقىش جەمەتلەر چوڭ ئاقساقال ۋە قەبىلە باشلىقى بولالمايتتى. ئەن جاڭ جەمەتى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ھوقۇق تۇتۇپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەك، ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ تارىخىي ئارقا كۆرنۈشى بار. بۇ ئادەت چىڭگىزخان زامانىسىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا 700 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان.

مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى كىشىلەر خەنزۇچە فامىلە ۋە ئىسىمنى قوللانغان. 1958 ـ يىلىدىن كېيىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىمۇ خەنزۇچە فامىلە ۋە ئىسىم قوللىنىدىغان بولدى.

## 2 ـ قەبىلە ( ئوتوك)

چىڭ سۇلالىسى كاڭشى، يوڭجېڭ ۋاقتىدا سېرىق ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى يەتتە ئوتوكىنى قايتىدىن تەڭشىدى ھەم ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئوتلاقلىرىنى قايتىدىن بۆلۈپ بەردى، ناتۇرال باج سانىنى بېكىتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى چىڭ سۇلالىسى تۈگىجى يىللىرىدا خېشى ئۇرۇشى ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، باج ـ سېلىق بىر مەزگىل ئازايتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى، مىنگو دەۋرىدە يەنە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە 113 ئات

تاپشۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە سىرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جەمەتلىرىنىڭ بۇرۇنقى نامى تەدرىجىي ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شەرقىي قىسمىدىكى بەش قەبىلە (ئوتوك) نىڭ تىلى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە، غەربىي قىسمىدىكى ئىككى قەبىلىنىڭ تىلى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە بولغاچقا، ئۇلار «شەرقىي يۇغۇرلار» ۋە «غەربىي يۇغۇرلار» دەپ ئاتالدى. غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان يۇغۇرلار شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان يوغۇرلارنى ئادىتى بويىچە ئاڭكىر (anŋkər) دەپ ئاتىغان، بەزى ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار بۇ قەدىمكى زاماندىكى بىر هۇن قەبىلىسىنىڭ نامى، دەپ قارايدىكەن. جەنۇبىي سىبىرىيەدە «ئاڭكىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا ۋە جاي بار. ئۇيغۇر تىلىدا ۋە موڭغۇل تىلىدا ۋېنگىرىيە هاڭكىر ( χanŋkər ) دەپ ئاتىلىدۇ. موڭغۇل تىلىدا كۇنگەي جايلارمۇ «ئاڭكەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە پەرھىز يۇزىسىدىن «سىرىق » دىگەن سۆزنىڭ ئورنىدا سىرىق رەڭنى كۆرستىدۇ. يەنە بىر ئېيتىلىشچە، بۇ خەلقنىڭ ئەجدادى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا دائىم ئېگىز چاقلىق ياغاچ هارۋا ئىشلىتىدىكەن. هارۋىلار يايلاقتا گويا تۇرنىلاردەك قاتار تىزىلىپ ماڭىدىكەن هەم تۇرنىلاردەك توختىماي هاڭكىر (χanŋkər)، هوڭكەر (χonŋkər) دىگەن ئاۋاز چىقىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارنى «ئاڭكىر» دەپ ئاتىغانىكەن. شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان يۇغۇرلار غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان يۇغۇرلارنى خارا يۇغۇر دەپ ئاتىغان. «خارا » نىڭ مەنىسى «قارا رەڭ» دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە «خارا» قارا رەڭ بىر جۇغراپىيەلىك يۆنىلىشنى كۆرستىدۇ.

قەدىمدىن بۇيان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىرقىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. قوللىنىدىغان تىلى ئوخشىمايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي قىسىمدىكىلىرى بىلەن غەربىي قىسىمدىكىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى ئورتاقلىقى قوللىنىدىغان تىلى جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن خېلىلا ئۇستۇن تۇراتتى. بۇ ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلى دەل كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىدۇر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، ئەسلىدىكى يەتتە ئوتوك ئۆزگىرىپ، چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى (يەنى نويان ئوتوكى)، لوئىر قەبىلىسى (خاۋئىركەي ئوتوكى)، باگېما قەبىلىسى (نېمان ئوتوكى)، ياڭگې قەبىلىسى (ياڭگې ئوتوكى)، خائوروكوتە ئە قەبىلىسى (خارئوروكوتە ئوتوكى)، ۋۇگېما قەبىلىسى (باياد تاۋۇن ئوتوكى)، ياغلاقار قەبىلىسى (ياغلاقار ئوتوكى) بولۇپ قالغان. كېيىن بۇ يەتتە قەبىلە ئون قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا «قەبىلە» يەنىلا «ئوتوك» دېيىلىدۇ. يەرلىك خەنزۇ تىلىدا قەبىلە «部落»نى «家» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئون قەبىلە گۇرۇھى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا موڭغۇل تىلى، تۈركىي تىلى، تاڭغۇت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدىغان بولغان.

تۆۋەندىكىلەر چىڭ سۇلالىسى كاڭشى، يوڭجېڭ يىللىرىدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يايلاقلار بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1958 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى.

**(1) چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى «نويان ئوتوكى»** ( nojon otok )

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار مەزكۇر قەبىلىنى شىكې ئوتوكى ( sike otok ) دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى چوڭ قەبىلە دېگەنلىكتۇر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا

مەزگىللىرىدىن كېيىن، بۇ قەبىلە ئۆزىگە قاراشلىق مەنتەي قەبىلىسى، شىيېجىن قەبىلىسى بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسىگە 15 ئات تاپشۇرىدىغان بولغاچقا، خەنزۇ تىلىدا 十五个马家 (15 ئات جەمەتى) دەپ ئاتالغان ھەم چوڭ ئاقساقال (يۇغۇر نويانى) مۇشۇ قەبىلىدە بولغاچقا چوڭ ئاقساقال جەمەتى دەپمۇ ئاتالغان.

بۇ قەبىلە ئالتان ئۇرۇق (altan ory) جەمەتى «ياسەن» دىن تەركىب تاپقان، بۇ جەمەت كېيىن ئەن جاڭ جەمەتى (andʒanŋ jasan) دەپمۇ ئاتالغان. ئەنجان غەربىي يۇرتتىكى بىر يەرنىڭ نامى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىرىنىڭ، تويانلىرىنىڭ باش بارگاھى ئۇزاققىچە مۇشۇ يەردە بولغاچقا، كېيىن ئۇ ئوردا جەمەتىنىڭ فامىلىسى بولۇپ قالغاندى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەيجىلىرى پۈتۈنلەي مۇشۇ قەبىلىدىن بولغان. كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ جەمەتنى تەبىئىي ھالدا بىر قەبىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇ قەبىلە بارلىق يۇغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئەڭ ئالىي سەردارىنىڭ باش بارگاھى بولۇپ قالغان.

سېرىق ئۇيغۇرلار 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، خېيخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا قەدىمكى بۇددا ساغرامى «خۇاڭخەن ساغرامى»نى سالغان بولۇپ، يۇغۇرلار ئۇنى «ئاجىننى سۈمبىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇ ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ خانلىرى، بۇيانلىرى ۋە تەيجىلىرىنىڭ ئىسرىق سېلىپ تېۋىنىدىغان جايى ئىدى. مانا بۇلار كېيىنكى چوڭ قەبىلىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار شاراكاۋتۇ (جىنياۋلىڭ)، چاغان ئۇسۇ (يەماچۈەن)، نىمان ئىبرىدېنى (باباۋشەن)، بازىدۇن ۋە سۇرتولى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم بۇ رايوننى بارلىق موڭغۇل

تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزى قىلغان. ھازىرقى چىلىيەن ناھىيەسى ئەتراپىدا ئۇلار نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن ئىبادەت ئىبادەتخانىسى ھېلىھەم بار. كېيىن بۇ (نويان ئىباۋسى) دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭجېڭ خان دەۋرىدە يۈز بەرگەن چىڭخەي ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ قەبىلە تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، زور كۆپچىلىكى نائىلاج خېيخې دەرياسىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەتكەن، خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئازلا ئاھالىسى قالغان. خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىدە قالغان يۇقىرىلار كېيىن ئۆز ئالدىغا بىر قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ (ئاجىننى ئوتوكى)، يەنى مەنتەي قەبىلىسى دەپ ئاتالغان. بۇ قەبىلە كېيىن ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ. چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئاھالىسى كۆچۈپ غەربىي قىسىمدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياغلاقار قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇلار (شىبېجىن ئوتوكى) دەپ ئاتالغان، شىبېجىن قەبىلىسى ناھايىتى كىچىك قەبىلە ئىدى. بىر ئىبىتىلىشىچە، ئۇلار چوڭ ئاقساقال ياغلاقار ۋە خائوروكوتە قەبىلىسىگە ئەۋەتكەن ئاھالە ئىكەن. ئۇلار تاپشۇرىدىغان سىلىق ئات چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى، مەنتەي قەبىلىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار مەنتەي قەبىلىسى، چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىگە ناھايىتى يىراق بولغان ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ يايلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ياغلاقار قەبىلىسىگە بېقىنغان. بۇ ئۇلارغا ھېچقانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن، شۇڭا بىر مۇستەقىل قەبىلە دەپ قارالمىغان. كېيىن شىبېجىن قەبىلىسى ئاستا ـ ئاستا ياغلاقار قەبىلىسى ۋە خائوروكوتە قەبىلىسىگە سىڭىشىپ كەتكەن ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قوللىنىدىغان تىلىنى ئۆزگەرتىپ تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان بولغان. ھازىر ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن ئاران بىرنەچچە ئون ئۆيلۈكلا ئادەم قالدى. ئۇلار ئەن جاڭ، سۇلتۇس، ئاق ئەت ئاتار غالاڭ،

خالخار قاتارلىق فامىلىنى قوللىنىدۇ. ھازىرقى سۇنەن دەرياسى رايونىنىڭ دوڭلىڭ، شىلىڭ، گۇاڭخۇا ۋە خۇاڭچىڭ رايونىنىڭ مايىڭ قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە ۋابا تۇپەيلىدىن چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ نوپۇسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. نوپۇسنى تولۇقلاش ئۈچۈن، چوڭ ئاقساقال باشقا قەبىلىلەردىن بىر قىسىم چارۋىچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قەبىلىسىگە قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي قىسىمدىكى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ، شەرقىي قىسىمدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كېلىپ چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىگە قوشۇلغان. كېيىن، ئۇلارچوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان . چوڭ باشلىق قەبىلىسىدە ئەن جاڭ جەمەتىدىن باشقا جەمەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى مانا مۇشۇ مەزگىلدە كۆچۈپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭجېڭ يىللىرىدىن كېيىن، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللار ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئاجىزلىشىپ كەتكەن، تاڭغۇت قەبىلىلىرى دەريادىن ئۆتۈپ شىمالغا يۇرۇش قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تاڭغۇتلارنىڭ ئاراۋ قەبىلىسى قارلىق تاغ ـــ ئانىما چىنىدىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇلار شېكەر بارس ساراكاۋتۇ دېگەن يايلاقلىرىغا ۋە موڭغۇللارنىڭ ۋاڭى مولىنىڭ يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، پۈتۈن سېرىق ئۇيغۇر يايلاقلىرىنىڭ خېيخې دەياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھەرقايسى تارماق ئېقىن ھەۋزىلىرىنى تاڭغۇت قەبىلىلىرىنىڭ چارۋىچىلىرى ئىگىلىگەن. تاڭغۇتلار بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ سۈركىلىش يۈز بەرمىگەن،

چۈنكى بۇ چاغلاردا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزۈل ــ كېسىل زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولۇپ، تاڭغۇتلار ئۇلارنىڭ ئورنىغا يايلاقلىرىنى ھېچقانچە كۆچمەيلا ئىگىلىۋالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ نوپۇسى جىددىي ئازىيىپ، ئاران يىگىرمە نەچچە ئۆيلۈك ئادەم قالغان. نوپۇسىنىڭ مۇنداق ئازىيىپ كېتىشى تۆرلۈك بالا ــ قازا، ئاپەت تۈپەيلىدىن بولغاندىن تاشقىرى، «خان جەمەتى» ـــ چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزۈكسىز باشقا قەبىلىلەرگە ئەۋەتىشىدىنمۇ بولغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار باشقا ھەرقايسى قەبىلىلەرگە تارقالغان. ئەينى ۋاقىتتا، چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى كاڭلوڭسى ساڭرامى، بايانگول، ئارالگول (ھازىرقى چۈەنيۈەنخې دەرياسى) ، بورخان ۋۇندۇر (شەرقىي نيۇماشەن تېغى) ، لامۇجياۋ (غەربىي شيۇماشەن تېغى)، داسياۋ، يادى دانە (جيۇگېچۈەن) ، لاگەي دابەن قاتارلىق لىيۈەنخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەركىزى كاڭلوڭسى ساڭرامى ئىدى.

چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى ھازىر ئاساسەن ھازىرقى سۇنەن ناھىيەسىنىڭ ڭاڭلى رايونىنىڭ كاڭفىڭ بايىڭ دېگەن جايلىرىغا، كاڭلى رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان جايغا ۋە ناھىيە بازىرىدىكى خوڭۋەنسى ساڭرامى بازىرىغا جايلاشقان.

(2) نېمان ئوتوكى ( neman otok)

بۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارغا تەۋە. بۇ قەبىلە خەنزۇ تىلىدا (八个马家) ( سەككىز ئات جەمەتى) دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن يەنە (西八个马家) (غەربىي سەككىز ئات جەمەتى) دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن (东八个马家) (شەرقىي سەككىز ئات جەمەتى) دەپ ئاتالغان. بۇ بىر بولمىغۇر ئاتاش، چۈنكى بۇ قەبىلىنىڭ يوغۇرچە نامى «نېمان» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز

تىلىدىكى مەنىسى «سەككىز» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، بەزى كىشىلەر قارىسىغىلا مەنە بېرىپ «八个马家» (سەككىز ئات جەمەتى) دەپ چۈشەندۈرگەن ۋە بۇ قەبىلە سىلىق ئۈچۈن سەككىز ئات تاپشۇرىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ قەبىلە چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو ھۆكۈمىتىگە 23 ئات تاپشۇرۇپ كەلگەن، سەككىز ئات تاپشۇرغان تارىخى بولغان ئەمەس.

نىمان قەبىلىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئوۋچىلىقنىڭ نىسبىتى ناھايىتى زور بولغان، ئاھالىسى ھەم چارۋىچى، ھەم ئوۋچى بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتلار مابەينىدە چىلانتاغنىڭ كىندىك رايونىدىكى ئېگىز تاغ، قويۇق ئورمانلىقلاردا چارۋا باققان ۋە ئوۋ ئوۋلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى باقىدىغان ئوتلاقلىرىنىڭ دائىرىسى جەنۇبتا چىلانتاغنىڭ جەنۇبىدىكى خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خولۇستاي، تۆۋەنكى بازىدۇن، چاغان بۇلاق، شىمالدا ۋە چىلانتاغنىڭ شىمالىدىكى بۇرخان ۋۇندۇر (شەرقىي نيۇماۋشەن) داسىياۋپۇ، غەربتە لاگەي دابەنغىچە بولغان. مىنگو دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ئاھالىسى 140 تۈتۈندىن ئارتۇق ئىدى.

نىمان قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى ھازىر سۇنەن ناھىيەسىنىڭ كاڭلى رايونىنىڭ خۇڭشىسۇن كەنتى، ساۋتەن كەنتى، سىدالۇڭ كەنتى، خۇاڭچېڭچۇ رايونىنىڭ يىڭپەن كەنتى، داخۇتەن كەنتى، خۇاڭچېڭ رايونلۇق مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي، كاڭلى رايونلۇق مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ خۇڭۋەنسى ساڭرامى بازىرى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان.

**(3) ئېجىنى ئوتوكى (edʒini otok)، يەنى مۇنتى قەبىلىسى**

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار. ئېجىنى ئوتوكى — «غوجايىن قەبىلىسى» (پادىشاھ قەبىلىسى)

دېگەنلىكتۇر. مىنگو دەۋرىدە كىشىلەر بۇ قەبىلىنى يەنە «مونتى قەبىلىسى» دەپ ئاتىغان. «مونتى» (monti ) تاڭغۇتچە سۆز بولۇپ، مەنىسى (ئەگىر مۈڭگۈز) دېگەنلىكتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېجىنى قەبىلىسىنىڭ بىر باشلىقىنىڭ بېشىدا بىر كىچىك مۈڭگۈز بار ئىكەن. شۇڭا، ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار ئۇنى «مونتى» دەپ ئاتاپ، ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلگەن. كېيىن مونتى قەبىلىسى دېگەن نام تارقىلىپ بۇرۇنقى نامىنىڭ ئورنىنى باسقان. تاڭغۇتچە نامىنىڭ تارقىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېجىنى قەبىلىسى ئەتراپىغا تاڭغۇت چارۋىچىلار كۆچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سان جەھەتتىن تاڭغۇتلار ئۇلاردىن كۆپ ئىدى. دېمەك، ئېجىنى قەبىلىسى تاڭغۇتلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان، تاكى ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم كىشىلەر ئائىلە تۇرمۇشىدا تاڭغۇت تىلىنى ئىشلىتىدۇ.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مونتى قەبىلىسى، شىيېجىن قەبىلىسى ۋە چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى دەسلەپتە بىر قەبىلە بولۇپ، ھەممىسى ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ پۇشتى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭجېڭ يىللىرىدىن كېيىن بۆلۈنۈپ ئۈچ قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئەسلىدە مونتى قەبىلىسى بىلەن شىيېجىن قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى چوڭ باشلىقنىڭ شىرەم ئاكا ـ ئۇكىلىرى بولۇپ، مونتى قەبىلىسى بىلەن شىيېجىن قەبىلىسى چوڭ ئاقساقالنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق ئىككى ئالاھىدە گورۇھى ئىدى. بۇ ئۈچ قەبىلىنىڭ باجغا تاپشۇرىدىغان ئاتلىرىنى چوڭ ئاقساقال بىر تۇتاش يىغىپ تاپشۇرغان.

مونتى قەبىلىسى، شىيېجىن قەبىلىسى ۋە چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى بۆلۈنۈشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ چارۋا باقىدىغان دائىرىسى ئوخشاش ئىدى. يەنى شەرقتە شاراكاۋتۇ (جىنياۋلىڭ)، شىكەر بارىس (مېنيۈەن سىزىكو) دىن باشلىنىپ، غەربتە سۇرتولى تېغى تىزمىلىرىنىڭ ئاساسلىق چوققىلىرى، بايان

نىكو، ئامۇنى نىكو، خېيخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى قاتارلىق جايلارغىچە، جەنۇبتا نايمان ئېرىدىنى (باباۋشەن تېغى) دىن باشلىنىپ، شىمالدا تېنكىردا بەن ( چىڭدابەن)، ئارسلان دابەن (خوڭ دابەن) غىچە ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا چىڭخەي ئۆلكىسى چىلىيەنشەن ناھىيەسى تەۋەلىكىدىن تېپىلغان بىر تاش ئابىدىدە، خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە، تاڭغۇتچە يېزىقلاردا يۇقىرىدىكى يەر ناملىرى ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر قاتارلىق قوۋملارنىڭ نامى ئويۇلغان.

چىڭ سۇلالىسى يوڭجېڭ يىللىرىدا بۇ قەبىلە ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. تۇڭجى يىللىرىدا يەنە سارتاۋۇل ئىسيانىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىغان. مىنگو دەۋرىدە بۇ قەبىلە تۇرۇشلۇق جاينى مابۇفاڭ قوشۇنى ئىشغال قىلغان. مونتى قەبىلىسىنىڭ ئوتلاقلىرى ئازىيىپ، ئېجىنى گول (باباۋخې دەرياسى) نىڭ شىمالى، خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تار تاغلىق ئوتلاقلار قالدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مونتى قەبىلىسىنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ ئاران 40 نەچچە ئۆيلۈك ئادىمى قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 ـ يىلى مونتى قەبىلىسى پۇتۇنلەي چىلانتاغنىڭ شىمالى باغرىدىكى خۇاڭچېڭتەنگە كۆچۈپ باردى. ھازىر سۇنەن ناھىيەسىنىڭ خۇاڭچېڭ رايونىنىڭ بەيجى، بەيفېڭ دېگەن يەرلىرىدە ۋە خۇاڭچېڭ رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەردە، ناھىيە بازىرىنىڭ خۇڭۋەنسى ساڭرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(4) ياڭكا ئوتوكى** (janŋka otok)

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار. خۇانبو ئوتوكى (χuanbo otok ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاڭغۇتلار خۇانبو ساۋۋا ( χuanbo saoβa ) دەپمۇ ئاتايدۇ. بىر ئېيتىلىشىچە، غالدان

بوشۇقتۇخاننىڭ «ۋەنبۇ»سى (ۋەنبۇ بىرخىل ئەمەل)، ئىنكە (enkə) «قەدىمكى زاماندىكى ھەربىي ئىشتات، مەنىسى قىسىم دېگەنلىكتۇر»نى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش تۈپەيلىدىن ئىنكە «ياڭكا» غا ئۆزگەرگەن. ۋەنبۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى مۇشۇ جايدىكى قەبىلە ئىچىدە قېلىپ قالغان. بۇ قەبىلىنىڭ قەدىمكى نامىنى كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن «ياڭكا» بۇ قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ قالغان، يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، «ياڭكا» غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى يەر نامى ئىكەن.

ئۇلار بۇرۇن بازىدۇن تۇزلەڭلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ يەردە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى يىللاردىكى ساڭرامى مەنچۇ گاۋبا بار. ئۇ مەنچۇ سۇمې دەپمۇ ئاتالغان. تاربا بۇدساتۋا رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇ ساڭرامىنىڭ خارابىسى ھازىرمۇ بار. بۇ يەردىكى ئېباۋ خارابىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ياڭكا قەبىلىسىنىڭ چارۋا باقىدىغان ئوتلاقلىرىنىڭ دائىرىسى چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى بازىدۇن تۈزلەڭلىكىدىن سۇرتولى ۋە ئۇلان مۇرەننىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغىچە بولغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۇلارنىڭ ئوتلاقلىرى ئازىيىپ بازىدۇن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كوكۇگول (چاڭەنخې دەرياسى)، خېيزاڭ دابەن، رامچياۋدابەن، شياۋبەيچۈەن، ياڭگۇدابەن، خېيخېتەن ئەتراپلىرىلا قالغان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ھۆكۈمەتلىرىگە باج ئۆچۈن 23 ئات تاپشۇرغان. مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا نوپۇسى ئازىيىپ، ئاران 20 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم قالغان. ھازىر، ئۇلار سۇنەن ناھىيەسىنىڭ كاڭلې رايونىنىڭ ياڭكا دېگەن يېرىدە، خۇڭچېڭ رايونىنىڭ دۇڭتەن يېزىسىدىكى شياڭياڭ رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان جايدا ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ خوڭۋەنسى ساڭرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(5) سىرت ئەڭ ئوتوكى**( sertənŋ otok )

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار. خەنزۇ تىلىدا «四个马家» (تۆت ئات ئائىلىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزكۇر قەبىلىنىڭ باج ئۇچۇن تۆت ئات تاپشۇرغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇ قەبىلە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن سىرت ئەڭ جەمەتىنى ئاساس قىلىپ، چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى، لوئىر قەبىلىسى ۋە باشقا قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان يېڭى قەبىلە، « سىرت ئاڭ هازىر سىرىڭ ئەڭ» سىرئەن دەپمۇ يېزىلىدۇ) مەزكۇر قەبىلە جەمەتىنىڭ قەدىمكى نامى، يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، «سىرت ئەڭ»، يەنى «سىرت دىگا» دېگەنلىكتۇر، ئۇنىڭ مەنىسى يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدىغان ئېگىز ۋە تىك چوققا دېگەنلىك ئىكەن. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، بۇ جەمەت موڭغۇللارنىڭ سىرت ئەڭ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانىكەن. موڭغۇللارنىڭ سىرت ئەڭ قەبىلىسى چىڭخەينىڭ خەيشى ۋە گەنسۇنىڭ سۇنەن ئەتراپلىرىغا جايلاشقانىكەن. ئۇلار چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە، جەنۇبتا شىپاۋخې دەرياسى ۋادىسىدىن باشلىنىپ، غەربتە لېيۇەنخې دەرياسى ۋادىسىغىچە، غەربىي جەنۇبتا كۆڭگاڭمۇ دابەنگىچە بولغان جايلاردا كۆچمەن چاراۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاران سەككىز - توققۇز ئۆيلۈكلا ئادىمى قالغان. هازىر ئۇلار كاڭلى رايونىنىڭ سىرت دىڭ دېگەن يېرىدە ۋە سۇنەن ناهىيەسىنىڭ كاڭلى رايونلۇق مەهكىمىسى جايلاشقان يەردە ۋە ناهىيە بازىرىنىڭ چۇڭۇەنسى ساڭرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(6) گۇرهكې ئوتوكى** ( Gurhke otok )

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار. خەنزۇ تىلىدا لوئېر جيا (罗尔家) دەپ ئاتىلىدۇ. لوئېر قەبىلىسى بىلەن ياڭكا قەبىلىسى ئەسلىدە بىر قەبىلە ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ

ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بىرسى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر، يەنە بىرسى گۇلزا دېگەن جايدىكى ئويرات موغۇللىردىن ئىكەن. ئىككى خوتۇنى ئىككى جايدا تۇرىدىكەن. كېيىن قەبىلىمۇ بارا ـ بارا ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. «خوركەي»نىڭ مەنىسى «ئىككى ئانا» دېگەنلىكتۇر. لور قەبىلىسى سېرت ئەڭ قەبىلىسىنىڭ يېقىن قوشنىسى بولۇپ، جەنۇبتا كوك گاڭمۇ، خاييىاگۇۋ، شىمالدا ناختىۇ دابەن (سوڭمىۇ شەن تېغى)، شەرقتە شىياۋخې دەرياسى، غەربتە دۇڭلىيۇگو، جيۇسىڭ يازى دېگەن جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ھۆكۈمەتلىرىگە توققۇزدىن باج ئېتى تاپشۇرغان. مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاران 18 ئۆيلۈك ئادىمى قالغان. ھازىر ئۇلار سۇنەن ناھىيەسىنىڭ كاڭلى رايونىنىڭ يۇقىرى ۋادىسى، لوڭفېڭ ، كاڭلى رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان جاي ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ خۇڭۋەنشى ساڭرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(7) باياد تاۋۇن ئوتوكى** ( bajad taβun otok)

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار. خەنزۇ تىلىدا (五个马家) (بەش ئات جەمەتى ) دەپ ئاتىلىدۇ. «باياد تاۋۇن» دېگەننىڭ مەنىسى بەش باياد جەمەت دېگەنلىكتۇر. «تاۋۇن» بەش دېگەننى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، بەزى كىشىلەر باج ئۇچۇن بەش ئات تاپشۇرىدىغانلار، دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا، بەش ئات جەمەتى دەپ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەبىلە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە باج ئۇچۇن باشتىن ـ ئاخىر 23 ئات تاپشۇرۇپ كەلگەن، بەش ئات تاپشۇرغانلىقىغا ئائىت مىسال يوق.

باياد تاۋۇن قەبىلىسى لىيۇەنخې دەرياسىنىڭ غەربىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى، سېرت ئەڭ قەبىلىسى ۋە گۇرھكې قەبىلىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئوتلاق دائىرىسى شەرقتە لىيۇەنخې دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربتە

خوڭۈەندۈنغىچە، جەنۇبتا تۇپولاڭدىن باشلىنىپ، شىمالدا تەنسىيغىچە بولغان. مەركىزى يۇمۇشەن ئەتراپىدىكى چىنياۋسى ساڭرامى، خوڭۈەن، داتەن دېگەن جايلار ئىدى. مىنگو دەۋرىدە، بۇ قەبىلىنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ ئاران 300 دىن ئارتۇق ئادەمى قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 ـ يىللاردا سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىغاندا، باياد تاۋۇن قەبىلىسىدىكى تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى چارۋىچىلار پۇتۇنلەي داچيا فېرمىسىغا كۆچۈرۈلدى.

بۇ قەبىلە شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئىككى بۆلەك سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئۆتتۇشىدىغان جايغا ماكانلاشقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىردەك تەسىرى بولغان. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى يۇغۇرلارنىڭ ئىككى خىل تىلى (يەنى تۈركىي تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى)نى بىلىدۇ. هازىر ئۇلار سۇنەن ناهىيەسىنىڭ داخې رايونىدىكى داتەن خوڭۈەن، گوڭخوا، داۋچيا فېرمىسىنىڭ بىرقىسىم جايلىرى، خواڭچېڭ رايونىنىڭ مايىڭشياڭ يېزىسىنىڭ شىچېڭ كەنتى، داخې رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەر، خواڭچېڭ رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەر ۋە ناهىيە بازىرىدىكى خوڭۈەنسى ساڭرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(8) ئارنىمان ئوتوكى** ( arneman otok)

تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار. خەنزۇ تىلىدا، 西八个马 (غەربىي سەككىز ئات جەمەتى) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىسالغا ئوخشاش، «نېمان» نىڭ مەنىسى «سەككىز بولغاچقا، 西八个马 دېگەن ئىسىممۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ۋە خاتا هالدا تارقالغان. «ئارنېمان» نىڭ مەنىسى «شىمالىي قىسىمدىكى نېمانلار ۋە « شىمال تەرەپتىكى نېمان جەمەتى» دېگەنلىكتۇر. تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بۇ قەبىلىنى ( ساكاز ئوتوك) (sakas otok ) دەپ

ئاتايدۇ. بۇ قەبىلە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان شەرقىي يۇغۇرلار بىلەن تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان غەربىي يۇغۇرلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن شەكىللەنگەن. كېيىن، تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان غەربىي يۇغۇرلار تەدرىجىي ھالدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تارتىپ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ بۆكىنىڭ بېزىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان شەرقىي يۇغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

ئارنىمان قەبىلىسى چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى بازىدۇن تۇزلەڭلىكى، سۇرتولى ۋە ئۇلان مۇرەن ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇلار كۆچۈپ لىيۇەنخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا ۋە خۇڭشۇەنسى ساغرامىنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان. شەرقتە گۇرەكىي قەبىلىسى بىلەن تۇتۇشاتتى، جەنۇبتا ياڭكا قەبىلىسى بىلەن قوشنا ئىدى، شىمالدا باياد تاۋۇن، ياغلاقار قەبىلىلىرى بىلەن، غەربتە شۇيگۇەندىكى خائوروكوتە قەبىلىسى بىلەن تۇتىشاتتى. مىنگو دەۋرىدە ئاران 30 نەچچە ئۆيلۈك ئادىمى قالغان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ھۆكۈمەتلىرىگە باج ئۇچۇن 23 دىن ئات تاپشۇرغان.

ھازىر، ئۇلار سۇنەن ناھىيەسىنىڭ داخې رايونىنىڭ سوگمۇتەن دېگەن يېرىدە، داچا قېرمىسىدا، لاۋخۇگۇدا ۋە خۇاڭچېڭ رايونىنىڭ مايىڭشيالىڭ يېزىسى، خۇاڭچېڭ رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەر، ناھىيە بازىرىدىكى خۇڭشۇەنسى ساغرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(9) ياغلاقار ئوتوكى** ( jaqlakar otok )

تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار. خەنزۇ تىلىدا «يالاگې جيا » ( 亚拉格家 ) دەپ ئاتىلىدۇ. ياغلاقار قەبىلىسى (ئاق يالاق) ۋە ( قارا يالاق) تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ

جەمەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇلار باياد تاۋۇن ئارنىمان قەبىلىلىرىنىڭ شىمالدىكى جايلاردا، بەيلاڭخې (بىراڭ beranq ) دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن خوڭپېنزى، شىنبا، نۇەنچۇەن ۋە كارىدورنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى شىخەيزى ئەتراپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۆلدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن فېرمىسىنىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ ، مىڭخەي، دۇڭلىڭ، شىلىڭدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىنگو دەۋرىدە ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ 190 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق نوپۇسى قالغان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ھۆكۈمەتلىرىگە باج ئۆچۈن 13 دىن ئات تاپشۇرغان.

ھازىر سۇنەن ناھىيەسىنىڭ داخې رايونىدىكى شىلىڭ، دۇڭلىڭ، گۇاڭخۇانىڭ بىر قىسمى، داچا فېرمىسىنىڭ بىر قىسمى، مىڭخۇا رايونىنىڭ مىڭخۇ يېزىسى ۋە داخې رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەر، مىڭخۇا رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەر ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ خوڭۋەنسى ساغرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

**(10) خائوروكوتە ئوتوكى** ( χaorokota otok )

تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار. خەنزۇ تىلىدا « 呼郎格家» (خۇلاڭ گېجيا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ غەربى، جاشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆلدىن نەنشەن شۇيگۇەنگىچە بولغان دائىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. قىسمەن جايلىرى تاغقۇتلارنىڭ خالا تۇگا قەبىلىسى ( يەنى ھازىرقى چىفېڭ زاڭزۇلىرى) بىلەن تۇتىشىدۇ. كېيىن فېرما كىچىكلەپ، ليەنخۇاسى ساغرامى ۋە نەنشەن تېغىنىڭ شىچاخې دەرياسى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ھۆكۈمەتلىرىگە 18 دىن ئات باج تاپشۇرغان. ھازىر سۇنەن ناھىيەسى مىڭخۇا رايونىنىڭ ليەنخۇاشياڭ يېزىسى، شىچاخې دەرياسى، مىڭخۇا رايونلۇق مەھكىمە جايلاشقان يەر ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ خوڭۋەنسى ساغرامى بازىرىدا ماكانلاشتى.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئاساسىدا يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدى. بۇنداق ھالەت داۋاملىشىپ 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە يايلاق چېگراسىنىڭ ئايرىلىشى سەۋەبلىك كۆچكەندە بۇرۇنقى ھالەت ئۆزگىرىپ كەتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئون قەبىلىسىدىن باشقا، تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك يەنە ئىككى ئالاھىدە گۇرۇھ بار.

**(1) خۇاڭنىباۋ سېرىق ئۇيغۇرلىرى (موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان )**

غەربىي قىسىم يۇغۇرلىرى، خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى خائوروكوته قەبىلىسىدىن ئىدى. بىرقىسمى چىڭ سۇلالىسى بىرقانچە قېتىم غەربتە جۇڭغارلار ئۇستىگە ۋە چىڭخەيگە يۈرۈش قىلغاندا لېيوەنخې دەرياسى ئەتراپىدىكى نەنشەن تېغىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، جيۇچۇەننىڭ نەنشياڭ، بېيشياڭ، جايۇچۇ، شاڭخۇاڭنىباۋ ۋە شياخۇاڭنىباۋ دېگەن جايلىرىدا نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇلار ياشىغان. 1958 ـ يىلى جيۇچۇەننىڭ شاڭخۇاڭنىباۋ، شياخۇاڭنىباۋ دېگەن جايلىرىدا جەمئىي 112 ئۆيلۈك سېرىق ئۇيغۇر بار ئىدى. ھازىر ئۇلار جيۇچۇەننىڭ خۇاڭنىباۋ يېزىسىدا ماكانلاشتى.

**(2) بانتا ئوتوكى** (banta otok)

بانتا قەبىلىسى ــ تاڭغۇتلارنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر. لېكىن، سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇلارنى چاغان يۇغۇرلار قەبىلىسى، پەقەت تاڭغۇتلىشىپلا كەتكەن، دەپ قارايدۇ. بانتا قەبىلىسى «چاغان نويان ئوتوكى» (tʃakan nojon otok) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئاق باشلىق قەبىلە» ياكى «ئاق قەبىلە» دېگەنلىكتۇر. ئۇلار تاڭغۇت تىلىنى قوللىنىدۇ. چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى خېيخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ.

تاڭغۇتلار ئۇلارنى «بانتاخور» (banta hor ) دەپ ئاتايدۇ. (بۇ يەردىكى «خور» يۇغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ). تاڭغۇتلار «بانتاخورلار» گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر ئاندىن تۇغۇلغان ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، قالغان سېرىق ئۇيغۇرلار مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. موڭغۇللار ئۇلارنى «چاغان يۇغۇر» دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «ئاق يۇغۇر» دېگەنلىكتۇر.

هازىر ئۇلار مانتى رايونىنىڭ شىمشۈيشياڭ يېزىسىنىڭ باجياۋۋەن، لۇجۋاڭزى دېگەن جايلىرىدا ماكانلاشتى.

# سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرى

**(1)**

«چوڭ ئاقساقال» ياكى «نويان چوڭ ئاقساقاللار) خەنزۇچە (宗王大头目) دېيىلىدۇ، سېرىق ئۇيغۇرلار «نويان ( nojon )، «نويان ئاۋا» (nojon aβa) «شىكې نويان (sike nojon) دەپ ئاتايدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي رايونلىرىدا «بەگ» ( pey )، «بىزك بەگ» (bizk pey ) دەپ ئاتىلىدۇ. چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونلىرىدىكى چوڭ ساڭراملاردا ۋە موڭغۇل، تاڭغۇت رايونلىرىدا بىردەك «يۇغۇر ۋاڭلىرى»، «يۇغۇر نويانلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرى، يەنى ئۇلارنىڭ نويانى جەزمەن «ئالتان ئۇرۇق» (altan ory) جەمەتىدىن، يەنى «ئالتۇن جەمەت»تىن بولۇشى شەرت ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە، ئۇلارنىڭ «ئالتان ئۇرۇق» جەمەتى «خۇچىن ئۇرۇق» (χutʃin ory)، «شىكى ئۇرۇق» (sike ory )، «شىنى ئۇرۇق» (ʃini ory ) تىن ئىبارەت ئۈچ جەمەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇلارنىڭ مەنىسى ئايرىم ـ ئايرىم «كونا جەمەت»، «چوڭ جەمەت»، «يېڭى جەمەت» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۈچ جەمەتنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنىڭ كۆپچىلىكى چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى (هازىرقى كاڭفېڭ بايىن) نىڭ ئەن جاڭ (andʒanŋ) جەمەتى ۋە چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مونتى، شىيجىن قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ جەمەت باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز، يۇقىرى مەرتىۋىلىك جەمەت بولۇپ، 13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان 100 يىلدىن

ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئەرلىرىنىڭ شۆھرىتى، ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن داڭ چىقارغانىكەن. شۇ يىللاردا، بۇ تەلەيلىك جەمەتكە بەخت قۇشى قونۇپ ھەممىنى بىسىپ چۈشكەن، مۆلچەرلىگۈسىز مال ـ دۇنياغا ئىرىشكەن. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ ھەم نۇسرەت قازىنىپ، ئىشەنگۈسىز مال ـ دۇنيا ، قۇللارغا ئىرىشكەن ...... شۇنىڭدىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، چېكىنىشىمۇ ئوخشاشلا ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تېز بولغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ئەۋلاد چوڭ ئاقساقلى (چىڭ سۇلالىسى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ھېسابلىغاندا 11 ـ ئەۋلاد چوڭ ئاقساقىلى) توي قىلماقچى بولغان. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قار كۆپ ياغقان بىر قىش ئىكەن. بازىدۇن تۇزلەڭلىكىدىكى قىشلىق بارگاھتا چوڭ ئاقساقال توي قىلماقچى بولغان قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى بازىدۇن تۇزلەڭلىكى ئاپپاق قارغا پۈركەنگەنىكەن. كىمدۇر بىرسى يولۋاسنىڭ چىدىرنى چۆرگۈلەپ ماڭغان ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران قالغان كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. لاما ۋە ئىلچى (شامان) نى چاقىرىپ كەلگەنىكەن، ئۇلار ھېسابلاپ كۆرۈپ، بۈگۈن دەل يولۋاس كۈنى دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ ۋە يولۋاس كۈنى قار ياغسا، يولۋاسنىڭ ئىزى بولىدۇ. يولۋاس كۈنى قىز كۆچۈرۈلسە، كەلگۈسىدە بۇ ئايال بىر تەيجى تۇغىدۇ. بۇ يولۋاس ۋاڭنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇ 20 ـ ئەۋلاد چوڭ ئاقساقال (چىڭ سۇلالىسى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ھېسابلىغاندا 12 ـ ئەۋلاد چوڭ ئاقساقال) بولىدۇ، دەپتۇ. تەيجى (tedʒi) «ئالتان ئۇرۇق» جەمەتىدىن بولغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ھۆرمەت نامى، قۇنتەيجى (χun tedʒ ) بولسا بىرخىل ئۇنۋان ( پادىشاھلىق دۆلەتلەردە

ئاقسۆڭەكلەرگە بىرىلىدىغان ئۇنۋان). ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاق لىباسقا پۈركەنگەن بىپايان بازىدۇن دالاسىدا خۇشاللىق بىلەن قىز ئۇزىتىپ كىلىۋاتقانلار ئاتلىرىغا مىنىپ ، ناخشىسىنى ياڭرىتىپ ئۆتۈپ كىتىپتۇ.

بۇ قىز ياتلىق بولغاندىن كىيىن، كىشىلەر ئۇنى (تىمۇرخاتۇن) (temur χatun) دەپ ئاتىشىپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى «تۆمۈر خانىش»، تۆمۈرخانىنىڭ خانىشى، تۆمۈر رەپىقە دىگەنلىك ئىكەن. بۇ ئىسمىدا قەدىمكى زامان كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ ئادىتى داۋاملاشتۇرۇلغان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار بىر كىچىك كۆچمەن چارۋىچى قوۋم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

تىمۇرخاتۇننىڭ ئىرى (19 ـ ئەۋلاد چوڭ ئاقساقال) ۋاپات بولغاندىن كىيىن، سايلام ئارقىلىق بىرنەچچە نەپەر ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ ئىزباسارلىرى ئارىسىدا تىمۇرخاتۇننىڭ ئوغلى چوڭ ئاقساقاللىققا كۆرسىتىلگەن. ئۇ كوھ ئونبۇ شىھىر ئەڭ (khonbu tsherənŋ) دەپ ئاتالغان. بىر ئىيتىلىشىچە، رىن چىڭ نۇربۇ دىيىلىدۇ، ئۇ 20 ـ ئەۋلاد چوڭ ئاقساقال ھىسابلىنىدۇ. ۋاقتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا توغرا كىلىدۇ. كىيىن، كوھ ئونبۇ ( khonbe ) دىن ئىبارەت بۇ تىبەت بۇددا دىنىدىن كىلىپ چىققان ئىلاھ نامىنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇلارنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، كوھ ئونبۇ سەيراڭنىڭ ئىزباسارى كوھ ئۇنەبۇ شىجا (يەنى ئاخىرقى چوڭ ئاقساقال ئەن كوھ ئونبۇ شىجا). ئىسمىغا ۋارىسلىق قىلىش ئادىتىنىڭ قاچان شەكىللەنگەنلىكى نامەلۇم، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمى بۇنى چۈشەندۇرۇپ بىرەلمەيدۇ. دىمەك، جەزمەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولسا كىرەك.

جۇڭغارلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى كوھ ئونبۇ ساغاندىن باشلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. « 官布 » (كوھ ئونبۇ) بەزىدە « 贯布 »، « 贡布 »، « 滚卜 » دەپمۇ يېزىلىدۇ ۋە باشقىلار.

«يولۋاس ۋاڭ » كوھ ئونبۇ سەيراڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغاندا، خۇددى ئاتقا مىنىپ تۇرغاندەك كىشىلەردىن بەلدىن يۇقىرىسى ئېشىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر بۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قارامتۇل نوياننى «قارا چوڭ ئاقساقال» ياكى «قارا نويان» دەپ ئاتىغان. ئۇ يۇرت سورىغان مەزگىلدە، جاسارەتلىك ، پاراسەتلىك، چاققان، كەسكىن بولغاچقا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا سىرتتىن كەلگەن ئوغرىلار، قاراقچىلار، ئوردا ئەسكەرلىرى بىر مەزگىل ھەددىدىن ئاشالمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە موڭغۇل ۋاڭ مولى تاڭغۇت ۋاڭ جاساق، مىڭبېشى ۋاڭشى دەيخەيلەر بىلەن دوست بولغاچقا، ئەتراپتىكى ھەر مىللەت ئاقساقاللىرى، باش بۇغ، ئامباللار ئۇنىڭغا ھەمىشە يول قويغان. بۇ قارامتۇل، بەستلىك ياش ئاقساقال دائىم ئاق تون كىيىپ، ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ، ھازىرقى كاڭلى رايونى ماچاڭتەن ۋە بازىدۇن تۇزلەڭلىكىدە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەن. ئادەت بويىچە يۇغۇرلارنىڭ يەتتە قەبىلىسىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئاتلىق كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان. ئۇ يەنە ماچاڭ تالانىڭ غەرب تەرىپىدىكى كۇلاجى (چيۇنيۇچۇەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىرنەچچە كورپۇس ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ ۋاڭ ئوردىسى قىلغان، بۇ ھەم ئۇنىڭ قىشلىق بارگاھى ئىكەن. ئۇنىڭ سۇلتۇس قەبىلىسىدىن بولغان ياڭكاڭ ئىسىملىك بىر يارامىلىق ياردەمچىسى بولۇپ، ناھايىتى ئىقتىدارلىق، باتۇر ئادەم ئىكەن. ياردەمچى، مەيدان باشلىقى دىگەنلەر ھەرقايسى قەبىلىلەر ئەۋەتىپ بەرگەن ئادەتتىكى پۇقرا «ئالباتۇ» لاردىن

تەيىنلەنگەن. ئۇلارنىڭ «ئالتان ئۇرۇق» تىن بولۇشى ناتايىن. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان ئالۋان ـ سېلىقى، قوشۇمچە ياردەمچىلەر، مەيدان باشلىقى ئارقىلىق بولغان.

1911 ـ يىلى «قارا نويان» — كوھ ئونبۇ سەيراڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن ئىمز باسار قالمىغان. شۇ يىلى يازدا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇلارنىڭ يەتتە قەبىلە باشلىقلىرى كاڭلۇڭسى ساڭرامى ئەتراپىدىكى يازلىق بارگاھتا «قۇرۇلتاي» ئېچىپ، ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقىدىن، يەنى كىشىلەر «شىنى ئۇرۇقى» دەپ ئاتايدىغان ئۇرۇقتىن 16 ياشلىق بىر تەيجىنى يېڭى چوڭ ئاقساقاللىققا سايلىغان. بۇ ئىشمۇ لامانىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشى بىلەن بولغان. بۇ تەيجى ئادەت بويىچە ئاۋۋالقى چوڭ باشلىقنىڭ ئىسمىدىكى «كوھ ئونبۇ» غا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن يېڭى چوڭ ئاقساقال، يەنى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 21 ـ ئەۋلاد (چىڭ سۇلالىسى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ھېسابلىغاندا 13 ـ ئەۋلاد) چوڭ ئاقساقىلى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى چوڭ ئاقساقالنىڭ ئىسمى كوھ ئونبۇ شېجا بولۇپ، ئاۋۋالقى چوڭ ئاقساقالنىڭ جىيەنى ئىكەن. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جىيەن ـ تاغا مۇناسىۋىتى ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتىدەك مۇھىم. بەزىدە جىيەن ـ تاغا مۇناسىۋىتىنى ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتىدىنمۇ مۇھىم دەپ بىلىدۇ. بۇنداق ئادەت ھازىرمۇ ساقلانماقتا. يېڭى چوڭ ئاقساقالمۇ ئادەت بويىچە ۋاسىساللار مەھكىمىسى، گېگەن لاما، ھەرقايسى چوڭ ساڭرام قاتارلىقلارغا يوللانغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان گېگەن لاما قائىدە بويىچە چوڭ ئاقساقال (يەتتە ئۇرۇق موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ۋاسىساللار قەبىلىسىنىڭ چوڭ ئاقساقىلى) بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە تەستىقلاپ كىنىشكا بەرگەن.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1915 ـ يىلى جۇڭخا مىنگو ھۆكۈمىتى كوھ ئونبۇ شىجانىڭ كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن. كوھ ئونبۇ شىجا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چوڭ ئاقساقىلى ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشى، يوڭجېڭ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇندىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۇرلۇك ئەمەل ناملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. چىڭ سۇلالىسى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى «ئالتان ئۇرۇق» جەمەتىدىن ئۇلان چوڭ ئاقساقال ھوقۇق تۇتقاندىن باشلاپ شۇ كەمگىچە جەمئىي 13 ئەۋلاد (شەرقىقە كۆچكەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 21 ئەۋلاد) چوڭ ئاقساقال ئۆتتى. ئالتان ئۇرۇق جەمەتىنىڭ ئۇچ ئۇرۇقى، يەنى ئۇلان چوڭ ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى «شېكەي» ئۇرۇقىدىن جەمئىي يەتتە چوڭ ئاقساقال ئۆتكەن، كېيىن «خاۋچىڭ ئۇرۇقى»غا كىرىدىغان پەرزەنتى بولمىغاچقا بۇ جەمەتتىن جەمئىي بەش ئەۋلاد چوڭ باشلىق ئۆتكەن. قارا چوڭ ئاقساقال دەۋرىگە كەلگەندە ئۇنىڭمۇ (شىنى ئۇرۇقى) جەمەتىگە كىرىدىغان پەرزەنتى بولمىغاچقا، بۇ جەمەتتىن پەقەت كوھ ئونبۇ شىجالا چوڭ ئاقساقال بولغان. 1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى (ئان، كوھ ئونبۇ) دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن.

كوھ ئونبۇ شىجا چوڭ ئاقساقالنىڭ يارامىلىق ياردەمچىسىنىڭ بىرسى ئايالى گارئاڭ ، يەنە بىر ياردەمچىسى ياغلاقار ئىدى. گارئاڭ خانىم كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئايال بولۇپ، چوڭ ئاقساقالنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدا يول كۆرسىتىپ تۇرغان. بەزىدە ئېرىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئېرىگە ۋاكالىتەن بېجىرىپ بىر تەرەپ قىلغان. كىشىلەر گارئاڭنى ھۆرمەتلەپ «گارئاڭ خاتۇن»، يەنى (گارئاڭ خانىم) دەپ ئاتىغان. ئۇ 1890 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان نىمان جەمەتىنىڭ چاڭمەن

ئۇرۇقىدىن ئىدى. گارئاڭ ئەلگە تونۇلغان ناخشىچى ئىكەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە سىرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدا ئۇ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ تۇرغان، بەزىدە شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش، كۇندىلىك ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش، يايلاق چېگرالىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، قوشۇن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئىشلارنى ياردەملىشىپ بېجىرگەن ياكى ئۆزى باش بولۇپ بېجىرگەن. گەنسۇ ـ چىڭخەيدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەردە ئۇنىڭ بارمىغان يېرى قالمىغان.

80 ـ يىللاردا گارئاڭ خاتۇن قېرىپ قالغانىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۇ يەنىلا موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاخىرقى لىرىك ناخشىچى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھەممە سىرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. بارغانلا يەردە چارۋىچىلارنىڭ سەممىي، قىزغىن كۇتۇۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ھەم مەزمۇنلۇق بايان خاراكتېرلىك ناخشىلىرى ۋە مەلۇم ۋەقەلىكنى يورۇتۇپ بېرىدىغان داستانلىرى بىلەن كىشىلەرگە ھۇزۇر ئاتا قىلدى. ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت كىشىلەرگە ئىلھامبەخش ئېتىدىغان بىرخىل مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ... ئۇنىڭ ناخشىلىرى نۇرغۇن يۇغۇرلارنى تارىخ، مىللەت ۋە ۋىجداننىڭ چىن مەنىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىدىغان قىلدى. بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغىلەشتۇرۇپ ئېيتىلغان چىرايلىق گەپ ئەمەس. چۈنكى، ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان سەنئەت — مۇزىكىدۇر، خەلق ناخشىلىرىدۇر.

گارئاڭ خانىم يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يۇغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان داستانى «شاشتىرى»نى ئېيتىدىغانلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئەپسۇس، قات ـ قات ئېگىز تاغ چوققىلىرى،

پايانسىز يايلاق سەپىرىدە ئۇ ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «شاشتىرى» دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر مىللىي داستاننى ئېيتىدىغانلار قالمىدى. كېيىن، كىشىلەر شاشتىرىنى توپلاپ رەتلەش جەريانىدا شۇنى ئېنىق چۈشەندىكى، هازىر ئېيتىلىۋاتقان شاشتىرى تولۇق بولمىغان ناهايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئەمدى بۇ داستاننى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلار تېپىلمايۋاتىدۇ.

ياغلاقار فۇباڭنىڭ ئەسلىي نەسەبى ياغلاقار جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ ئەل - يۇرتنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويمىغان. 1936 - يىلى كاڭلوڭسى ساڭرامىغا ئوت قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆچ چىقىرىشى ۋە رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن قايتا سېلىنغان.

1949 - يىلى كۈزدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيەسى چىلانتاغ رايونىغا كەلدى. چوڭ ئاقساقال كوھ ئونبۇ شېجا بىرقىسىم قەبىلە باشلىقلىرى، ياردەمچى، مەيدان باشلىقى قاتارلىقلارنى باشلاپ، قوي - كالىلارنى ئېلىپ، ئازادلىق ئارمىيەنى قارشى ئالغىلى باردى ۋە زىياپەت بەردى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سېرىق تونىنى، كۆك پەي قادالغان قىزىل بۆكنى كىيىپ، شىيېجىن قەبىلىسى سوۋغا قىلغان ساپ نەسىللىك داڭدار ئاتقا مىنىپ باردى. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئارغىماق ( arkmaq ) دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق ئېتىنىڭ نەسلىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى شىيېجىن كۆ (ʃiədʒin hkɸ) بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى (شىيېجىن قەبىلىسىنىڭ بوز ئېتى) دېگەنلىك ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىنىۋالسا كۈنىگە نەچچە يۈز چاقىرىم يول باسىدىكەن. بۇ ئات توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ناهايىتى كۆپ. كوھ ئونبۇ هەمراھلىرى بىلەن گەنجۇ (جاڭيې) شەھىرىگە قاراپ هەيۋەت بىلەن ئات سېلىشتى. ئۇ ئازادلىق ئارمىيەنىڭ باشلىقى ۋاڭ جېن قاتارلىقلارغا خادا تەقدىم قىلدى، ئارپا هارىقى تۇتتى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا

خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

كوھ ئۇنبۇ شىجا 1958 ـ يىلى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، موڭغۇل قاغان ئالتان ئۇرۇق، يەنى ئالتۇن جەمەتىنىڭ ئەزالىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن تارتىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى چوڭ ئاقساقىلى كوھ ئۇنبۇ شىجا ئۆلگەنگە قەدەر 700 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى، يەنى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا توپتوغرا 700 يىل داۋاملاشتى. (ئالتان ئۇرۇق) جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى، كوھ ئۇنبۇ شىجا بۇ جەمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

روشەنكى، چىلانتاغنىڭ كىندىك رايونىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى، يەنى ئالتان ئۇرۇق جەمەتى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى بولۇپ، بۇ ھال خۇددى پامىرنىڭ چەت ـ ياقا تاغلىق رايوندىكى كىچىك يەر ئىگىسىنىڭ ئالېكساندىر ماكادونىسكى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

**(2)**

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نويان (چوڭ ئاقساقاللىرى)، چىڭخەيدىكى موڭغۇل قەبىلىرىنىڭ ۋاڭلىرى، تاڭغۇت قەبىلىرىنىڭ مىڭبېشىلىرى بەلگىلىك ۋاقىتتا، بىر ئېيتىلىشىچە، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يازلىق بارگاھتا گوللەر ئېچىلىپ، چارۋىلار سەمىرىگەن پەسىلدە، ھەمراھلىرىنى

باشلاپ كۆكنور كۆلى بويىدىكى چاغان تۇلۇخەيدە جەم بولۇپ يىغىن (tʃulkan) ئاچقان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ گۇشخان دەۋرىدىن قالغان بىر قائىدە ئىكەن. گەنسۇ، چىڭخەيدىكى قەبىلىلەر كۆكنوردا جەم بولىدىكەن. تۆت ئويرات قەبىلىلىرى ئالتاي ياكى ئىلىدا جەم بولىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا، ئىلى ياكى ئالتاي بىر مەزگىل موڭغۇل قەبىلىلىرى، سېرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلارنىڭ قىسمەت قەبىلىلىرى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ جەم بولىدىغان يېرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، مۇنداق جەم بولۇش ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بۇ جۇڭغارلار ئەڭ كۆپەيگەن مەزگىل ئىدى. چىڭ سۇلالىسى غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى جايلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن مۇنداق «جەم بولۇش» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. كۆكنوردىكى جەم بولۇش نوقۇل كۆل نەزرى بولۇپ قالغان. لېكىن، يەنىلا ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن. شىنىڭنىڭ باش بۇغى ھەرقېتىمدا نەزىرگە داخىل بولۇپ تۇرغان. مىنگو دەۋرىدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىرنەچچە قېتىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا چېن جىنشيۇ، سۇن زىۋېن، شاۋ يۈەنچوڭ، جۇ شياۋلياڭ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى كۆل نەزرى ۋالىيسى بولۇشقا ئەۋەتكەن، ئاخىرقى قېتىمقى كۆل نەزرى 1948 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ما بۇفاڭ گاڭچادىكى تاڭغۇتلارنىڭ مىڭبېشى خۋا باۋساڭنى كۆل نەزرى مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەنئەنىۋى كۆل نەزرى مۇراسىمى توختاپ قالغان.

ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاقساقاللىرى، ۋاكىللىرى ۋە مىڭبېشىلىرى كۆكنۇر كۆلى بويىدىكى چاغان تولو خەيدە ئىباۋ نەزرى ئۆتكۈزۈپ كۆل ئىلاھىغا ئاتاپ كۆلگە ئۈنچە - مارجان قاچىلانغان شېشە تاشلايدىكەن. تۇرلۇك نەزىر - چىراغلارنى ئۆتكۈزۈپ ئىلاھلارنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. سېرىق ئۇيغۇرلار تاكى ھازىرغىچە چىڭخەي كۆلىنى كۆكنور ( hkɸnor ) دەپ ئاتايدۇ. كۆكنۇر قەدىمكى زاماندا ھازىرقىدىن چوڭ ئىكەن، سېرىق

ئۇيغۇرلار بۇ يەردە چارۋىلىرىنى باققان رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ زامانلاردا كۆل دولقۇنلىنىپ تۇراتتىكەن. كۆلدە بېلىق ۋە ئەجدىھا بار ئىكەن. دائىم ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتىكەن. شۇڭا، ھۇنلار دەۋرىدىن تارتىپ بۇ يەردىن ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلار ئاتتىن چۈشۈپ دۇئا قىلىپ ئۆتىدىكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن، چىڭخەي كۆلى ئەتراپىدا تاڭغۇتلار ھەسسىلەپ كۆپەيگەن. پۇزۇر كىيىنگەن تاڭغۇت مىڭبېشىلىرى، باشلىقلىرى كۆكنوردا توپلىنىشقا باشلىغان. تاڭغۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنىڭ قىممەتلىكى، ھەرقانچە پۇل خەجلىسىمۇ تەننەرخىگە ئاغرىنمايدىغانلىقى ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. گۈزەل ياز پەسلىدە، ھەرمىللەت ۋاكىللىرى، مىڭبېشىلىرى كۆكنۇر بويىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلاتتى. ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنىپ ناخشىسىنى توۋلىغان پېتى ئارقار، قۇلان ئوۋلايتتى. قارچىغا، تايغانلىرى جەرەن تۇتاتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلار رايوندا ھەرىيلى قەھرىتان قىش كۈنلىرى، يەنى چاغان سارا (tʃakan sara) بايرىمى (يەنى باھار بايرىمى)دا، يەتتە قەبىلىنىڭ 14 نەپەر باشلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى ئاتلىق قار كېچىپ بەلگىلىمە بويىچە بۇ يەرگە بىر ـ بىرلەپ كېلىپ چوڭ ئاقساقالنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەيتتى. رەسىم ـ قائىدە بويىچە، بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى چوڭ ئاقساقال قەبىلىسىدىن ۋە يەنە بىۋاستە قاراشلىق مونتى، شىبجىن قەبىلىسىدىكى كىشىلەر ساپ نەسىللىك يورغا ئاتلىرىغا مىنىپ چوڭ ئاقساقالنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە چوڭ ئاقساقالنى زىيارەت قىلاتتى. چۈنكى، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئات ئۈستىدە ئۆتەتتى. شۇڭا، كاتتا سورۇنلارغا بارغاندا مىنىدىغان ئاتلىرىنى قاتتىق تاللايتتى. ئات جابدۇقلىرىنىڭ بېزىكىگە ھەرقانچە پۇل

خەجلىسىمۇ ئاغرىنمايدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس بىلەن بېزەيدۇ. ئېگەرگە كەشتىلىك كۆرپە، تىۋىتلىق ئەدىيال ياپاتتى، ئاتنى ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق جابدۇيتتى. ئاتنى بېقىش، ئاسراشقا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوبدان بېقىپ ياخشى ئاسرايتتى.

چوڭ ئاقساقالنىڭ نوتوكى (notok، يەنى بارگاھى، ئوتلىقى) دا باھار بايرىمىدا، بەزىدە يەنە چوڭ ئاقساقالنىڭ ۋولجىگى ( Buldʒiŋ، يەنى قىشلىق بارگاھى، قىشلىق سىياسىي مەركىزى) دە قىشلىق ناتان ( natan ) ئات بەيگىسى، چېلىشىش، مىلتىق ئېتىش ئويۇنلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. بايرامغا ئاتاپ يېڭى چېدىرلار تىكىلەتتى. يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئاتلىرى چوڭ بىر پارچە يەرنى ئىگىلەيتتى. ھەممىنى يىغسا بىر چوڭ پادا قوتىنى بولاتتى. چوڭ ئاقساقالنىڭ بارگاھىدا بايرامنىڭ بىرىنچى كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قالغان ئالتە قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى ساۋغاملاردىكى راھىبلار بەلگىلىگەن قەرەلدە بىر ـ بىرلەپ، زىيارەتكە كېلەتتى. زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە بىرخىل ئالاھىدە كىشىلەر بولاتتى. سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇلارنى «چېگرانى ساقلايدىغانلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇرىدىغان بىر قىسىم ئەن فامىلىلىك كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن، نىجايىندىكى ئەن فامىلىلىكلەر، لىيۇەن گەنجۇن باخاۋ (چېگمەن ئەترىتى) دىكى ئەن فامىلىلىكلەر. بۇلار گەرچە ئۇزۇل ـ كېسىل خەنزۇلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چوڭ باشلىق قەبىلىسى بۇرۇن ئەۋەتكەن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر چېگرا ئاھالىسى ئىدى. ئۇلار ئېشەك، قېچىرلىرىغا مىنىپ، خەنزۇچە سۆزلەپ، زىيارەتكە كېلەتتى. چوڭ ئاقساقال قاتارلىقلار ئۇلارنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالاتتى.

بايرام مەزگىلىدە، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى يېڭى كىيىملىرىنى كىيەتتى. ئاياللار مايسا رەڭ، قىزىل نىمچە كىيىشكە ئامراق ئىدى. ئەرلەر جىگەر رەڭ توق قىزىل، ئاق ۋە

ھاۋا رەڭ يىپگى كىيىملەرنى كىيەتتى. بۇ چاغلاردا سىبىرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاڭغۇتچە ئۇزۇن چاپان تېخى ئومۇملاشمىغانىدى. سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى موڭغۇلچە نىمچە بار ئىدى. بىرقىسىم يۇغۇرلاردا يەنە بېشىغا لاتا چىگىۋالىدىغان ۋە كىگىز قالپاق كىيىدىغان ئادەت بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن بۇيان سىبىرىق ئۇيغۇرلار نامراتلىشىپ كەتتى، لېكىن يۇغۇرلارنىڭ زىبۇ ـ زىننەتكە ئامراق ئادىتى ئۆزگەرمىگەنىدى. شەرت ـ شارائىتى يار بەرگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاسىدىغان، تاقايدىغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. كىيىم ـ كېچەكلىرى ناھايىتى پۈزۈر ئىدى. ياش ئاياللار ياسىنىشقا تېخىمۇ ئامراق ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندىن كېيىن، تاڭغۇتلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى سىبىرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتى. تاڭغۇت پاسونىدىكى كالا يۇڭى كىگىز چېدىر يۇغۇرچە چېدىرنىڭ ئورنىنى ئالدى.

سىبىرىق ئۇيغۇرلار باھار بايرىمىنى، چاغان سارا ( ئاق ئاي) دەپ ئاتايدۇ. ئالدىنقى ئەسىردە، يۇغۇرلار ھېيت ـ ئايەملەردە ئات سۈتىدىن ياسالغان ھاراق ئىچىشكە تولىمۇ ئامراق ئىدى. ھازىر بۇ ئادەت ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتتى. باھار بايرىمىدا، يۇغۇر ياشلىرى بولۇشىغا ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى جۇشقۇن تۇتىدۇ. يۇغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى سەممىيلىكنى مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، مېھماننى ئوچۇق چىراي، قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا يۇغۇرلار ھامان چېدىرلارغا يىغىلىپ ناخشا ئېيتىشىدۇ. مائورى خۇر، يەنى ئات باشلىق غېجەك چالىدۇ. بۇنى «ئات غېجىكى» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غېجەكچىسى نېمان قەبىلىسىدىن بولۇپ، فامىلىسى لەنچاخا ئىدى. ئۇ 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا

چىلانتاغنىڭ كىندىكىدىكى شىدالۇڭ قارا مۇدۇنشادا ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئات بېشى غېجەك سىرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. ئات بېشى غېجەك ھەققىدە سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. يۇغۇرلار داستانى (شاشتىرى) دا مۇنداق دېيىلگەن :

قاپلىغاندا جاھاننى ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق،
چىقىۋاپتۇ ئىنسانلار يوغان ئالتۇن پاقىنىڭ بېشىغا.
چىملىداتقانىكەن ئالتۇن پاقا كۆزىنى،
يەر تەۋرەپ، ئاپەت يامراپ، تاغلار تالقان بولۇپ، قورۇپ كېتىپتۇ دېڭىزلار،
تەگرىم چېچىپتۇ ئالتۇن بۇ ئالەمگە.
ۋە لېكىن مەنئى قىپتۇ ئالتۇن مەدەن كولاشنى.
توختىماپتۇ ئاچ كۆز ئىنسانلار ئالتۇن چايقاش، مەدەن كولاشتىن،
ئاخىر ھالاك بوپتۇ توپان سۇيىدە ئىنسانلار.
قاپتۇ ئالەمدە بىر ئاق ئات، بىر يېتىم بالا، بىر ئاق قۇش،
كەشىپ قىپتۇ كېيىن يېتىم بالا ئات باشلىق غېجەكنى،
ساداسى بەئەينى ئۆزى ئىكەن ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى.

بايرام كۈنلىرى چېدىرلاردا ئاياللار قايغۇ ـ ھەسرەت ئىلىكىدە «موڭغۇل دولى» ( يەنى موڭغۇل خەلق ناخشىلىرى) نى ئېيتاتتى. ياشانغان ئاياللار كۆز يېشى قىلىپ، دەرد ـ ئەلەم ۋە ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان ناخشىلارنى ئېيتاتتى. بەزىدە بىر كۈن مۇشۇنداق ناخشا بىلەن ئۆتەتتى. ئادەتتە بايرام كۈنلىرى كىشىلەر ناخشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتى. بۇ ئادەت تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار

يايلاق ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى سەلتەنەتلىك چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلەۋاتقاندۇ؟ ياكى ئالتايدىكى خۇش پۇراقلىق يايلاقلارنى ئەسلەۋاتقاندۇ؟ ۋە ياكى ئۆتمۇشتىكى تەخت ۋارىسلىرىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئەسلەۋاتقاندۇ؟ قىسقىسى، ئۇلار يىراق ئۆتمۇشنى، ياشانغانلار ئېغىزىدىن چۇشۇرمەيدىغان بىپايان يايلاقلارنى، پەلەكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قارچىغا، قورغۇيلارنى، باتۇر، ئاق كۆڭۈل ئەزىمەتلەرنى، چېۋەر خانىم ـ قىزلارنى ..... ئەسلەۋاتقاندۇ. ئاھ! ئۆتتى تالاي يىللار جۇدۇن ـ چاپقۇندا، كىم بىلەر ئۆتكەندۇ قانچىلىغان قەھرىمان ئەزىمەتلەر.

(3)

قەبىلىلەرنىڭ كىچىك ئاقساقاللىرى ئىچىدە مىنگو دەۋرىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى توكۇر ئاقساقال ــ سۇنەن لىبداندۇر.

1942 ـ يىلى كۈزدە بىر توپ باندىتلار جۇاڭدازىشا (ھازىرقى لۇڭچاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق سېرىق ئۇيغۇرلارنى بۇلىماقچى بولغان. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قازاق ئىكەن. ئۇلار يولدا ئىككى سودىگەرنى تۇتۇۋاپتۇ، بۇلارنىڭ بىرسى سالار مىللىتىدىن، يەنە بىرسى خەنزۇ ئىكەن. ئۇلار خەنزۇ سودىگەرنى ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ. سالار سودىگەر تۇن نىسپى بولغاندا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ باندىتلارنىڭ بىر ئېتىغا مىنىپ يۇغۇر قەبىلىسىگە كەپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى يۇغۇرلارنىڭ قەبىلە باشلىقى (زايسان) غا ئېيتىپتۇ. بۇ ئاقساقال توكۇر ئىكەن. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى كىشىلەرگە ھامان 14 ـ ئەسىردە ئاسىيا ياۋروپادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەنى زىلزىلىگە سالغان ئاقساق تۆمۈر خاننى ئەسلىتىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى توكۇر ئاقساقال دەپ ئاتايدىكەن. توكۇر ئاقساقال دەرھال بىرقىسىم ئوۋچىلارنى يىغىپ ئاتلىرىغا مىنىپ، باندىتلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى بېرىپتۇ. تاڭ

يوروۋغاندا ئۇلار باندىتلار بىلەن بىر قورام تاشلىق تاغ قىرىدا ئۇچرىشىپتۇ. بىردىنلا ئوق ئېتىلىشقا باشلاپتۇ. توكۇر ئاقساقال باشقا ئاتلار يېتىشەلمەيدىغان تورۇق ئېتىغا مىنىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ باندىتلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئوق ئۇزۇپتۇ. تاغ قىرىدا ئۇزۇلمەي ئوق ئېتىلىپتۇ، كىشىلەر توختىماي چۇقان سېلىپتۇ، چۇقان ساداسى تاغنى زىلزىلىگە سېلىپتۇ. باندىتلارنىڭ باشلىقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ ئادەملىرىنى باشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە باندىتلاردىن بىرنەچچە ئون ئادەم ئۆلۈپتۇ. قالغانلىرى قېچىپ كېتىپتۇ. توكۇر ئاقساقال ۋە ئوۋچىلاردىن بىر ـ ئىككى ئادەم يېنىك يارىلانغاندىن باشقا بىرمۇ ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىماپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ توكۇر ئاقساقال قىلغان نۇرغۇن جەڭلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىكەن.

مۇشۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن تاغدىكى باندىتلار ۋە ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى توكۇرنىڭ قەبىلىسىگە خالىغانچە تېگەلمەيدىغان بوپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، يىراقتىن ئەگىپ ئۆتىدىكەن. توكۇر باشلىق ھەرخىل باندىتلار، تارقاق ئەسكەرلەر بىلەن تالاي قېتىم جەڭ قىلغان. قەبىلىسىدە ئۇ ئاقساقال بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەنسىز يىللاردىكى نۇرغۇن بالايىئاپەتلەردىن ئامان قالغان.

توكۇر ئاقساقال تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارنىمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئارنىمان قەبىلىسى سەككىز ئوتوك ياكى سەككىز ئات جەمەتى دەپ ئاتالغان. توكۇر باشلىق ئەنجان جەمەتىنىڭ مىراسخور ئۇرۇق – ئەۋلادى بولۇپ، ئۆمۈربويى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن. ھەرقېتىم ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ئولجىلىرىنى قولۇم – قوشنىلىرىغا ۋە قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلەرگە ئۈلۈشتۈرۈپ بېرىدىكەن ياكى كۆپچىلىكنى چاقىرىپ تەڭ يەيدىكەن. بۇ بومبا

ساقال، بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىل كۆز، جىۋەك، چەبدەس، ئۇزۇن مىلتىق ئېسىۋېلىپ تورۇق ئاتتىن چۈشمەيدىغان توكۇر باشلىق توغرۇلۇق ئەل ئىچىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر تارقالغان. كىشىلەر ئۇنى سېغىنىدۇ، ھېكايە قىلىدۇ، قوشاق توقۇپ مەدھىيىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ باتۇر، ئادىل ئادەم بولۇپ، يامانغا نەپرەتلىنەتتى، ئىمتىيازغا تايىنىپ پۇقرالارنى بوزەك قىلىدىغان ھۆكۈمرانلارغا ۋە باندىتلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچ ئىدى، پۇقرالارغا بولسا دائىم ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلاتتى.

**(4)**

سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نويان دەسلەپتە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلارنى كۆرسىتەتتى. كېيىن نويانىنىڭ كەڭ مەنە ۋە تار مەنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىسى بار بولغان. كەڭ مەنىدىكى نويان ھۆكۈمران سىنىپلارنى، يەنى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن قاغاندىن تارتىپ تۆۋەن مەرتىۋىلىكلەردىن قەبىلىلەرنىڭ كىچىك ئاقساقىلى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدىغان بولغان، تار مەنىدىكى نويان چوڭ نويان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك نويان ۋە كىچىك نويان دەپ ئايرىلغان. سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ ئاقساقال (شىكى نويان) (sike nojon)، يەنى (چوڭ نويان) دەپ ئاتالغان، قەبىلىلەرنىڭ باشلىقى (تىن نويان) (tin nojon ) ياكى (باغا نويان) (baka nojon)، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك نويان ۋە كىچىك نويان دەپ ئاتالغان. يۇغۇرلار چوڭ ئاقساقالدىن تۆۋەن دەرىجىلىك قەبىلە باشلىقلىرىنى (زايسان) (dʒesanŋ) دەپمۇ ئاتىغان.

سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاۋام خەلق (ئالباتۇ ـ albatu) ئاددىي پۇقرالار تەبىقىسى بولۇپ ، ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قاتلامغا ئايرىلغان: ئالى تۇتۇن ــ «سېن كۆن» (sen kon) دەپ

ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى (يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر، ياخشى ئادەملەر) دېگەنلىكتۇر. باي چارۋىچىلار مۇشۇ تەبىقىگە مەنسۇپ. ئۇلار نويانىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ياردەمچىسى، مەيدان باشلىقى بولالايتتى. بىرىنچى دەرىجىلىك تۇتۇنلەر كۆپ ھاللاردا نويانلاردىنمۇ باي بولاتتى. ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇتۇن ــ تۈنتىن كون (tuntin kon) دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ مەنىسى: «ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئادەملەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئائىلىلەر» دېگەنلىكتۇر. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى (ئات، كالا ، قويلىرى) ۋە ئورنى ئالىي تۇتۇنلەرنىڭكىدىن ئاز ۋە تۆۋەن بولاتتى. ئۇلار ئاۋام خەلق ئىچىدىكى ئوتتۇراھال ئادەملەر ھېسابلىناتتى. مەسىلەن، كېيىنكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك چارۋىچى مۇشۇ تەبىقىگە تەۋە ئىدى. ئۈچىنچى دەرىجىلىك تۇتۇن ــ ئاتاق كون (atak kon ) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ مال ـ چارۋا، مال ـ مۈلكى ناھايىتى ئاز ياكى يوق بولۇپ، تۇرمۇشى يوقسۇللۇقتا ئۆتەتتى. بەزىلىرى نويان، زەيسان، بىرىنچى دەرىجىلىك تۇتۇنلەرنىڭ چاكىرى بولاتتى. كېيىنكى كەمبەغەل چارۋىچىلار مۇشۇ تەبىقىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۈچىنچى دەرىجىلىك تۇتۇندىن تۆۋەنلەر ئەڭ نامرات، ئورنى ئەڭ تۆۋەن ئادەملەر بولۇپ، ئادەتتە ئاقساقاللارنىڭ چارۋىسىنى بېقىپ ۋە ئاقساقاللارغا يىلىلىقچى بولۇپ ئىشلەپ جان باقاتتى.

سىبىرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا نويان قاتارلىق ۋاڭ ــ بەگلەر جەمەتىنىڭ ئاۋام خەلق ــ ئالباتۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن خۇشخۇي بولۇش، مۇلايىم بولۇش، دوستانە ئۆتۈش تۈسىنى ئالغانىدى. ئەگەر بىراۋلار نويانلارنى تەكەببۇر، قەبىھ، رەھىمسىز غوجايىن دەپ چۈشەنسە، ئۇ خاتالاشقان بولىدۇ. خۇددى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارغا ئوخشاش سىبىرىق ئۇيغۇر ۋاڭ، بەگ، ئاقساقاللارنىڭ ئاۋام چارۋىچىلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى

بولمايتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئانچىلا پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان چىدىرلاردا ياشايتتى. كىيىم ـ كېچەكمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ھەممىسى چارۋىچىلىق بىلەن جان باقاتتى. ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى چېدىر ۋە چارۋىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەشەمەتچىلىك، باياشاتچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن نامراتلىق، يوقسۇللۇق، خارابلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئانچە ئۇچراتقىلى بولمايتتى. قىسمەن ئاددىي چارۋىچىلار كۆپ ھاللاردا ئاقساقاللاردىن ھاللىقراق بولاتتى. لېكىن، بۇ ھال نويان، ئاقساقاللارنىڭ سالاھىيىتىگە قىلچە زىيان يەتكۈزمەيتتى. نويان ئاقساقاللار ئاددىي چارۋىچىلارنى قېرىنداش دەپ ئاتايتتى. ھېچقانداق ۋاقىتتا «قۇل»، «چاكار» دەپ ئاتىمايتتى. ئاددىي چارۋىچىلار نويان، ئاقساقاللارنىڭ چېدىرىغا كىرسە، نويان ئاقساقاللار ئۇلارنى ئوخشاشلا ئەتكەنچاي بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ھېيت ـ ئايەملەردە ھاراق بىلەن مېھمان قىلاتتى. بىر ـ بىرسىگە ناس تۇتۇپ چېكىشەتتى. بىللە ئوۋ ئوۋلايتتى، ئاساۋ ئاتلارنى كۆندۈرەتتى. نويان، ئاقساقاللار ئوۋ ئولجىلىرىنى ئوخشاشلا قولۇم ـ قوشنىلىرىغا ۋە ئاددىي چارۋىچىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ تەڭ يەيتتى. ياش نويانلار دائىم ئاددىي چارۋىچى ياشلار بىلەن كۆڭۈل ئاچاتتى. مەرتىۋىلىكلەر — تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر دەپ ئايرىماي بىللە چېلىشاتتى. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يېقىتىۋېرەتتى. شۇنى بىلىش لازىمكى، ساپ سېرىق ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن بۇنىڭغا ئامراق كېلىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاددىي چارۋىچىلىرى نويان باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمران، خان ـ پادىشاھلارغا سوۋغات ئېلىپ بارغاندا، يىغىلىش ئۆتكۈزگەندە، كۆچكەندە ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، سويىدىغانغا مال، مىنىدىغانغا ئات ـ ئۇلاغ بېرىلەتتى. سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئادەتتىكى چارۋىچىلار ئۆز ئۈستىگە

ئالىدىغىنى سەل كۆپ بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەتتىكى چارۋىچىلارغا قارىغاندا نويان ئاقساقاللارنىڭ خېلىلا چوڭ ئىمتىيازىمۇ بار ئىدى. ئادەتتىكى چارۋىچىلار ناتۇرال باجنى تاپشۇرغاندىن تاشقىرى، بەزىدە يەنە نۆۋەتلىشىپ نويان ئاقساقاللارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرەتتى. ۋە ئۇلارغا قوي، كالا سوۋغات ئېلىپ باراتتى. ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىدە راھىب، نويانلارغا تىل تەگكۈزۈپ، ھاقارەت قىلىش قاتتىق چەكلىنەتتى. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مال جەرىمانە قويۇلاتتى. لېكىن، نويان ئاقساقاللار ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئىمتىيازىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشقا سالمايتتى. ئەگەر ئۇلار ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتسە، شۈبھىسىزكى ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغۇچىلار چىقاتتى. مەيلى مەرتىۋىلىكلەر بولسۇن، ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى ئىجتىمائىيلاشقان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇملاشقانىدى. ئائىلىلەر بىلەن ئوتوكلەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان بىر كوللېكتىپ بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتكە قارىغاندا ئۇلۇس ، جەمەت ۋە قەبىلە مۇناسىۋىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ جەھەتتە باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىدى.

شۈبھىسىزكى ، ئەگەر سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا باشقا كۆچمەن چارۋىچىلار رايونلىرىدىكىدەك قەدىمكى زاماننىڭ مۇرەككەپ سىياسىي سەنئىتىنى پىششىق بىلىدىغان قاغانلىرى، نويانلىرى، زەيسانلىرى، بەگلىرى، تەيجىلىرى ۋە ئاقساقاللىرى بولمىغان بولسا، ئۇلار ئالىبۇرۇن مەۋجۇتلۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولاتتى. بۇرۇن، ھازىر ۋە كېلەچەكتە ئوخشاشلا نۇرغۇن بۇزۇق ئادەملەر بولغان، بولدى ۋە بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى زاماندىكى كۈچلۈك قاغانلار ۋە نويانلار

تىرىشچان پادىشاھ ۋە يەرلىك ئەمەلدارلاردۇر. ئۇلاردا كۆچمەن چارۋىچىلاردا بولىدىغان تۇغما ھۆكۈمرانلىق ئىقتىدارى بار ئىدى، ئۇلار ئىچكى نىزالارنى ناھايىتى تېزلا تۈگىتەلەيتتى. ئۇلار پەرمان چۈشۈرۈش بىلەن بىپايان يايلاقلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئۇلارنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىدىغان چەۋەندازلار قاپلايتتى. مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا تولىمۇ پايدىلىق تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

# لوساڭ يابەي ۋە جېخوا جامۇسىدىن ئىبارەت ئىككى گېگەن

## (1)

لوساڭ يابەي 1668 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 25 ـ يىلى) تۇغۇلغان، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جياچى (يەنى ھازىر سۇنەن ناھىيەسى ياڭگىپ يېزىسى خۇاموگوۋ ) دېگەن يېرىدىن.

لوساڭ يابەي ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا تاڭغۇت يېزىقىنى ئۆگىنىپ راھىب بولۇشقا بەل باغلىغان، لېكىن ئانىسى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان. بىر كۈنى تاغىسى كېلىۋۇا لاما ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، ئەگەر گۇريا ئىبتىكاپخانىسىغا بېرىپ نەي ۋۇ گۇۋۇا لامانى ئۇستاز تۇتمەن دېسەڭ، ئاتا ـ ئاناڭ بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمايدۇ. چۈنكى، نەي ۋۇگۇۋۇا تاڭغۇت قەبىلە باشلىقىنىڭ ئالىي ئۇستازى دېگەن.

ئۇ 15 ياشقا كىرگەن يىلى قىشتا، ئاتا ـ ئانىسى قوي ـ كالا ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆيلەش ئۇچۇن چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولغان. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي موڭغۇللار يۇرتىغا كەتكەن ئاكىسىدىن قالغان كاسايا، ئىستىقامەت چاپىنى ۋە بىر قوينىڭ گۆشى، ئوقيا، خەنجىرىنى ئېلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققان. ئۇ كۈندۈزى يول مېڭىپ، كېچىسى دالادا تۈنەپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە گەننەندىكى جونى ساڭرامىنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تاۋخې دەرياسىنىڭ كۈنگەي ساھىلىدىكى گورياساڭ دەلىن ئىبتىكاپخانىسىغا بېرىپ

تۇنجى گېگەن نەي ۋۇگۇۋاغا شاگىرت بولغان. لوساڭ يابەي ناھايىتى زېرەك بولۇپ، ساۋاتلىق ئىدى. نوملارنى بىرلا قېتىم ئۆگەتسە بىلىۋالاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا تۇرمۇش خىراجىتى ئەۋەتىپ بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لامالارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئۇ تۇرمۇشتا ناھايىتى قىينالغان. 26 ياشقا كىرگەن يىلى ۋېيدىسغا بېرىپ، چىلۇساڭ داجىبانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شىلە قوبۇل قىلغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقىدەك نەي ۋۇگۇۋانىڭ خىزمىتىدە بولغان. جونى ساڭرامدا كەنبو ھەززرەتكە تاڭغۇت تىلى گىراماتىكىسىدىن دەرس ئۆتكەن. ئۇ 30 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇستازى نەي ۋۇگۇۋا گېگەن ئالەمدىن ئۆتكەن. گوريا ئېتىكاپخانىسىغا ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە نەي ۋۇگۇۋا II دەپ ئاتالغان. لوساڭ يابەينى تاڭغۇت قەبىلە باشلىقى ھۆرمەتلەپ بۇزرۇكۋار ئۇستاز دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ، «ئەندۇ ھاكىمىيەت ۋە دىن تارىخى» ناملىق كىتابتا نۇرغۇن خاتىرىلەر بار.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئىملاشۇناسلىق تەھلىلى»، «خەت مەنىسى جەھەتتىكى خاتالىقلارغا تۈزىتىش» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا تەزكىرىسى، ساڭرامدا ئەرۋاھ مۇنارى بار.

**(2)**

زىزاسى (دەرسا) ساڭرامىنىڭ تۇنجى گېگەنى جىخۇا جامۇسىڭ، ئاكرېن پوچە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نامى ئەبىيىڭ جىگمېي لوجى، 1875 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 1 ـ يىلى) تۇغۇلغان، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنتى (ئېجىنى) قەبىلىسىنىڭ كېرېد جەمەتىدىن. ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنىڭ ھازىرقى فامىلىسى خې.

جىخۇا جامۇسىڭ ناھايىتى پاراسەتلىك ۋە زېرەك بولغاچقا،

ساناپ تۇگەتكۇسىز مۇقەددەس دىنىي كىتابلارنى ئوقۇغان. كېيىن يەنە ۋېيدىغا بېرىپ شىلە قوبۇل قىلغان، نۇرغۇن ئۇستازلاردىن مەزمۇنى چوڭقۇر سەددەرمە پۇنستەرىكە سۇترە ھەققىدە تەلىم ئالغان. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زىزا ساڭرامىدا باش راھىب بولغان. ئۇ ۋېيدى ۋە گەنسۇ، چىڭخەيلەردە ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان. ئۇ دائىم گەنسۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ساڭراملارغا بېرىپ دىنىي تەلىمات سۆزلىگەن. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ساڭراملىرىدا ئۇنىڭ تۇرالغۇسى بار ئىكەن. ئۇ نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى مەنئىي قىلىنغان تائاملاردىن پەرھىز تۇتۇشقا ئۆگەتكەن، 1948 - يىلى 83 يېشىدا ۋاپات بولغان. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى گوڭبۇ شىجا كاڭلۇڭسى ساڭرامىدىن كەنبولاما (لوبۇساڭ شياجىبۇ. 1910 — 1957) قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن.

جىخۇا گېگەن لامانىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ يەنە تاڭكا سىزغان، «پرەجىنا ئون مىڭ مەدھىيە»نى كۇمۇش سۈيى بىلەن يېزىپ چىققان. ساندال ياغىچىدىن سەككىز بۇددانىڭ ستۇپەسىنى ئويغان. ئىبادەتگاھىدا نۇرغۇن بۇددا ئوبرازلىرىنى بىنا قىلغان. ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا تەزكىرىسى، ساڭرامدا ئەرۋاھ مۇنارى بار.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا، ئومۇمەن ئالغاندا تەركىدۇنيا بولۇپ راھىب بولىدىغانلار ناھايىتى ئاز، دىنىي كۆزقاراش نىسبەتەن سۇس. يۇقىرىدىكى ئىككى نەپەر گېگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن، يۇغۇرلاردىن رەسمىي تەركىدۇنيا بولۇپ راھىب بولغانلاردۇر، شۇنداقلا بىلىملىك، داڭلىق لاما ئۆلىمالاردۇر. لېكىن، ئەۋلىيالارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايىلەر كۆپ ھاللاردا بىرقەدەر ئاددىي بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆمرىنى تىنچ، ئاددىي، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

# يېڭى كەلگەن سەرگەردانلار

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ يىللىرىدىن باشلاپ، گەنسۇنىڭ يۈمېن، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىنىڭ شىمالىدىكى مازۇڭشان تېغى ئەتراپلىرىدا موڭغۇللار ئۇشتۇمتۇت كۆپىيىشكە باشلىدى. 1911 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئورگا شەھىرى (ھازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ ئۇلانباتور شەھىرى) دە ئولتۇرۇشلۇق خالخا موڭغۇللىرىنىڭ گېگەن لاماسى جابزۇن دامبەر روھانىي ۋە غەيرىي روھانىيلارغا يىغىن ئېچىپ، موڭغۇلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمىي مۇستەقىل بولدى. موڭغۇللار مۇستەقىل بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بىر كۈنى دەنبەي جامۇسىڭ ئىسىملىك (دەنبى جاسەن دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ) بىر لاما ئۆلىما دامبە گېگەن لاماغا نارازى بولغاچقا، 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ مازۇڭشەن تېغىغا كەلدى. دەنبەي جامۇسىڭ موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دوربۇت قەبىلىسىدىن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى نويان خوتۇكتۇ دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەنىدى. ئۇ بەستلىك ئادەم بولۇپ، دائىم بىر ئاق تۆگىگە مىنىپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى يەنە «يوغانباش لاما» (ئاق تۆگە لاما) دەپمۇ ئاتىغان. ئۇزاق ئۆتمەي مازۇڭشەن تېغىغا خالخانىڭ ئۆزىدىن موڭغۇل چارۋىچىلار كەينى - كەينىدىن كۆچۈپ كەلگەن. دەنبەي جامۇسىڭ مازۇڭشەن تېغى رايونىنى قاتتىق كونترول قىلغان. بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن مازۇڭشەن رايونىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ئوڭشىلىپ، موڭغۇل چارۋىچىلىرى تەدرىجىي بېيىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم

ئۆتكەن. 1924 ـ يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، دۆلەتتىكى چارۋا ئىگىلىرى، ۋاڭ، بەگ، راھىبلارغا زەربە بېرىپ باستۇرۇشنى باشلىغان، بىر قىسىم ۋاڭ ـ بەگ، راھىبلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ مازۇڭشەن تېغىغا كەلگەن. بەزىلەر دائىم دېگۈدەك موڭغۇلىيەگە قايتىپ بېرىپ چارۋا ، مال ـ دۇنيا ، ئادەم بۇلاپ ئېلىپ كەلگەن. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى دەنبەي جامۇسكىنىڭ بىر يوشۇرۇن ئاپەت ئىكەنلىكىنى سېزىپ، 1932 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگەن. 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 300 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى ئەۋەتىپ مازۇڭشەن تېغىدىكى موڭغۇللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، قالغانلىرى تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەتكەن.

سابىق خالخا تولغۇن خوشۇنىنىڭ ۋاڭى چىبۇچاڭ دورجى سەككىز ئۆيلۈك ئادەمنى باشلاپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا قېچىپ بارغان. دەسلەپتە ، ئۇلار باياد (بەش ئات جەمەتى) قەبىلىسىنىڭ يايلىقى يومۇشەن تېغى ئەتراپىغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يىگىرمە نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن قېچىپ كەلگەن. بۇلاردىن بىرقىسىم ئادەملەر نيۇماۋشەن تېغى (بۇرھان ۋۇندۇر) غا بارغان. چىبۇچاڭ دورجى باياد تاۋۇن قەبىلىسىدىن داتەن ۋاش، چاڭ ماۋلاما قاتارلىقلار بىلەن كېلىشىپ، بۇ يايلاقنى ئىجارىگە ئالغان. بۇ يەر مازۇڭشەن، خالخالاردىن ناھايىتى يىراق ئىدى، شۇڭا خاتىرجەم ئۆتكىلى بولاتتى. كېيىن داتەن ۋاش، چاڭ ماۋ لامالار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، موڭغۇل چارۋىچىلار خېيخې دەرياسى ساھىلىدىكى بەندا كو، يىڭدىڭشەن تېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن. كېيىن يەنە نيۇماۋشەن تېغى ۋە لىيۋەنخې دەرياسى ساھىللىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى قەبىلىسى، نىمان قەبىلىسى (东八个家) سىرت ئەڭ قەبىلىسى ۋە باياد

تاۋۇن قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا ئولتۇرغان.
ئەينى ۋاقىتتا، لىيۇەنخې دەرياسىنىڭ ساھىلى بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپى مول يايلاق ئىكەن. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆزلۈك مەنزىرىگە پۈركەنگەن دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىغا تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەرنىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىۋاتقان قويۇق ئىسلا كۆرۈنەتتى. دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازلا ئاڭلىناتتى. نېمىشقىدۇر ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلار كۆرۈنمەيتتى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرچوڭ ئاقساقال قەبىلىسىنىڭ سۇلتۇس جەمەتىدىن كۇدا بەنۋاش (چىڭدا بەنۋاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇ بالايىئاپەتتىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان كىشىلەرگە خالىس ياردەم بەرگەن. كۇدا بەنۋاش باي، شۇنداقلا يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق رەھىمدىل، توسۇن ئاتنى كۆندۈرۈش پىرى ئىكەن. ئۇ ئات، تۆگىلىرىنى چارۋىسى يوق موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ ئايلاپ ـ يىللاپ ئىشلىتىشىگە شەرتسىز ئارىيەت بەرگەن. موڭغۇل چارۋىچىلار مال ـ چارۋا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئۆز بىلىپلا كۇدا بەنۋاشنىڭ چارۋا قوتانلىرىغا بېرىپ تۇتۇپ كېلىپ ئىشلەتكەن. ئۇ ھېچقاچان رەت قىلمىغان ياكى شەرت قويمىغان. ئۇ بىرەر نېمەڭلار ئۆكسۈپ قالسا، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، چارۋا مال لازىم بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭلار بىلىپلا مېنىڭ چارۋىلىرىمدىن تۇتۇپ ئىشلىتىڭلار، دېگەن تاكى ھازىرغا قەدەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىدا تۇرۇۋاتقان خالخا موڭغۇللىرى كۇدا بەنۋاشنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلەيدۇ.
ئەمەلىيەتتە، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشقا قەبىلىلەردىن بولغان موڭغۇللاردىن، بولۇپمۇ چىڭخەي ئويرات موڭغۇللىرىدىن چىلانتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى، بۇنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلمىدىم.

مانا ئەمدى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى بولدى، مازۇڭشەن تىغى ۋەقەسىگە 60 نەچچە يىل بولدى. ئۇ قانلىق ۋەقەنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلەر كۆپ قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چىلانتاغدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يايلىقىدا چارۋىلىرىنى بېقىپ ئۆتۈۋاتىدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چىلانتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن غۇۋا كۆرۈنىدىغان شىمالىي ئۇپۇقتا قارىسىڭىز، شۇنى كۆرىسىزكى، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خالخا دەپ ئاتىلىدىغان ماكانى ۋە يايلىقى بار.

بۇنىڭدىن 60 نەچچە يىل بۇرۇن، خالخا موڭغۇللىرى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، يىراق شىنجاڭدا شېڭ شىسەي «تۆپىلاڭ كۆتۈرمەكچى» دېگەن ناھەق ئەنزىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ھەر جايلاردا قازاق ۋاڭلىرىنى، تەيجىلىرىنى تۇتتى ۋە قەتل قىلدى. قازاق يايلاقلىرى داۋالغۇشقا باشلىدى. 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ، قازاق چارۋىچىلىرى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ، ھەتتا چۆشىدىمۇ كۆرمىگەن قان ۋە ياشقا تولغان جاپا ـ مۇشەققەتلىك سەپىرىنى باشلىدى.

1936 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە گەنسۇغا كەلگەن قازاقلار 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار چىلانتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالى ۋە چايدام ئويمانلىقىدا چارۋىلىرىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزدى.

موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ يايلاقلىرىدا قازاقلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي قالمىدى. ئۇلار موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە چارۋىلىرىنى باقتى، ئۆزئارا ياردەملىشىپ بىللە ئوۋ ئوۋلىدى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مىللىي دوستلۇق ئورنىتىلدى. موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق

ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، قازاقلارنىڭ چارۋا بېقىش ئۇسۇللىرى تېخىمۇ ئىلغار ئىدى. ئەر ـ ئاياللىرى باتۇر، جاسارەتلىك ئىدى. كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئوچۇق يادىدا باركى، 30 ـ يىللاردىلا ئۇلارنىڭ قولدا ئايلاندۇرىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇلار تىككەن ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك شۇنچىلىك سىپتا ئىدىكى، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. يازدا، قازاقلار يايلاقتا ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەندە، يېقىن ئەتراپتىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشلىرىغا تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرغانىدى.

قازاقلارنىڭ كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىغا دەسلەپ كېلىشى 1938 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولسا كېرەك. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇلار چارۋىلىرىنى نيۇماۋشەن تېغى ۋە سېرت ئەڭ ئەتراپلىرىدا باققان، ما بۇفاڭ ۋە خەن چىگوڭ قازاق قەبىلىلىرىنىڭ تەيجى، ۋاڭ قاتارلىق باشلىقلىرىنى بوجاڭ، جاجاڭ قاتارلىقلارغا ئۆزگەرتكەن. كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىدا ئۈچ بوجاڭ ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بار ئىدى. 1937 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ما بۇفاڭ ۋە جەن چىگۇڭلار قازاقلارنى قورشاۋغا ئېلىپ قىرغىن قىلىپ ئارام بەرمىدى. 1941 ـ يىلى ئەتراپىدا خەن چىگۇڭ تولىدا قازاقلارنىڭ ۋاڭى نۇرغالىنى تۇتۇۋېلىپ كاڭلوڭسىغا ئېلىپ كېلىپ ئۆلتۈردى. نۇرغالىنىڭ قولغا ئېلىنىشى مۇقادىل (نۇرغالىنىڭ ئىنىسى) نىڭ خەن چىگوڭغا بېقىنىپ مەخپىي مەلۇمات بېرىشىدىن بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەراپىدىكى قازاقلار ئۆزىدىن ئۆزى خۇدۇكسىرەپ يەنە ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈشكە باشلىغانىدى.

قازاقلارنىڭ ياخشى نىيەتلىك ۋاڭى ئېرباي كاڭلوڭسى ساڭرامى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا موڭغۇل تىلىنى

قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارغا: «ئاراڭلاردا ياخشى ئادەملەرمۇ بار، يامان ئادەملەرمۇ بار. بىز كېيىندىغان بولۇپ قالدۇق. چارۋىلىرىڭلارغا ئوبدان ئىگە بولۇڭلار، بوزۇقلار چارۋىلىرىڭلارنى ئەكېتىشى، ئادىمىڭلارنى تۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئۆزۈڭلەرنى ئاياڭلار» دېگەن. ئىبرىاي چىن ئىخلاسى بىلەن خوشلىشىپ ئاندىن كەتكەن، لېكىن موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ گېپىگە سەل قاراپ بىخۇدلۇق قىلغان. ناتونۇش بىر توپ باندىت چوڭ باشلىق قەبىلىسىنىڭ ئاتلىرىنى بىرنى قويماي بۇلاپ ئەكەتكەن ھەم بىرنەچچە ئادەمنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن. لېكىن، باندىتلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ياخشى ئادەم بار ئىكەن. تاكى ھازىرغا قەدەر كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىدا ئالا ئاتقا مىنگەن بىر موڭغۇلنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنى قۇتقۇزغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئەل ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ. ئالا ئاتقا مىنگەن ھېلىقى موڭغۇل باندىتلارنىڭ بىر ئادىل ھەم باتۇر باشلىقى ئىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر توپ باندىت بارئىكەن. بىر ياشانغان سىرىق ئۇيغۇر موماي بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ۋاقىتتا ، ئۇ تېخى ياتلىق بولمىغانىكەن. ئۇنى باندىتلار تۇتۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يولدا ھېلىقى ئالا ئات مىنگەن باندىت باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ باندىتلارنى شاپىلاق بىلەن راسا كالتۇرۇپ سېلىپ، بۇ قىز بالىنى قويدۇرۇۋېتىپتۇ ھەم قىز بالىغا شىۋىرلاپ ، بىر كۆك ئات مىنگەن ئادەم سېنى بۇلاشنىڭ كويىغا چۈشتى، يولدا پەخەس بولغىن، بۇ كىشىگە يانداشمىغىن، دەپ ئەسكەرتىپتۇ. ئالا ئات مىنگەن باندىت باشلىقى شۇلارنى جېكىلەپ بولۇپ قوشۇنىنى باشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىدىكى قازاقلار كەتكەندىن كېيىن ، ما بۇفاڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىر شىجاڭ ــ خەن چىگوڭ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى ئەۋەتىپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرىنى مەجبۇرىي ئۆزلىرى

بىلەن بىللە قازاقلارنى قوغلاشقا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كېچىلەپ يول مېڭىپ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ باشلىق قەبىلىسىنىڭ يازلىق يايلاۋى شىگوەن زازىغا كېلىپ هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. شىگوەن زازى بىر كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق قىساڭ جىلغا بولۇپ، ئىككى تەرىپى تىك هاڭ ئىكەن، ئوتتۇرىدىكى جىلغىدىن دەريا سۈيى ئېقىپ ئۆتىدىكەن. قىساڭنىڭ ئەڭ تار يېرىدە نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن تاش بىلەن قوپۇرۇلغان توسۇقنىڭ خارابىسى بار ئىكەن. بۇ بىر چوڭ ـ كىچىك تاشقا تولغان خەتەرلىك جاي ئىكەن. بالايىئاپەتتىن قېچىپ كۆچۈپ كېتىۋاتقان قازاقلار قاش قارايغان چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ. ياش ئەرلەرنىڭ كۆپى ئاتلىق ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئوتتۇرىدا ئاياللار، ئاجىز ـ قېرىلار، بالىلار، ئاخىردا يەنە بىرنەچچە ياش ئەر مۇهاپىزەتچى بار ئىكەن. هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىككى تەرەپتىكى ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ئوققا تۇتۇپتۇ. ئۇلار ئوق چىقارغان هامان قازاقلارمۇ قايتۇرما زەربە بېرىپتۇ ۋە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە تىرىشىپتۇ. بىرنەچچە قازاق يىگىتى باستۇرۇپ كېلىپ قىلىچ ۋە پالتا بىلەن ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن نەچچەيلەننى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بىرقىسىم كىشىلەر شۇ جايدىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپتۇ. قىساڭ جىلغىدا قالغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاجىز ئاياللار ۋە يارىدارلار ئىكەن. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق بۇ كىشىلەرنى بولۇشىغا قىرغىن قىپتۇ. قازاقلاردىن زادى قانچىلىك كىشى ئۆلدى، بىر ئېيتىلىشچە ئاران 28 ئادەم ئۆلگەن دېيىلىدۇ. لېكىن، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان كۆپ سانلىق سېرىق ئۇيغۇرلار قازاقلاردىن 80 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن دېيىشىدۇ. قېچىپ قۇتۇلغانلارمۇ بىرقانچە ئون ئادەم ئىكەن، قىساڭ جىلغىدىكى ئېچىنىشلىق هالغا ئادەم چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كېچىسى ئايدىڭدا

كىشىلەر بەزى ئۆلگەن ئايالىلارنىڭ قۇچىقىدا يىغلاۋاتقان بوۋاقلارنى كۆرۈپتۇ. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ھايات قالغان باللارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. كېيىن ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى كاڭلوگىسى ئەتراپىدىن جاڭيېگە قايتىپ كېتىپتۇ. بەزى چارۋىچىلار شىگۇەن قاشاسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باللارنى كۆرۈپ ئۇلارنى ئەكېلىپ بېقىۋاپتۇ.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاقلارنىڭ موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كېلىپ ـ كېتىشى ناھايىتى كۆپ بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا كېزىك يامراپ كەتكەن. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى كەينىدىن قوغلاپ، ئالدىدىن توسۇپ قىرغىن قىلغاچقا قازاقلاردىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، بىر ئوچۇم موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر ۋە قازاق كەسىپىي بۇلاڭچىلار بىگۇناھ چارۋىچىلارنىڭ مال ـ چارۋا، باللىچاقىلىرىنى بۇلاپ، مىللەتلەر ئارىسىدا بەختسىزلىك پەيدا قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ، قازاق باندىتلارنىڭ بۇلاپ ـ تالىشىغا ئۇچرىغان چىڭخەي ئويرات موڭغۇللىرىدىن سەرسان بولۇپ چىلانتاغ رايونىغا بارغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. 1939 ـ يىلى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇر كەسىپىي بۇلاڭچى مۆتىۋەر راھىب ئەن تىجىن ۋە گې شىڭلۇ قاتارلىقلار لوئىرجا يايلىقىدا قازاقلارنىڭ نەچچە يۈز تۇياق قوي ، بىرنەچچە تۇياق ئات ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بۇلىغان. 1937 ـ يىلى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ مىڭخەي دېگەن يېرىدە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قازاق كەسىپىي بۇلاڭچىلار ئارىسىدا ماجىرا يۈز بەرگەندە، قازاق كەسىپىي بۇلاڭچىلار 25 نەپەر موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرگەن. بۇلار پەقەت بەزى قانۇنسىز ئەبلەخلەرنىڭ قىلمىشى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ خەلقىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ.
20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا سەرسان بولۇپ، سىبىرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ قالغان قازاقلار كۆچۈپ كەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاقساي ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى قۇرۇلدى. گەنسۇ، چىڭخەيلەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن يەنە بىر قىسىم قازاقلار چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خەيشى رايونىغا ۋە شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
1945 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بىرقىسىم بۇريات موڭغۇللىرى خۇلۇنبېرشىلىن گولىدىن چاخار قوملۇقى ئارقىلىق خېشى كارىدورى ۋە چىلانتاغقا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرقىسمى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلىقى ـــ كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىغا جايلاشقان، يەنە بىر قىسمى ساراتالا (ھازىرقى خۇاڭچېڭتەن) غا جايلاشقانىدى، بۇريات موڭغۇللىرى رۇسىيەنىڭ سىبىرىيە موڭغۇللىرىدۇر. 1918 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ جۇڭگونىڭ خۇلۇنبېر دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى 20 ـ يىللاردا ئۇلارنىڭ يەنە بىرقىسمى جۇڭگوغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. گەپنى يەنىلا باشتىن قىلساق، 1929 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسى ھۇجۇم قىلىپ خەيلارغا كىرگەندە، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى مىلىتارىستلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا، چاررۇسىيە زامانىسىدا ياسالغان جۇڭشىدۇڭ تۆمۈريولى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ، قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەنىدى. 1926 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ خۇلۇنبېرگە كەلگەن بۇريات ئاقسۆڭەك رىنچىڭ دورجى 1929 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا بىرقىسىم بۇريات موڭغۇللىرىنى باشلاپ خۇلۇنبېردىن كۆچۈپ كەتكەنىدى، كېيىن

بۇرياتلار خۇلۇنبىردىن ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ باشقا جايلارغا كەتتى. ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى سەۋەبىدىن بىرقىسمى چىلانتاغقا كەلدى.

بۇريات موڭغۇللىرىنىڭ كۆچمەن چاۋىچىلىق تۇرمۇشى ئەڭ ئىلغار ئىدى. ئۇلار چارۋىچىلىققا ماھىر بولۇپ، موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىدا تۇرغاندا سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىقىغا نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغانىدى. ئۇلار ناھايىتى سىپتا ئىگەر، پىچاق، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، ئاددىي ئوۋ مىلتىقى، ئەلا سۈپەتلىك خۇرۇم، كىيىم ـ كېچەك، ئۆتۈك، قۇلاقچا ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەشكە ئۇستا ئىدى. ئۇلار قەدىمكى زامان كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە ئەنئەنىسىنى خېلى ياخشى ساقلاپ قالغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئۇلار ئات سۆرەيدىغان ئوت ئورۇش ماشىنىسى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، سۈتتىن ماي ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەڭ ئىلغار دەپ قارىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇ ۋاقىتلاردا، غەربىي شىمالدىكى نۇرغۇن جايلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭكىگە ئوخشاش سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرىدىكى ئوچاق لاي بىلەن قوپۇرۇلىدىكەن ياكى «جاگاس» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ تال تاش ئۈستىگە قازاننى قويۇپلا ئاستىغا ئوت قالايدىغان ئاددىي ئوچاقنى ئىشلىتىدىكەن، بۇريات موڭغۇللىرى قەلەي كانيىي بار يېپىق شەكىلدىكى قوي تېزىكى قالىنىدىغان مەشنى ئىلىپ كەلگەن. بۇ گەنسۇ، چىڭخەيلەردىكى سىرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار ۋە موڭغۇللارنىڭ چېدىرلىرىدا ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان. تاكى ھازىرغىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بۇنداق مەشنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك بىرنېمە تېخى كەشىپ قىلىنمىدى. بۇنداق مەش

چارۋىچىلارنىڭ سوغۇقتا ئىسسىنىشى ۋە تېز سۈرئەتتە تاماق قىلىپ يېيىشىدە زور قولايلىق ياراتقان. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئۈچۈن بۇ بىر قېتىملىق سەكرەش، شۇنداقلا كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر چوڭ تۆھپە بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، بۇرياتلار يەنە ئۇستى يېپىلغان قوتان سېلىش، ئاجىز ـ ئورۇق چارۋىلارنى قوتاندا يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىش، نەسىللىك چارۋىلارنى كۆپەيتىش، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، يېرىم ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت چارۋىچىلىق ئۇسۇلى قاتارلىق ئىلغار چارۋىچىلىق ئۇسۇللىرى جەھەتتە غەربىي شىمال تاغلىق رايونلىرىدا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان. بۇ ئارقىلىق ئالتاي تاغلىق رايونلىرىدا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان. بۇرياتلار يېڭى، ئىلغار نەرسىلەرنى سەگەكلىك بىلەن قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشقا ماھىر ئىكەن. بۇ سىبىرىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇئەييەن ئۈلگە بولۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

سىبىرىيە ئۇيغۇرلارنىڭ كاڭلوڭسى ساڭرامى ئەتراپىدىكى يايلاقلاردىكى بۇريات موڭغۇللىرى 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خۇلۇنبىرگە كۆچۈپ كەتكەن، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم بۇريات موڭغۇللىرى 1961 ـ يىلى سارتالادىن كۆچۈپ كەتكەن. دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۇلارنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇنبىر ۋىلايىتى ئېۋېنكى ئاپتونوم خوشۇنى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئەسلىدە سىبىرىيە ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار، قازاقلار قويۇق تارىخىي مۇناسىۋەتتى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتتى بار ئوتتۇرا ئاسىيا چارۋىچى مىللەتلىرى ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سەرسان بولۇپ چىلانتاغقا بېرىپ قالغان قازاقلار، موڭغۇللار ۋە سىبىرىيە ئۇيغۇرلار ئۆزئارا تۇتىشىپ كېتىدىغان يايلاقلاردا چارۋىلىرىنى بېقىپ ئۆتتى. ئۇلار

بىر ـ بىرىنى ئۈزۈكسىز چۈشەندى. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، شۇنداقلا بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ياردەم قىلىدىغان بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئىجىل ـ ئىناق مۇناسىۋەتنى ئورناتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ ۋە 60 ـ يىللىرىدا قازاقلار، بۇريات موڭغۇللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەممىسى كۆچۈپ كەتتى. پەقەت بىر قىسىم خالخا موڭغۇللىرى، سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاڭغۇتلارلا چىلانتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئارىسىدا چارۋىلىرىنى بېقىپ قالدى.

# گومينداڭ ئەكسيەتچىلىرى، ما بۇفاڭ گۇرۇھىنىڭ هۆكۈمرانلىقى

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ما بۇفاڭ گەنسۇنىڭ غوجايىنى بولۇۋالدى. 1012 ـ يىلى، ما بۇفاڭنىڭ قول ئاستىدىكى نىيې چىفېڭ (چىڭخەي خۇاڭجۇڭلۇق) سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى يايلىقى — باباۋشەن تېغى ئەتراپلىرىنى ئىگىلىۋالدى. باباۋشەن تېغى خېشى كارىدورىدىكى ھەرقايسى دەريا ـ ئېقىنلار مەنبەلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇرلار نېمان ئارتەنى (neman artane ) ياكى نېمان بۇرھان (neman borχan ) دەپ ئاتايدۇ. نىيې چىفېڭ باباۋشەن تېغى باغرىدىكى كۇانجى تالا ( kuandʒritala ) (ھازىرقى ئىرسىتەن) نى بازا قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مال ـ دۇنيا توپلىدى.

شۇ چاغلاردا، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى چىڭخەيدە تاڭغۇتلارنى ۋە موڭغۇللارنى بىرقانچە قېتىم باستۇرغاندا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ھەيدەپ شاراكاۋتۇدىن ئارقا ـ ئارقىدىن سېرىق ئۇيغۇر يايلىقىغا ئېلىپ كەلدى. يول بويىدىكى سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلار ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى نىمچە كىيگەن، چاچلىرىنى ئۆشىشاق ئۆرۈۋالغان نۇرغۇن تاڭغۇت ئاياللىرىنى چارۋىلىرىنى ھەيدىتىپ باباۋشەن تېغى باغرىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن. كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ، بۇ تاڭغۇت ئاياللارنىڭ ئەرلىرى نەگە كەتكەندۇ؟ دەپ سورىسا، بىرەيلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى

ئۆلتۈرۈۋەتتى، دېگەن. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ باباۋخېي دەرياسى ۋە بازىدۇن تۈزلەڭلىكى دېگەن جايلىرىدا نۇرغۇن مەھەللىلەرنى بىنا قىلغان بولۇپ، تۇتۇپ كەلگەن ئاياللارنى بالا تۇغۇپ بېرىسىلەر دەپ، خوتۇن قىلىۋالغان. يايلاقلارنى ئېچىپ ئاشلىق تېرىغان، نەچچە يۈز مىڭ چارۋىغا ئىگە بولغان، 1936 ـ يىلى ما بۇفاڭ نىڭ چىفېڭنى چىڭخەي ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابى بىرىنچى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن.

چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مونتى قەبىلىسى (ئېجىنى قەبىلىسى) نىمان قەبىلىسى (东八个家)، ياغلاقار قەبىلىسى ما بۇفاڭ نىي چىفېڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بارا ـ بارا خارابلاشقان، ئالۋان ـ ياساق، تالان ـ تاراج، ئەسكەرلىككە تۇتۇش ۋە ۋابا، كېزىك قاتارلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشى سەۋەبلىك نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆلۈپ كەتكەن ۋە پاناھلىق ئىزدەپ قېچىپ كەتكەن. چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرى ۋە خېشىدىكى جاڭيېدا 30 ـ يىللاردا ما بۇفاڭ شىنىڭدىن يېقىن ئادىمى خەن چىگوڭنى جاڭيېنى ئىگىلەشكە ۋە ساقلاشقا ئەۋەتىپ خېشى كارىدورىنى كونترول قىلىۋالغان. خەن چىگوڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ نۇرغۇن خەلق ئىشچىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىدا ئالتۇن كولاتقان، ياغاچ كەستۈرگەن. لوڭچاڭخې دەرياسى ئەتراپىدا بۇنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغان. ئەينى ۋاقىتتا، لوڭچاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى ھازىرقىدىن ئۇلۇغ ئىكەن. دەريا ساھىلىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئىشلەمچىلىرى دەريادىن تولۇم سال بىلەن ئۆتكەن ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قوللىرىدىكى خىل قورالغا تايىنىپ دائىم ئۇچ ـ تۆتى بىرلىشىۋېلىپ چارۋىچىلارنىڭ چېدىرلىرىنى كېزىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى، قىزلىرىنى دەپسەندە قىلغان. چارۋىلىرىنى خالىغانچە سويۇپ يېگەن. يولۋاس، بۆرە، قاپلان تېرىلىرىنى ۋە قىممەتلىك دورا

ماتېرىياللىرىنى قاقتى - سوقتى قىلغان. شۇ يىللاردا چارۋىچىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى كۈندۈزى چارۋا باققىلى چىقالماي، يېرىم كېچە بولۇپ ئادەم ئايىغى بېسىقلاندا ئازىيىپ تايىنى قالمىغان چارۋىلىرىنى باققىلى ئاچىقىدىكەن ۋە تاڭغا يېقىن ئالدىراپ - تېنەپ قايتۇرۇپ ئەكېلىدىكەن. ھەر يىلى كۈزدە ئۇلار سېرىق ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي چىلانتاغنىڭ كىندىكىدىكى جايلارغا، سۇرتولى ۋە داتۇڭخې دەرياسى (ئۇلان مۇرەن) نىڭ بېشىدىكى جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ياۋا كالا، ئېيىق، قۇلان، بۇغا قاتارلىقلارنى ئوۋلاتقۇزغان. 1929 - يىلى ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە يۈز ئېقىپ يۈرگەنلەر لوئىر قەبىلىسى بىلەن سېرت ئەڭ قەبىلىسىنى تالان - تاراج قىلغان. ئۇلار ئوت قويغان، ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلغان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. سېرت ئەڭ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مابۇفاڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. خەن چىڭگوڭ ۋە باشقا ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن قىزلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن، بۇ قىزلار پەقەت قايتىپ كېلەلمىگەن، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپىدىكى خۇيزۇ، خەنزۇ، تۇزۇ، باۋئەن، دۇڭشياڭ، سالا، تاڭغۇت قاتارلىق مىللەرلەردىن تەركىب تاپقان. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ناھايىتى رەھىمسىز بولغان. بەزىلەر يىل بويى سېرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە تۇرۇپ، يەپ - ئىچىپ، قىمار ئويناپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يايلاقنى بېشىغا كىيگەن. ئاتالمىش «بەك چىرايلىق سەككىز ئات جەمەتىنىڭ قىزلىرى، شۇنچە داڭلىق ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ئاتلىرى، قېلىشمايدۇ يورغا ئاتلاردىن ھەرگىز، شۇيگۇەننىڭ ھاڭگا ئېشەكلىرى» دېگەن قوشاق ئەينى ۋاقىتتا سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا قاقتى - سوقتى، بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ما

بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان. بەيچۇەندە تۇرۇشلۇق ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر لاڭ فامىلىلىك مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاق باش كانۋويى ئەڭ ياۋۇز ئىكەن. لاڭ فامىلىلىك مۇئاۋىن پولك بىر چارۋىچىنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولۇپ، مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئوبدان ئېتىنى، يۈز پارچە قوزا تېرىسىنى ۋە بىرنەچچە يامبۇسىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن. ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى لۇڭچياڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئارنىمان قەبىلىسى لوئىر قەبىلىسى، سېرت ئەڭ قەبىلىسى ۋە باياد (西八个马家) تاۋۇن قەبىلىسى (五个家) قاتارلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلغان. لۇڭچاڭخې دەرياسىنىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۈيى قارا پاتقاققا ئايلانغان، گۈزەل مەنزىرىلىك قېيىنزارلىق كېسىلىپ يالىڭاچ بولۇپ قالغان.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا زۇلۇمغا قارشى نۇرغۇن ئەزىمەتلەر مەيدانغا چىققان، زۇلۇمغا قارشى نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئومۇمەن ئالغاندا، ئوۋچىلار ۋە چارۋىچىلار ئىدى. بۇنداق كىشىلەر ئارىسىدا ئاۋۋال تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى چاغان تىلتىدۇر (tʃakan tilti).

چاغان تىلتى دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى «ئاق تون كىيگەن ئادەم» ياكى «ئاق كىيىملىك ئادەم» دېگەنلىكتۇر. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا، «چاغان تىلتى » دېگەن سۆز ئەسلىدە مەخسۇس خانتەڭرى (شامان دىنى ئىلاھى)غا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى كۆرسىتەتتى. كېيىن جانغا زامىن بولىدىغان غەيرىي روھانىي ئوغرى ـ قاراقچىلارنى كۆرسىتىدىغان بولغان. لېكىن، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان چاغان تىلتى 20 ـ، 30 ـ يىللاردا خېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بازىدۇن ئەتراپلىرىدا مەيدانغا چىققان بىر ئەزىمەت، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئائىت ھېكايىلەر سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە

قەبىلىلەرىدە ئەل ئارىسىغا تارقالغان.
ياشانغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇراتىدا ئۇ ناھايىتى بەستىلىك ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئۇلان مۇرەن (ھازىرقى داتۇڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) نىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى تاغۇت ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىدە ئۇنىڭ نامىشەرىپى ۋە ئېيىق، ياۋا كالا ئوۋلىغان ئىش ئىزلىرى ھەققىدە ئاجايىپ رىۋايەتلەر تارقالغان. شۇ چاغلاردا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى شۇەنخۇا، گۇيدې ئەتراپىدىكى تاغۇت كەسپىي بۇلاڭچىلىرى دەريادىن ئۆتۈپ شىمالدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى بۇلىغاندا، چاغان تىلتىنىڭ يېقىن ئەتراپتا بارلىقىنى ئاڭلىغان ياكى ئۇنى كۆرگەن ھامان كەينىگە يېنىپ بەدەر تىكىۋېتىدىكەن. ئۇلار ئۇ بار يەردە ھەرگىز بۇلاڭچىلىق قىلمايدىكەن. ئۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ئوغرىلار، قاراقچىلار بىلەن تالاي قېتىم ئېلىشقان، ئۇ ئۆزىمۇ يېقىن ئارىدىكى بايلارنىڭ چارۋىلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالاي قېتىم بۇلىغان، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن سېرىق ئۇيغۇرلارنى بۇلىمايدىكەن. ئۇنىڭ بالىچاقىسى يوق ئىكەن، بىر ئات، بىر ئېگەر، بىر مىلتىقتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن.
30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ياكى 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا چاغان تىلتى ئۆزىنىڭ بىر ھەمراھى بىلەن پىيادە ئەنشى، دۇنخۇاڭ ئەتراپىغا كەپتۇ. ئۇلار بىر باينىڭ پادىچىسىدىن ئىككى قوي سېتىۋېلىپ سويۇپ دالادا گۇلخان يېقىپ گۆشىنى پىشۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن گۆشنى چۈشتىن قاش قارايغۇچە يەپتۇ، قالغان پىششىق گۆشنى خۇرجۇنلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم قاچىلاپتۇ. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇلار خۇرجۇنلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، شەپىسىنى چىقارماي باينىڭ تۆگە پادىسى يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار ئىككى بۇغرىنى تۇتۇپ مىنىپ باينىڭ 200 دىن ئارتۇق خىل تۆگىلىرىنى ئايدىڭدا بىر يەرگە يىغىپ ھەيدەپ شىمالىي چۆللۈككە تىكىۋېتىپتۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز توختىماي

مىڭمىپتۇ. توپتوغرا بەش كېچە ـ كۈندۈز توختىماي مېڭىپتۇ، تۆگىدىنمۇ چۈشمەپتۇ. بەشىنچى كۈنى خالخا (ھازىرقى موڭغۇلىيە)نىڭ قوبى ئالتاي دېگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار تۆگىلەرنى موڭغۇللارنىڭ مىلتىق، ئوق، كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلىرىگە تېگىشىپتۇ. ئېشىپ قالغان تۆگىلەرگە تېگىشكەن نەرسىلەرنى ئارتىپ كەينىگە يېنىپتۇ. يولدا ئۇلار ئايلىنىپ مىڭىپ، خالخانىڭ غەربىدىكى باركۆلگە كەپتۇ. ئاندىن ئۇ يەردىن قومۇلغا كېلىپ داڭجىنشەن تېغىدىن چىڭخەيدىكى چايدام تەۋەلىكىگە كەپتۇ. چايدامدىن سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا كېتىۋاتقاندا ، ما بۇفاڭنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئوق، مىلتىقلارنى كۆرۈپ ھەممىنى مۇسادىرە قىلماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئېچىنىشلىق جەڭ يۈز بېرىپتۇ. چاغان تىلتىنىڭ ھەمراھىغا ۋە يالغۇزلانغان بىرنەچچە نەپەر تۆگە يېتىلەيدىغانلارغا ئوق تېگىپ قازا قىپتۇ. ئاخىردا چاغان تىلتىغىمۇ ئوق تېگىپ بىر كۆك تاشقا يۆلەنگەن پېتى قازا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، چاغان تىلتىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشماپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چاغان تىلتى قازا قىلىپ يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر تاڭغۇت چارۋىچى چاغان تىلتىنىڭ جەستىنى ھېلىقى كۆك تاشقا يۆلەنگەن پېتى تۇرغانلىقىنى ، ھەركۈنى تاڭ سەھەردە بىر كۆك يايلىلىق ئۇرغاش بۆرىنىڭ ئۇ يەرنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ ئاندىن كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ بىر كۈنى ئاتلىق يېقىن كېلىپ قارىسا، چاغان تىلتىنىڭ يوغان سۇرلۇك جەستى شامالدا قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن بولۇپ، بۆرە ئۇۋۋا قىلىۋالغان كۆكسىدە تۆت بۆرە كۈچۈكى ئۇخلاۋاتقۇدەك. چاغان تىلتىنىڭ تاتارغان قورقۇنچلۇق باش سۆڭىكى كۆپكۆك ئاسمانغا باققىنىچە تۇرغۇدەك، سۇرلۇك ھىڭگاڭ چىشى ھىجىيىپ تۇرغۇدەك قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۇ

قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ جان ئۆزگەن بولسا كېرەك. شۇ ئارىلىقتا، ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن كۆك يايلىلىق ئۆرغاش بۆرە يېنىپ كەپتۇ. ئۆرغاش بۆرە ئاغزىدا ئۆلۈپ قالغان بىر سۇغۇرنى چىشلىۋالغان پېتى ھېلىقى چارۋىچىغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. چارۋىچى ئالمان ـ تالمان ئېتىغا مىنىپ ئۇچقاندەك تىكىۋېتىپتۇ.

ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ياخشى ئادەملەرمۇ بار ئىكەن، ئەلۋەتتە. كىشىلەر لوڭچاڭخې دەرياسى ئەتراپىدا ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىر لىيەننىڭ سالار مىللىتىدىن بولغان بىر لىيەنجاڭى بار ئىكەن. ئىسمى ما سەنفې (ئاھاڭ تەرجىمىسى) ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى سەنفېڭ لىيەنجاڭ دەپ ئاتايدىكەن. ماسەنفېڭ يوقسۇللارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىگە قاتتىق ئۆچ ئىكەن. ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان لۇئاخۇن، لاڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، ئاق باش كانۋۇي قاتارلىقلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنىكەن. پەقەت پۇرسەتلا بولىدىكەن، ئۇ ھامان مۇشۇنداق قىلىدىكەن. ئۇ چارۋىچىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىكەن، دائىم ياردەم بېرىدىكەن، نامرات چارۋىچىلارغا ئۇن، ئاياغ كىيىم قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرىدىكەن، ئۆزى چارۋىچىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ھەرگىز بىكارغا ئالمايدىكەن ھەم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ چارۋىچىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا پەقەتلا يول قويمايدىكەن. ئۇ ئۆز قىسمىدىكىلەرنى باشلاپ، جيۇسېڭ يازى دېگەن جايغا قارىغاي كەسكىلى بېرىپتۇ. بۇ ئۇچىسىغا نىبەت پۇلۇسى (بىرخىل يۇڭ توقۇلما ـــ تەرجىماندىن) دىن تىكىلگەن ئۆزۈن چاپان، بېشىغا تەلپەك كىيىۋالغان، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر چارۋىچىلارنىڭ ناھايىتى ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ. ما سەنفېڭ ئوچۇق ـ يورۇق، خۇشخۇي ئادەم ئىكەن. خەنزۇچە، سالاچە، تاڭغۇتچە تىللارنى پىششىق بىلىدىكەن، تاڭغۇتچە ناخشا ئېيتىشتا ماھىر

ئىكەن.
مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ھەرقايسى قەبىلىلەردە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرى — بۇ ھەددىدىن ئاشقان ۋەھشىيلەرنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل كونتروللۇقىغا ئېلىندى.
1937 ـ يىلى ئەتىيازدا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى گوڭبۇشېجا ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قېلىپ چىڭخەيدىكى تارسى ساڭرامىغا داۋالانغىلى بارغان. چوڭ ئاقساقال كېتىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى1939 ـ يىلى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يونىڭسى ساڭرامىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى خوتۇكتۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ۋارىس ئاقساقىلى ئەن جىنچاۋنى مىڭبېشىلىققا تەيىنلىگەن. غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار خائوروكوتە، ئارنىمان (西八个家) دىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئويرات جەمەتىدىن بىر ياش يىگىتنىمۇ مىڭبېشىلىققا تەيىنلىگەن، كىشىلەر ئۇنى (ئويرات مىڭبېشى) دەپ ئاتىغان (ئەيلۇ مىڭبېشى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان). ئۇ شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى، لوئىر قەبىلىسى، سىرت ئەڭ قەبىلىسى، ياغلاقار قەبىلىسى، نىمان قەبىلىسى، (东八个家)، مونتى قەبىلىسى، باياد تاۋۇن قەبىلىسى (五个家) دىن ئىبارەت يەتتە قەبىلىنى باشقۇرىدىغان بولغان. كېيىن ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ بەستلىك ئاقساقال ئەنجىچاۋ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى خېلى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى چوڭ ئاقساقالدىن

قالسلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ ئەكسىچە ئويرات مىڭبېشى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن قۇرۇق ئەمەل بولۇپ قالغان. شەرقىي قىسىمدىكى سېرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇرۇنقىدەكلا مالىچىلىقتا ئۆتۈۋەرگەن. 1944 ـ يىلى، چوڭ ئاقساقال گوڭبۇشېجا يەتتە يىل تۇرغان چىڭخەي تارشى ساڭرامىدىن قايتىپ كەلگەن.

1944 ـ يىلى خەن چىگوڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئىككىنچى يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى، نەنپى چىپىنىڭ قالدى ـ قاتتى ئەسكەرلەرنى باشلاپ قېچىپ بازىدۇنغا كەلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1951 ـ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باندىت تازىلاش قىسمىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ئوق تېگىپ ئۆلدى. ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىي زورلۇق ـ زومبۇلۇقى ئاخىر بەربات بولدى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيەسى غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قەدىمىي شەھەر جاڭيېگە كىرگەن خەۋەر كاڭلوڭسى ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە، ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان سېرىق ئۇيغۇر نويانى ـــ «يەتتە جەمەتلىك سېرىق ۋاسسالارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى» كوھوبۇر جاپ (يەنى ئەن گونبۇشېجا) چىڭ سۇلالىسىدىن قالغان ئادەت بويىچە ئۇچىسىغا مانجۇچە سېرىق تون، بېشىغا ۋاڭلار كىيىدىغان كۆك قۇش پېيى ، قىزىل مونچاق تاقالغان ئەمەلدارلىق بۆكىنى كىيىپ ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى، ياردەمچىلىرى، مەيدان باشلىقى ۋە ھەمراھلىرىنى باشلاپ، خىل ئاتلارغا مىنىپ قوي ـ كالىلىرىنى ھەيدەپ، جاڭيېگە قاراپ يولغا چىقتى. ئېگىز، چىرايلىق يورغا كۆك بوز ئاتقا مىنگەن كوھۇ بۇرجاپ ئاقساقاللارنى باشلاپ قەدىمىي شەھەر جاڭيېنىڭ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. كوھۇ بۇرجاپ قولىدا ئاق خادا تۇتقان ھالدا ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان ئازادلىق ئارمىيەنىڭ باشلىقلىرى ـــ ۋاڭ جېن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، غەربىي قىسىمدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭبېشى ئەنجىنچاۋمۇ ھەمراھلىرى بىلەن گاۋتەي شەھىرىگە بېرىپ ئازادلىق ئارمىيەنى قارشى ئالدى.

سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى.

شۇ كۈنلەردە، ئازادلىق ئارمىيە تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان ما بۇفاڭ قىسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن تيەن زىمىي، ما جيڭشياڭ، نىي چيفيڭ ۋە خەن چىگوڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن سىرت، يەنە ئادەم سانى ئوخشاش بولمىغان بىرمۇنچە سەرگەندارلار گۇرۇھى بار ئىدى. ئۇلار چارۋىچىلارنىڭ مال - ۋارانلىرىنى ۋە ئادەملىرىنى بۇلايتتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا باندىتلار ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ نەچچە ئون مىڭلىغان چارۋىسىنى بۇلاپ ئەكەتتى. جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقانلاشتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ناھايىتى تېزلا چىلانتاغقا يۈرۈش قىلىپ باندىتلارنى تازىلىدى. سېرىق ئۇيغۇر، تاڭغۇت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بىردەك ئوۋچىلارنى تايانچ قىلغان قوراللىق خەلق ئەسكىرى قوشۇنىنى تەشكىللىدى. بۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولسا، بىرنەچچە يۈز ئادەم، ئاز بولسا بىرقانچە ئون ئادەم ئىدى. مەسىلەن، ياغلاقار قەبىلىسى 115 نەپەر ئادىمى، 1250 ئات - ئۇلىقى بار خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنى تەشكىللىدى. خائوروكوتە قەبىلىسى بىلەن چيفيڭدىكى تاڭغۇت چارۋىچىلىرى 27 كىشىلىك قوراللىق خەلق ئەسكىرى قوشۇنىنى تەشكىللىدى. كېيىن بىرقىسىم سېرىق ئۇيغۇر خەلق ئەسكەرلىرى 200 تۆگىلىك تىرانسپورت ئەترىتى تەشكىللەپ، دۇنخۇاڭنىڭ نەنشەن تېغىدا ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئوسمان قاتارلىقلارنى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. 1952 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە، باندىتلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يوقىتىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ۋاقىتلىق تىنچ بولۇش تەرىپىگە يۈزلەندى.

1949 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خەلق ھۆكۈمىتى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا سودا گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بەردى. يەنە داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىرىنى ھەقسىز داۋالىدى. زور مىقداردا دېھقان -

چارۋىچىلىق قەرز پۇلى، قۇتقۇزۇش پۇلى، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقاتتى. 1953 ـ يىلى، غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىغا غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر ھال سوراش ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ ھال سورىدى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. 1954 ـ يىلىغا كەلگەندە، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى تەدرىجىي ھالدا كېيىمى پۈتۈن ، قورسىقى توق بولۇش، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. كىشىلەر بەختىيار تۇرمۇشنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندى. پۈتۈنلەي بىر يېڭى دۇنيا باشلاندى.

1949 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە، خەلق ھۆكۈمىتى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى، دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىدىن 49 كىشىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىققا تەيىنلىدى. بۇرۇنقى قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ رايونلۇق، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى. يۇغۇرلار ئۆزلىرىنى، شارا يۇغۇر ۋە سارى يۇغۇر دەپ ئاتايدىغان بولغاچقا ۋە بەزى تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، سېرىق ئۇيغۇرلار رايونى «سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالدى. يۇغۇر (尧熬尔) بىلەن ئۇيغۇر (维吾尔) دېگەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى تامامەن ئوخشاش.

1953 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جيۇچۈەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى قەدىمىي شەھەر جيۇچۈەندە «چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنى» نى ئاچتى. يىغىنغا سېرىق ئۇيغۇر، تاڭغۇت، موڭغۇل، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى

قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلىرىنى رەسمىي قۇرۇشقا ئائىت ئىشلار مەسىلىھەت قىلىندى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئوي - پىكىرلىرى بولغان. قەدىمدىن تارتىپ باشقا مىللەتلەر قوللانغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى بىرقانچە ئون خىلدىن كەم ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتىكى، «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت دەپ قارالدى. يىغىندا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى كوھۇ بۇرجاپ ۋە مىڭبېشى ئەنجىنچاۋ ئۆز مىللىتى ئەڭ كەڭ قوللىنىدىغان، ئەڭ توغرا نامى يۇغۇر «jokər» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ رەسمىي مىللەت نامى قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. كېيىن سۆھبەت يىغىنىدا كېڭىشىش ئارقىلىق ( jokər ) نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «尧熬尔»نى ( 裕固族 ) دەپ يېزىش قارار قىلىندى.

سۆھبەت يىغىنىدا يەنە بەزىلەر «尔» دېگەن خەتنى ئېلىپ تاشلاپ، «裕固» دەپلا يېزىپ، بۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى باياشات، مۇستەھكەم دېگەن مەنىسىنى قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «裕固» سېرىق ئۇيغۇلارنىڭ خەنزۇچە نامى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۆزلىرى يەنىلا «يۇغۇر» ( jokər ) «سېرىق ئۇيغۇر» ( 撒里尧熬尔 ) ياكى «سارى ئۇيغۇر» ( 西拉尧熬尔 ) دەپ ئاتايدۇ. 1953 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە يازغان دوكلاتىدا ( 裕固族 ــــ يۇغۇر مىللىتى ) دەپ بېكىتتى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا رەسمىي ئاپتونوم رايون قۇرۇش قارار قىلىندى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىكى

جيۇچۇەن (سۇجۇ) نىڭ جەنۇبىدىكى چىلانتاغ (نەنشەن) دا ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ نامى ئاخىر سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم رايونى (ناھىيە دەرىجىلىك ) دەپ بېكىتىلىپ، جيۇچۇەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى لۇڭچاڭخې (شاراگائول) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خۇڭۋەنسى (دەنزىلىڭ چۇجالۇڭ) نىڭ يېنىدا بولىدىغان بولدى. بۇ يەر سېرىق ئۇيغۇر يايلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بۇرۇن ئارنىمان قەبىلىسى (西八个家) ۋە باياد تاۋۇن (五个家 ) قەبىلىسىگە تەۋە ئوتلاق ئىدى.

1954 ـ يىلىنىڭ قىشى قار ناھايىتى كۆپ ياغقان بىر قىش بولدى. سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئاق قارغا پۈركەنگەن خۇڭۋەنسى ساڭرامى ئەتراپىدا ئېچىلىپ، سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم رايونى (ناھىيە دەرىجىلىك) نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سابىق چوڭ ئاقساقىلى كوھۇ بۇر جاپ (كېيىن ئەن گۇنبۇ جاپ دەپ يېزىلىدىغان بولغان) ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جيۇچۇەننىڭ خۇاڭنىباۋ دېگەن يەردە توپلىشىپ ئولتۇرغان يۇغۇرلار خۇاڭنىباۋ يۇغۇر يېزىسىنى قۇردى.

1955 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىندى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، «سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم رايونى(ناھىيە دەرىجىلىك) «سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسى»گە ئۆزگەرتىلىپ، جاڭيې ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت سېرىق ئۇيغۇر رايونىغا نۇرغۇن خەنزۇ كادىر، ئوقۇتقۇچى، تېببىي خادىملارنى ئەۋەتتى، مەكتەپ سالدى. خەلق دوختۇرخانىسى

قۇردى، كىشىلەر ئومۇمۇيۈزلۈك خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. سىبىرىق ئۇيغۇر كادىرلىرى خەنزۇ كادىرلاردىن خەنزۇچە تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سىبىرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا خەنزۇ تىل - يېزىقى كەڭ كۆلەملىك ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە قوللىنىلدى، خەنزۇ يېزىقى سىبىرىق ئۇيغۇلار رايونىدا بۇرۇن بىر تۇتاش قوللىنىلدىغان تاڭغۇت يېزىقىنىڭ ئورنىنى باستى. ئەينى ۋاقىتتا، سىبىرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويۇلغان سىياسەت «مۇسادىرە قىلماسلىق، كۈرەشكە تارتماسلىق، سىنىپي تەركىبنى ئايرىماسلىق، چارۋىدارلارغىمۇ، چارۋىچىلارغىمۇ پايدا يەتكۈزۈش ۋە نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشغا يار - يۆلەكتە بولۇش»تىن ئىبارەت ئىدى. بۇ بىرقانچە يىلدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1957 - يىلىغا كەلگەندە، بۇرۇن ئايرىم - ئايرىم ھالدا جيۇچۇەن، جاڭيې گاۋتەي، لىنزې، مىنلى ۋە چىڭخەينىڭ چىلىيەن ناھىيەلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن سىبىرىق ئۇيغۇرلار رايونى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىگە قوشۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇاڭنىباۋدىكىدىن باشقا ھەممە سىبىرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سۇنەن ناھىيەسىگە قارايدىغان بولدى.

ئاپتونوم ناھىيەنىڭ مەركىزى چاڭلۇڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشتى. ئۇ چاغلاردا ئاران بىرنەچچە كورپۇس كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي، بىرنەچچە يۈز نوپۇسلا بار ئىدى. لۇڭچاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدىكى دەريا سۆگىتى ۋە قېيىن دەرىخى قاپلىغان قاپتال ئات يايلايدىغان ئوتلاق ئىدى. ئۇ يەردە سازلىق، چىغلىق جايلار بار ئىدى. ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرىدىغان كادىرلار ئات ئۇستىدىكى مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تاشلىمىغانىدى. ئۇلار باشقىلارنى كۆزەتكەندە ھامان ئۇ ئادەمنىڭ ئاتقا مىنىش ماھارىتىنىڭ قانداقلىقىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن

قارايتتى. شۇ چاغلاردا يېزىغا چۈشكەن كادىرلار ياكى چارۋىچىلار لۈكچاكخي دەرياسىنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتكەندە، ھامان ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى دېۋىتىپ جۈشقۇن قىياپەتتە كېلەتتى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەغرۇر چەۋەندازلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تاق ـ تۇق قىلغان تۇياق تاۋۇشى بىلەن تەڭ كەينىدە ئۆزۈلمەي چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى كىشىلەر ھامان دەريا بويىغا چىقىپ بۇ مەغرۇر ھەم ئەركىن ئەرلەرنى تاماشا قىلاتتى. ھەر قېتىمقى ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان چەۋەندازلار ئارىسىدا ھامان بىر ئەڭ ياخشى يورغا ئات ئوقتەك ئېتىلىپ ئالدىغا چىقاتتى. بۇ ئەڭ ياخشى يورغا ئات خۇددى يولىۋاسنىڭكىدەك ئۇزۇن يايلىنى ئوينىتىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاقار يۇلتۇزدەك دەريا ساھىلىنى بويلاپ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاتلارنىڭ جەڭ دۇمبىقى ساداسىدەك تۇياق تاۋۇشى ئىچىدە كىشىلەر ھامان پاھ ـ پاھ دەپ ئېغىزىنى تەمشىتەتتى، ئات ئۈستىدە مىختەك قادىلىپ تىك ئولتۇرغان مۆنەۋۋەر چەۋەندازنىڭ مەغرۇر قىياپىتى كىشىلەرنى ئىختىيارسىز زوقلاندۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە پالانچى چەۋەندازنىڭ كاتتا ئېتى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ناھايىتى تېز تارقىلاتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىن ياخشى ئات كۆپ چىقىدۇ. ھەممىلا كىشى بىردەك چەۋەنداز ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئېسىل ئەنئەنە ۋەجىدىن 50 ـ، 60ـ يىللاردا، ھەتتا 70 ـ يىللاردا سېرىق ئۇيغۇر كادىرلىرى بىر ياخشى ئېتى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندەك پىكاپ يامراپ كەتتى، تاشيول كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پايانسىز يايلاقلاردا قورشالغان ئوتلاق بىنا قىلىش يۈزىسىدىن ئوگدىن سولغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سىم تارتىلىپ بولغاچقا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مىنىشكە ماھىر بولۇشتەك ئۆرپ ـ ئادىتى بارغانچە سۇسلىششقا باشلىدى.

# 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى

**(1)**

1957 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلى سىياسىي ۋەزىيەت مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان بولغان بىر پەسىل بولدى.

شۇ يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا، ئىستىل تۈزىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى باشلاندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىكنى تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. كىشىلەر ئالاقزەدە بولۇشقا باشلىدى. قىش كىرگەندىن كېيىن يەنە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى. ئارقىدىنلا گەنسۇنىڭ جەنۇبى ۋە چىڭخەي ئەتراپلىرىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. 1958 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىگە كەلگەندە، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى توپىلاڭ تىنچىتىلغان ئاساستا، ئاپتونوم ناھىيەمىزدە «فېئوداللىق قەبىلە تۈزۈمىدىكى دىنىي فېئودال ئىمتىياز، ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش» نى مەزمۇن قىلغان كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قىسقارتىلىپ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى، دەپ ئاتالدى.

ئەمەلىيەتتىن ئېيتقاندا دەرىجىدە ئايرىلغان، بەكلا كېڭەيتىۋېتىلگەن كۈرەش ۋەزىيىتىدە ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيەلىك پارتكوم، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى «بەش كىشىلىك گۇرۇپپىسى» «ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى پىلانلاۋاتقان باسقۇچتا يوقىتىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيەلىك «بەش

كىشىلىك گورۇپپا»نى ئاساس قىلغان قىسمەن كىشىلەر پەقەتلا «توپىلاڭ» يۈز بەرمىگەن ئاپتونوم ناھىيەمىزدە بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ناھەق دېلونى، يەنى «ئاچى كانبۇ، بەيياڭ گۇەنجادىن ئىبارەت ئىككى توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى»نى پەيدا قىلدى. 1958 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چىڭخەينىڭ چىلىيەن ناھىيەسىدىكى گېگەن پۇلۇمىن گەننەندە (گەنسۇنىڭ جەنۇبى)دا دىنىي ئىشلار يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماتى ساڭرامىنىڭ گېگەنى ئاچى كانبۇ (لوبۇساڭ گەيلاموسۇ) قاتارلىق راھىبلار بىلەن ئۇچرىشىپ، دىنىي ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ، ئادەت بويىچە ساڭرامىنىڭ دىنىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، مۇخلىسلارنى يىغىنى زىيارەت قىلىشقا تەشكىللىگەن ۋە باشقىلار. بۇ جەرياندا كاڭلوڭسى ساڭرامىنىڭ گۇنجاسى لوبۇساڭ سىڭبا (كىشىلەر ئۇنى بايياڭ گۇەنجا دەپ ئاتايدۇ)مۇ ئۈچ قېتىم لەنجۇغا بېرىپ بۇددا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان، ئېكسكۇرسىيە قىلغان، كېسەل كۆرسەتكەن. ئۇ لەنجۇ ئاشخانىسىدا گېگەن گوڭ تاڭساڭ بىلەن ئۇچراشقان.

سۇنەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە دىنىي ئىشلار يىغىنى ئاچقان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يىغىنىنى زىيارەت قىلىشقا تەشكىللىگەن ۋە باشقىلار. بۇ ناھەق دېلو مۇشۇ ئىشلارنى ئاساس قىلىپ ئويدۇرۇپ چىقىلغان بولۇپ، بۇ ناھەق دېلو توغرىسىدىكى ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «گەننەن رەھبەرلىكىدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن جياڭ جېشى ئەكسىيەتچى گورۇھى پەردە كەينىدە تۈرۈپ پىلانلىغان ۋە قوللىغان، ئاچى كانبۇ باش قوماندان بولغان توپىلاڭچىلار گاڭچا چىلىيەن، ماتىسى ساڭرامى، گەننەندىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان توپىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئاكتىپلار ۋە توپىلاڭغا قاتناشمىغان ئاممىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. جاڭيېدىكى شىلەيسى ساڭرامى توپىلاڭچىلارنىڭ ئالاقىلىشىدىغان جايى

ئىكەن». «1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بايياڭ گۆەنجا كاڭلوڭسى ساڭرامىدا تۇپىلاڭچىلارنىڭ تاياىنچ ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، توپىلاڭ گۇرۇھىنىڭ تەشكىلىنى بىر ئەترەت يەتتە گۇرۇپپا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى، بەيياڭ گۆەنجا باش قوماندان، قوشۇمچە ئەترەت باشلىقى ۋە ھاكىم بولۇشنى قارار قىلغان» ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرۇپ چىقىلغاندى.

1958 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيەلىك پارتكوم، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى (بەش كىشىلىك گۇرۇپپا)نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تولۇق قوراللانغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى، قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى ناھىيەلىك پارتكوم، رايون، يېزا كادىرلىرى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن «فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش»، «توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش» كۈرىشى باشلاندى. بۇ كۈرەش ھەربىر ئائىلىگىچە دېگۈدەك چېتىلدى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە راھىبلار، باشلىقلار، ئادەتتىكى چارۋىچىلار ۋە باي چارۋىچىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپى تۈرمىدە ئۆلدى. بىر قىسمى ئېتىۋېتىلدى. ناھايىتى ئاز سانىدىكىسى بوشىتىپ قايتىپ كەلدى. باشقىلار ئادەتتىكى چارۋىچىلار ۋە باي چارۋىچىلار بار. كېيىن، يېرىمىدىن كۆپى تۈرمىدە ئۆلدى. بىرقىسمى ئېتىۋېتىلدى.

شۇ يىلى كۈزدە، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى چوڭ ئاقساقىلى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، تۇنجى ھاكىم كوھۇبۇجاپ تۇرلۇك بىسىملار تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ مىڭبېشى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇئاۋىن ھاكىم ئەنجىنچاۋ ئۆزىنى لۇڭچاڭخې دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئالتە ئادەم بىر ـ بىرلەپ

ئـۆلـۆۋالدى. شۇنـداق قىلىـپ، چوڭ ئاقسـاقال كوھـۇبـۇجاپىنـىڭ ئۆلۈشى بىلەن سىبىرىـق ئۇيغۇرلار قـوۋمىدا 700 يىـلدىن ئارتـۇق ۋاقىت داۋاملاشـقان ئالتـان ئۇرۇق جەمەتـىنىڭ يۇكسەك ئـورنى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولـدى. شـەك ـ شۈبھىسـىزكـى، ئـۇ ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالتان ئۇرۇق جەمەتـىنىڭ، يـەنى چىڭگىزخان ئـەۋلادىنىڭ ئـەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلى ئىدى. ئالتان ئۇرۇقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ۋەكىلىنىمۇ 1920 ـ يىلـلار ئەتراپىـدا سوۋېت ھاكىمىيىتىي تامامەن ئاغدۇرۇپ تاشلىـدى. ئۇلارنـىڭ نوپۇزىمۇ ئوخشاش 700 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاپتونوم ناھىيەمىزنىڭ قوراللىق بۆلۈمى لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە جاڭيې شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇققا ئاساسەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى خەلق ئەسكىرى قىلىپ تەشكىللىدى، يەرلىك قوراللىق تەشكىلات قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن ناھىيەدە خەلق كوممۇناسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك پولات تاۋلاش باشلاندى. كوللېكتىپ ئاشخانىلار كۆپلەپ قۇرۇلدى. بىرىنچىدىن، تەڭشەش، ئىككىنچىدىن، يۆتكەش يولغا قويۇلدى.

**(2)**

1959 ـ يىلى گەنسۇ، چىڭخەيدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىنىڭ چېگرا مەسىلىسى سەۋەبلىك سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسى كەڭ دائىرىدە كۆچتى. 1955 ـ يىلىدىن بۇيان، سۇنەن ناھىيەسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يايلىقى سۇرتولى، بازىدۇن قاتارلىق يايلاقلاردا دائىم چېگرا ماجىراسى يۈز بېرىپ تۇراتتى. ماجىرالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى، چىڭخەي ئۆلكىسى

خەيبې ئوبلاستىنىڭ چىلىيەن ناھىيەسى ئىدى.

1958 ـ يىلى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغانىدى. 1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ جۇڭلياڭ بىلەن چىڭخەي ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يۈەن رېنيۈەن «ئىككى ئۆلكىنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىدىغان رايونلىرىدا ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم»نى تۈزگەنىدى. بۇ كېلىشىمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش خەرىتىسىگە ئاساسەن، گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن ناھىيەسىگە تەۋە تولى، بازىدۇن، يۈەيدىن ئىبارەت ئۈچ جايدىكى ئوتلاق چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چىلىيەن ناھىيەسىگە ئايرىپ بېرىلدى. چىڭخەي ئۆلكىسىگە تەۋە خۇاڭچېڭتەن (ساراتالا) يايلىقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن ناھىيەسىگە ئايرىپ بېرىلدى. مۇشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يەنى قەھرىتان سوغۇق قىش پەسلىدە كۆچۈشكە توغرا كېلىپ سۇنەنلىك ئامما كۆچۈشنى باشلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، كۆچۈش «فېئوداللىقتا قارشى تۇرۇش»، «توپىلاڭنى تىنچىتىش»، «كوممۇنالىشىش» ھەرىكەتلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. فېئودالىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە توپىلاڭنى تىنچىتىش ئەنزىسىدە قورقۇپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن كىشىلەر تېخى ئەس ـ ھوشىنى يىغالمىغانىدى. مانا ئەمدى كۆچۈشكە توغرا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە قىسمەن رەھبەرلەر كۆچۈش جەريانىدا قاتتىق بولۇش سىياسىتىنى، زورلاش، بۇيرۇقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. كۆچۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاۋۋال يەسلى قۇرۇپ ھەممە بالىلارنى ھەرقايسى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن تاشيول بويىغا ئەكېلىپ، ئاۋۋال كىچىك بالىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ماشىنا بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئاندىن رايون، يېزا كادىرلىرى، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنى چارۋىچىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشىدى. نۇرغۇن

ئائىلىلەردىكى ئەر ـ ئاياللار بىر يىلغىچە جەم بولالمىدى. كۆچۈش جەريانىدا (بىرجايدىن يەنە بىر جايغا، بىر قونالغۇدىن يەنە بىر قونالغۇغا ئېلىپ بېرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش چارىسى قوللىنىپ، يىغىپ بىر تۈتاش باشقۇرىدىغان «ھەربىيلەشكەن» تۈزۈم يولغا قويۇلدى. كۆچۈش جەريانىدىكى شوئار ۋە ئۇسۇل كىم كۆچۈشكە قارشى چىقىدىكەن شۇ ئەكسىلئىنقىلابچى، كىم كۆچۈشكە نارازىلىق بىلدۈرىدىكەن، كۈرەش يىغىنى ئېچىپ، باغلاپ، ئۇرۇپ، تەنقىد قىلىش» تىن ئىبارەت بولدى.

بۇ قېتىمقى كۆچۈشتە ئاپتونوم ناھىيەنىڭ 50 پىرسەنت نوپۇسى، 70 پىرسەنت چارۋىسى كۆچۈرۈلدى. كۆچۈش تۈرلۈك تارىخىي يايلاق چېگرالىرىنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. خۇاڭچېڭتەنگە جەمئىي 3000 دىن ئارتۇق ئادەم، 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا كۆچۈرۈلدى، چىڭخەينىڭ خۇاڭچېڭتەندىكى 1050 دىن ئارتۇق ئادىمى، 110 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى جىنياۋلىن (شاراكاۋتۇ) نىڭ شەرقىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈلدى. 1959 ـ يىلى يازدا، يەنى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن جۇۋ ئېنلەي زۇڭلى بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، تېزدىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى زىڭشاننى ئەۋەتتى. زىڭشان سۇنەنگە كېلىپ رىياسەتچىلىك قىلىپ كېلىشىم تۈزۈپ، كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشنى دەرھال توختاتتى. بۇ مەركەزنىڭ 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تەستىقلىشى بىلەن يولغا قويۇلدى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، سۇنەننىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەلىكىدىن چىڭخەيگە 500 كىۋادرات كىلومېتىر يەر ئايرىپ بېرىلدى (بازىدۇندىكى 2000 كىۋادرات كىلومېتىر، تولىدىكى 1370 كىۋادرات كىلومېتىر، يۇئەيدىكى 1270 كىۋادرات كىلومېتىر يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ

مىنۇەن ناھىيەسىدىن سۇنەنگە 1280 كىۋادرات كىلومېتىر يەر (خۇاڭچېڭتەن) ئايرىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ئاخىرلاشتى.

بۇ قېتىمقى كۆچۈشتىكى نىشان خۇاڭچېڭتەندۇر.

خۇاڭچېڭتەننىڭ ئەسلىي نامى ساراتالا ( ʃara tala ) بولۇپ، مەنىسى سېرىق يايلاق دېگەنلىكتۇر. بۇ موڭغۇلچە سۆز، شۇنداقلا سېرىق ئۇيغۇرچە سۆز. ساراتالا يايلىقى ھازىرقى خۇاڭچېڭتەن يايلىقى بىلەن ساندەن ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ يايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ غەربىي رۇڭ، توخرىلار، ئۇيسۇن، ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، قاتارلىق مىللەتلەر ئالمىشىپ چارۋا باققان بۇ يايلاقنىڭ 19 ــ ئەسىردىن بۇيان دائىرىسى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى، بۇ يايلاق ئانچە كەڭرى بولمىغىنى بىلەن سۈيى ئەلۋەك، ئوت ــ چۆپى مول بولۇپ، چىلانتاغ بويىچە ئەڭ ياخشى يايلاق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ يايلاقنىڭ بىر سەھنىسىگە ئوخشايدۇ ـــ (ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ ئىچىدە سەن ناخشاڭنى ئېيتىپ بولساڭ، مەن چىقىپ ناخشامنى ئېيتىدىغان جاي) دۇڭداخې (ئوردۇخې) دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىڭخەي ــ شىنزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى موڭغۇل قۇدۇنخاننىڭ ئوردىسىنىڭ خارابىسى بار. شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ گەنسۇدىكى ئۈچ چوڭ ئات فېرمىسىنىڭ بىرى ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سېرىق ئۇيغۇرلار چىلانتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بۇ جايدا بىر مەزگىل يايلىغان، شۇ چاغلاردا شارا يۇغۇر تالاسى، يەنى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ يايلىقى دەپ ئاتالغان. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ يەردىن بازىدۇن ئەتراپىغا يېنىپ كەلگەن، لېكىن بازىدۇن ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئوۋچىلار دائىم يۇك ــ تاقنى ئارتىدىغان

كالىلارنى ھەيدەپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، بىياندۇكو ئارقىلىق ساراتالاغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلايتتى. شۇنىڭدىن تاكى 1949 ـ يىلىغىچە ئوۋچىلار ساراتالا بىلەن باباۋخې دەرياسى ئەتراپىدىكى مونتى قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان. 1959 ـ يىلى سېرىق ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك كۆچۈپ خۇاڭچېڭتەن، يەنى ساراتالاغا كەلدى. شۇنداق دېيىشكە تېگىشلىكى، بۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم كۆچۈپ كېلىشى ئىدى.

# ئانا يۇرت

## (1)

ئەمدى بىز سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى چىلانتاغ توغرىسىدا توختىلىمىز. «چىليەن» خۇن تىلىدىكى «تېنكىر» (تەڭرى)نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى. «祁连» قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «撑里»، «格里» دەپ ئوقۇلىدۇ. «تېنكىر»نىڭ خۇن تىلىدىكى مەنىسى «تەڭرى» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، (祁连山) چىليەنشەن تېغى «تەڭرىتاغ» دېگەنلىكتۇر، ھازىر سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە باشقا موڭغۇل تىلى ۋە تۈركىي تىللىق ھەرقايسى مىللەتلەر چىليەنشەننى يەنىلا تېنكىر ئۇلا (tenker ula) ۋە (تەڭرىتاغ) (tanker tag) دەپ ئاتايدۇ. بۇلارنىڭ مەنىسى، (تەڭرىتېغى)، (تەڭرىتاغ) دېگەنلىكتۇر. چىليەنشەن بىلەن شىنجاڭدىكى تەڭرىتېغى تۈركىي تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدا ئوخشاش مەنىلىك، ئوخشاش ئىسىمدۇر.

چىليەنشەن ( مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە «شىنجاڭ خەلق پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»دىكى تەرجىمىسى بويىچە «چىلانتاغ» دەپ ئېلىندى. قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرى شۇنداق دەپ ئاتىغانمۇ ياكى شىنجاڭدىكى «تەڭرىتاغ» بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ئېلىنغانمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدىم. شۇڭا، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» دىكى تەرجىمىسى بويىچە تۆۋەندىمۇ يەنە «چىلانتاغ» دەپ ئالدىم — تەرجىماندىن) چىلانتاغ غەربتە قۇرۇم تېغى ۋە تەڭرىتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان.

چىلانتاغ ـــ ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىدىكى داڭچىنشەن تېغى، داڭخې نەنشەن تېغى، يەمانەنشەن تېغى، تۇرغۇن دابەن داۋىنى، سۇرتولى تاغ تىزمىلىرى (جۇملىدىن سۇلىشەن تېغى، تولەيشەن تېغى، ئامونىتكۇ شەن تېغى، بايانىكۇشەن تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، (زوۋلاڭ تەنشەن تېغى، باباۋشەن تېغى (نىمان ئېردەنى)، جىنياۋلىن چوققىسى (شاراكاۋتۇ). لىڭلۇڭلىن چوققىسى، داخۇاڭشەن ياكى يانزىشەن تېغى (بايان هاڭغاي) داتۇڭشەن تېغى، دابەنشەن تېغى ۋە ئۇشياۋلىن تېغى تىزمىلىرى قاتارلىق قارلىق تاغ، ئورمانلىق ۋە تاغلىق يايلاقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 دىن 5000 مېترغىچە كېلىدۇ.

خېشى كارىدورىدىن جەنۇبقا كۆز تاشلىسىڭىز، سىزنى چىلانتاغنىڭ قات ـ قات چوققىلىرى، پايانسىز مەڭگۈلۈك قار ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى تەبىئىي يايلاق، بۇ بىپايان زېمىندا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت چارۋا بېقىشقىلا باب كېلىدۇ.

مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، چىلانتاغدا كەڭ كۆلەملىك قۇملۇقلىشىش ، كىلىمات قۇرغاقلىششتەك هازىرقى ئەھۋال كۆرۈلگەن. چىلانتاغدىكى ئەڭ چوڭ دەريا خېيخې (شاراگائول) دەرياسى بولۇپ، ئۇ ئاپپاق قار قاپلاپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىدىكى ئوماي ئىلاھە هاردۇق ئالىدىغان جايدىن باشلىنىدۇ. پىروتېروزوي (يىراق قەدىمكى) دەۋرىدە، بۇ دەريا خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ شىمالدا موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ئېقىپ باراتتى، ئاندىن جۇيەنخەي كۆلى ۋادىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىتىك ئارقىلىق ئۇدۇل خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خۇلۇنبېر ۋادىسىغا ئېقىپ باراتتى. ئۇ بىر زامانلاردا خېشى كارىدورى بىلەن موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇرغاق جايلارنى گۈل ـ گۈلىستاندەك يايلاققا ئايلاندۇرغان. ئەمما، 15 ـ ئەسىردىن بۇيان بۇ رايوننىڭ تەبىئىتىنىڭ قۇملۇقلىششى،

قۇرغاقلىشىشىغا ئەگىشىپ دەريا سۈيى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، ئۆزگىرىپ كەتتى. 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ خېيخې دەرياسىنىڭ سۈيى ھەر يىلى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. كۆلىمى 720 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۈيەنخەي كۆلىمۇ قۇرۇپ كەتتى. جۈيەنخەي بوستانلىقىمۇ غايىب بولدى. ھەتتا 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا خېيخې دەرياسىدىن جۈيەنخەي ۋادىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆلىمى بىر ەر مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدىغان چوڭ تەبىئىي ئورمانلىقلار، ئېگىزلىكى ئون چىدىن ئاشىدىغان يۇلغۇنلار، بولۇق ئۆسكەن چىغلىقلار، بىپايان قومۇشلۇقلار بار ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى غايىب بولدى. پەقەت كېيىنكى ئەۋلادلارغا خېيخې دەرياسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخىنى بايان قىلىپ پارچە ـ پارچە ئاقشۇل قۇملۇقلار، تۆپىلىكلەر قالدى. ھازىر بۇ يەردە ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە چاڭ ـ توزانلىق قاتتىق بوران ئاسمان ـ زېمىننى قاپلاپ، بارغانسېرى خارابلىشىۋاتقان بۇ ماكانغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قالدى. چىلانتاغنىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىي باغرىلىرىدىكى ئۇشىياۋلىڭ، دابەشەن تېغىدىن باشلىنىپ غەربكە قاراپ سوزۇلغان پايانسىز ئورمانلىقلار غايىب بولدى، چىلانتاغنىڭ كىندىك رايونلىرىدىكى يولۋاسلار غايىب بولدى، چىلانتاغ باغرىدىكى توپ ـ توپ ياۋا كالا، قۇلانلار غايىب بولدى، جەرەن، ئارقار، ئاقتۇمشۇق بۇغا، دەريا بۇغىسى، يىلپىز قاتارلىقلارمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا چىلانتاغنىڭ كىندىك رايونلىرىدا يولۋاسنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ھېچكىم يولۋاسنى ئۇچراتمىغان. مەسىلەن، 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا سېرىق ئۇيغۇرلار چارۋىلىرىنى

باقىدىغان يۇمۇشەن تېغى مەنزىرىسى شۇنچە چىرايلىق، كۆز يەتكۈسىز بوك ـ باراقسان ئورمان قاپلىغان، ياۋايى هايۋانلار توپ ـ توپ يۈرۈيدىغان مۇنبەتلىك ئوتلاق ئىدى. بىرقانچە يۈز يىللاردىن بۇيان، ھەريىلى ياز پەسلىدە خېيشى كارىدورى ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ياغاچ كېسىدىغان ئوۋ ئوۋلايدىغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ يەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنۇمسىز، ئورمىنىنىڭمۇ تايىنى يوق قاقاس تاغقا ئايلاندى. چىلانتاغقا ياغاچ كەسكىلى كېلىدىغان ھەممە كىشى يازدا كېلىپ ياغاچ كېسەتتى. كۆز بولۇپ سۇ تاشقاندا، كەسكەن ياغاچلىرىنى سۇدا ئېقىتىپ گەنجۇ، سۇجۇ، لياجۇلارغا ۋە باشقا يۇرتلارغا ئەكېتەتتى. يەنە مەسىلەن، سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭخەي لىيەنخۇا ئەتراپىدىكى چىغلىق ۋە قومۇشلۇق يايلىقى ناھايىتى مەشھۇر ئىدى، بۇ ھەممىلا يەردە توپ ـ توپ جەرەن ئۇچراتقىلى بولىدىغان كاتتا يايلاق ئىدى. ھازىر بىر پارچە تار، ئۇنۇمسىز، قۇم باسقان قاقاس چۆلگە ئايلاندى.

بىرنەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى ئالدىراقسانلىق بىلەن يولغا قويۇلغان يېڭى تېرىقچىلىق چىلانتاغ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن يەرلەرنىڭ كۆچىنى خورىتىپ ھالسىزلاندۇرۇپ قويدى. تۇپراق تەركىبى توغرىسىدا نەق مەيداندا ھېچقانداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان ئەھۋالدا، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدىغان يەر ۋە ئوتلاق ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەرلەرنىڭ تۇپرىقى تېرىقچىلىق قىلىشقا باب كەلمەيتتى. ئاچقاندىن كېيىن، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ناھايىتى ئېغىر بولدى. بوران ھەر كۈنى ئۈستۈنكى بىر قەۋەت بوش تۇپراقنى ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە، ئۇ يەرلەر ئاستا ـ ئاستا قۇملۇققا ئايلاندى. نادان، بىلىمسىز كىشىلەر يايلاقلارنى ھامان بوز يەر، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان رايون، دەپ قارىدى.

چىلانتاغ رايونىنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى ئومۇمىي تەبىئىي ئەھۋالى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

(2)

چىلانتاغ ئۆزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر سەھنە بولغانىدى. ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي تەرەپلىرى بىپايان يايلاق ئىدى. يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى چىلانتاغ رايونىدىن قەدىمكى زامان كۆچمەن چارۋىچىلىرىغا ئائىت نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ يادىكارلىقلار ئاساسەن چىلانتاغنىڭ ساراتالا يايلىقىنىڭ غەربى،ساندەن، مىنلى، سۇنەن، جيۇچۈەن، سۇبې، ئاقساي، يۇمېن ئەتراپلىرىغا تارقالغان. كىشىلەر بۇلارنى «ئوتتا كۆيۈشتىن ھاسىل بولغان جىلغا تىپىدىكى مەدەنىيەت» دەپ ئاتاشتى.

بۇنداق مەدەنىيەت شارائىتىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرى، ئۇستىخاندىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، قىزىل مىس، بىرونىزا قاچا ـ قۇچىلار بار، كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، بۇنداق كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولغان دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 1640 ـــ 1693 ـ يىللىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىكەن، يەنى بۇنىڭدىن 3500 ـــ 5000 ـ يىللار بۇرۇن ئىكەن. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇ رايون مىلادىيەدىن 5 ـ ئەسىردىن بۇرۇن قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. «ئوتتا كۆيۈشتىن ھاسىل بولغان جىلغا تىپىدىكى مەدەنىيەت» يۇمېن ئەتراپىدىكى ئوتتا كۆيۈشتىن ھاسىل بولغان جىلغا خارابىسى ئاساس قىلىنىپ شۇنداق ئاتالغان.

چىلانتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى تار ۋە ئۇزۇن خېشى

كاربدورى ـــ خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فېئودال سۇلالىلىرىنىڭ كاربدورنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىنى توسۇيدىغان سېپىلى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يولىدۇر. ئەمما، چىلانتاغ خېشى كاربدورىنى ئەڭ بالدۇر ئاچقان، گۈللەندۈرگەنلەر يۇغۇرلارنىڭ يىراق ئاتا ـ بوۋىلىرى ـــ ھۇنلاردۇر. ھۇنلار ئىقتىدارلىق ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار باتۇر، قورقماس، جەڭگىۋار ئەزىمەتلەردۇر. ئۇلارنىڭ مىجەزى چۇس بولۇپ، زوراۋانلاردىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى مەدەنىيەتلىك دەۋرگە ئۆتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى دەسلەپكى پارلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. ئۇلار پۈتۈن ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىسىدۇر. چىلانتاغ رايونىدا ھۇنلاردىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ جۇرجانلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار، تاڭغۇتلار، موڭغۇللار بولغان. ئۇلار بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئۇلىشىپ كەلگەن ـ يۇ، يەنە ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىشكەن.

سېرىق ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا مەن شۇنى يەنە بىرقېتىم ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ئۆزلىرىنى «يۇغۇر» دەپ ئاتايدىغان مىللەتلەردىن ياكى قەبىلىلەردىن بىرقانچىسى بار. مەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلار پەقەت چىلانتاغ باغرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىلا، يەنى خەنزۇچىدا (裕固) دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەرنىلا كۆرسىتىمەن. يۇغۇر دېگەن بۇ ئىسىم تارىختا بىر سىياسىي ئىسىم ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى زامان ـ ماكانغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان. سېرىق ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ كۆپ ئىرقلىق قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىن كېلىپ چىققان.

400 يىلنىڭ ئالدىدا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى

بىرخىل تەشنالىق، غېرىبلىق ئىلكىدە، بۇ ماكانغا كېلىپ، چىلانتاغنىڭ قويۇق ئورمانلىقلىرىدا، چىملىقلىرىدا يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغانىدى. گەرچە ئۇلار تۈركىي تىلى ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەردىن بولۇپ چىققان بىر ئائىلىدە قوۋۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايرىم بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن بولىسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ رىشتە ئۇلارنى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان، بىرىنىڭ تەسىرى يەنە بىرىگە سىڭگەن. يىراق قەدىمكى زاماندا ئىپتالىتلار، هۇنلار بولغان، كېيىن تۈركلەر، موڭغۇللار بوپتۇ. يېقىنقى زاماننىڭ مۇشۇ ئەسىرىدىن بۇيان سېرىق ئۇيغۇرلار ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار (زاڭزۇلار) كۆندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرىق ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، تاڭغۇتلار بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى — كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تارىخىدۇر. شۇڭا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەرگىزمۇ ئەزەلدىن بار ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، ئۇنىڭغا باشقا ئۇرۇقلارنىڭ ئامىللىرى سىڭگەن، قەدىمكى زامان موڭغۇللىرىدىن ۋە قەدىمكى زامان تۈركلىرىدىن يىلتىز تارتقان، سېرىق ئۇيغۇرلاردا ھەم تۈركلەرنىڭ، ھەم موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى بار، ھەم تاڭغۇتلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، مەيلى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ياكى موڭغۇللار بولسۇن، ئۇلار بىردەك سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىر ئۇرۇق، بىر ئەجدادتىن كېلىپ چىققان باشقا ـ باشقا مىللەتلەردۇر. قەدىمكى زاماندا ئۇلار ھەقىقەتەن بىرلىككە كەلگەن خەلق بولۇپ ئۇيۇشقانىكەن. لېكىن، بۇ بىرلىككە كەلگەن خەلق كېيىن بۆلۈنۈپ كەتكەن، تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان سېرىق ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرلار ۋە

موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان يۆنىلىشتە قاراپ تەرەققىي قىلغان. تارىخىي پاكىت مانا مۇشۇنداق ، خالاس.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسەن تاڭغۇت، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان قەھرىمانلار مەدھىيىلەنگەن (گېسار قاغان) دەيدىغان داستانى بار، يەنە ئالەمنىڭ يارىلىش تارىخى بايان قىلىنغان ( شاشتىر ) دەيدىغان مەشھۇر رىۋايەت خاراكتېرلىك داستانى بار. يەنە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خەلق ناخشىلىرى، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەر بار. بۇلاردا كۆپىنچە ئالەمنىڭ يارىلىشى، كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋ ئوۋلاش، جەڭ، كۆچۈش ۋە ھاراق ـ شاراب زىياپىتى قاتارلىق تۇرمۇشقا ئائىت مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان ئوبرازلار بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەنئەتكە بولغان ساپ ھېسسىياتىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى سەنئەتلىك ئۇسلۇب بىلەن زوراۋانلاردىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ئىپادىلەپ بەرگەن ھەم كىشىلەرنى بۇنداق قەيسەر روھنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. مانا بۇلار ھېلىقى بېشىغا بۆك كىيىپ، بېلىگە كەڭ كەمەر تاقىۋالغان، ساز چېلىپ نەزم ئېيتىشىۋاتقان، ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقان، دەستىگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بۆز توقۇۋاتقان تىپتىنچ كۆرۈنۈش بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت پەرقى ۋە بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تىرىكچىلىك ئۇسۇلىدۇر. سېرىق ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا پىششىق ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيىدۇ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ گەپ ـ سۆزى مېڭىش ـ تۇرۇشىدا ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى بۈيۈك كۆچمەن چارۋىچىلار قوۋمىنىڭ چوڭ سۈپەت ، ئالىيجاناب، مەردانە

خاراكتېرى يەنىلا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەقىقىي سىرىق ئۇيغۇرلار ھەم ناخشا ـ ئۇسسۇل ھەۋەسكارلىرىدۇر. ھەرقانداق بىمالال بىرەر ناخشا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، ھەممىسى مۇزىكىنىڭ پەيزىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ. ئۇلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا تۇرمۇشى قوشنا مىللەتلەرنىڭكىدىن مول ۋە رەڭدار. ئۇلارنىڭ ياڭراق ناخشا سەنئىتى چىلانتاغدىكى ئورمانلىقلاردا، بىپايان دالالاردا ۋە بەھەيۋەت تاغلاردا ياڭراپ تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ قەدىمكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان قايغۇلۇق مېلودىيەسى، چوڭقۇر مەنىلىك نەزمىلىرى كىشىلەرگە شۇنى ھەقىقىي چۈشەندۈردىكى، خەلق (مەلۇم بىر مىللەت ئەمەس) تالاي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، تارىختىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئەنە شۇ مۇڭلۇق ناخشىدىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ قەدىمكى زامان خەلق ناخشىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى بەرپات بولغان چاغدىكى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار قەدىمكى زاماندىكى ئالاھىدە مەنزىرىلەرنى شۇنچە قەدىرلەيدۇ، قەدىمكى زاماندىكى شان ـ شۆھرەتنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. سەلتەنەتلىك چارۋىچىلىق ھاياتنى سېغىنىدىغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، بۇلارنى ئادەمنىڭ ئېشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل ساقلايدۇ.

بىپايان ئورمانلىق ۋە ئېگىز تاغلارنى چىمىلدىق قىلغان چىلانتاغنىڭ كىندىكىدىكى ئوتلاقلاردا چارۋىچىلار ئارىسىدا، ئۆتكەن ئىشلارنى تولاراق ئەسلەيدىغان بوۋاي ـ مومايلار ئارىسىدا، قەھرىمانلار، قاغانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر دائىم سۆزلىنىپ تۇرىدۇ. بوغداخان (باتۇر تەڭرىقۇت) ، چىڭگىزخان، ئارسلانخان، تۆمۈرخان، غالدان، بوشۇقتۇخان، گېسارخان، جاڭغىر، دالاي قۇنتەيجى، باتۇر قۇنتەيجى، ئامۇرسانا... قاتارلىق ھەقىقىي باتۇرلارمۇ بار، توقۇلغان باتۇرلارمۇ بار، سىرىق

ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق قاغانلارمۇ بار، سېرىق ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى يىراق، يات قوۋملارنىڭ باتۇرلىرىمۇ بار. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى بوش ۋاقىتلاردا، سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئاتا ـ بوۋىلىرى سۆزلەپ بەرگەن، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھېكايىلەرنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئېيتىشىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرلار ئەسلىي زاتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ناھايىتى قىزىقىدۇ، ئەجدادلىرىنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايە قىلىشقا ئامراق. بۇ نۇقتىدا، ئۇلار ياۋروپا يايلاقلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى فىنلاندەر بىلەن مازارلارغا تولىمۇ ئوخشايدۇ. سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى ۋە ئالىملىرى ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قېرىنداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنى بىلىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتىغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ قانداق قىياپەتتە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامالسىز.

دەرۋەقە، كۆچمەن چارۋىچىلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى سېرىق ئۇيغۇلار ئارىسىدا غايىب بولدى. چۈنكى، ھەرقانداق مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتىدا يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ مۇھىتتىن ئايرىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى ئۆزگىرىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار شەرقتىن يىراق چىلانتاغدىن ئىبارەت بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ «يېتىم ئارىلى» غا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تەبىئىي ھالدا يوقالدى.

بىرنەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان، سېرىق ئۇيغۇرلارغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلغان چىلانتاغ سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپى مول، ئورمانلار تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان،

تۆپرىقى بوش، ھاۋاسى سالقىن بىر جاي . ئۇنىڭ سوغۇق ھاۋاسى سىبىرىق ئۇيغۇرلارغا مۇئەييەن مەنىۋى جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەن. ئۇلار بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ئۇرۇش، ۋابا، ئاچارچىلىق يىللىرىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان ھەم ئەجدادلىرىنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدا ئەركىن كېزىپ يۈرگەن چاغلاردىكى ھۆرلۈك شىجائەتنى بارتۇرلۇق بىلەن ساقلاپ قالغان. ئەھدىگە ئەمەل قىلىش شان ـ شەرەپنى قەدىرلەش خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان ئۇلار غۇرۇرلۇق باتۇر بىر قوۋمدۇر.

ئۇلار چىلانتاغدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە ھەم ئۇلۇغۋار تاغلىق ماكاندا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلدى. شەرقتىن غەربكىچە بۇ بىر بىپايان تاغلىق ئوتلاق ، ھاۋاسى سوغۇق، لېكىن نەمخۇش، يامغۇر تولا ياغىدۇ. يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ۋە قىرووسىز مەزگىلى قىسقا، چارۋىچىلىققا ناھايىتى باب بىر جاي. چىلانتاغنىڭ كىندىك رايونىدىكى شامال تەگمەيدىغان، كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان پاكار تاغلىق جايلاردا قىشتا قار ناھايىتى ئاز ياغىدۇ. ئادەتتە ئوت ـ چۆپنى يۇتونلەي كۆمۈۋېتەلمەيدۇ. بۇ جايلار ئەڭ ياخشى قىشلىق يايلاق ھېسابلىنىدۇ. ياز پەسلىدە، ئۇلار چارۋىلىرىنى يەر ئۈستى تۈزلۈكى بىرقەدەر ئېگىز ھاۋاسى سالقىن، چىملىق تاغلارغا ئېلىپ بېرىپ باقىدۇ ياكى چىلانتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى جىلغىلارنى يازلىق بارگاھ قىلىپ، يىللىق ئەڭ شاد ـ خۇراملىق كۆڭۈللۈك پەسلىنى مۇشۇ جايلاردا ئۆتكۈزىدۇ. سىبىرىق ئۇيغۇرلار تاغ قىرلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ئات چاپتۇرغاندا، چېپىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. گاھىدا ئۇلار تاغ چوققىلىرىغا ياماشسا، گاھىدا تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشىدۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ بۇ ئېگىز تاغلارغا پۇت ـ قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپمۇ چىقمىقى تەس. ئۇلارنىڭ بىر ياردار بولغان كۆكمەتنى تۇتۇش ئۇچۇن تىك يارلاردىن ئاتلىق ئۇچقاندەك چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قېتىم

كۆرگەن.

ئۆتمۈشتە سېرىق ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرى ئوقيا ۋە ئوۋ مىلتىقى قارا مىلتىق ئىشلەتكەنىكەن. چۈنكى، ئۇلار پورۇخ ياساشنى بىلەتتى. ئۆتۈك تىكەلەيتتى. چوڭ ياغاچ چېلەك چاپالايتتى. چويۈن قازان، قايچا، چەكمەن توقۇيدىغان ياغاچ دەستىگاھ، تېرە تۇلۇم، يۇڭ تاغار، ئېگەر ئېگەرچاق ، توقۇم يۇگەن تاسما، ئارغامچا، كالا مۈڭگۈزى ناسۋا، مىس هاراق چەينىكى، ياغاچ چۆچەك، قاشتېشى جام قاتارلىقلارنى ياسىيالايتتى. ئاياللىرى قېتىق ئۇيۇتۇش، سېرىق ماي ئايرىش، چەكمەن توقۇش، كىگىز بېسىش، كىيىم تىكىش، يۇڭ يىپ ئېشىش، چېدىر كىگىز تىكىش، تېرىدىن تىكىلىدىغان نەرسىلەرنى تىكىش قاتارلىق ئائىلىۋى قول هۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.

بۇرۇن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى ئاققۇيرۇق، ئېلىك، بۇغا، جەرەن، كۆكمەت، يىلپىز، ئارقار، ياۋا كالا، قۇلان، ئۇلار قاتارلىقلارنى ئوۋلايتتى. تۈلكە ئۇچراپ قالسا، تۇماق تىكىپ كىيىدىغان چىرايلىق تېرىسىنى تېشىپ قويماسلىق ئۈچۈن هەرگىز مىلتىق بىلەن ئاتماستىن ئات بىلەن قوغلاپ تۇتاتتى. ئەگەر بىر سېرىق ئۇيغۇر ئوۋچى هىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئورا كولاپ، كېچىدە ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالغان تۈلكىنى تۇتقىنىنى كۆرسە ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشەتتى. سېرىق ئۇيغۇرلار ئوۋ ئوۋلىغاندىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئىش قىلاتتى، ساختىلىق قىلمايتتى. بۇرۇن ئۇلار ئوۋ ئوۋلىغاندا پىلانلىق ئىش قىلاتتى. بىر قاتار پەرزلەرگە ئەمەل قىلاتتى، هەرگىز قالايمىقان ئۆلتۈرمەيتتى. ئۇرغاش هايۋانلارنىلا ئەمەس، هەتتا ئۇرغاش بۆرىنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ چەكلەيتتى. ئېغىر ياردار بولغان هايۋانلارنى قويۇۋېتىشنى يامان كۆرەتتى. ئۇلار ئوۋنى بەزىدە ئۆزى يالغۇز ئوۋلايتتى، بەزىدە كوللېكتىپ قورشاپ ئوۋلايتتى. تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە ئون نەچچە ئادەم ياكى بىرقانچە ئون ئادەم قورشاپ ئوۋ ئوۋلايدىغان پائالىيەتلەر

داۋاملىشىپ تۇرغان، سېرىق ئۇيغۇرلار ئوۋ ئوۋلاشمۇ تېرىكچىلىكنىڭ بىرخىل يولى، شۇنداقلا كاتتا ئويۇن ـ تاماشا، دەپ قارايدۇ. ئەرلەر ئوۋ ئوۋلىغاندا بىرخىل ئاجايىپ شاد ـ خۇراملىقتىن، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش لەززىتىدىن هوزۇرلىناتتى. باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارغا ئوخشاش سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا بۇرۇندىنلا ئەهمىيەت بېرىپ كەلگەنىدى. ئۇلار بارلىق جانلىقلارنى قەدىرلەيدۇ. ئۆتمۇشتە ئۇلار يەرنى قالايمىقان كولاشنى، دەل ـ دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىشنى چوڭ گۇناھ، كىم يەرنى قالايمىقان كولىسا، دەل ـ دەرەخلەرنى قالايمىقان كەسسە، ئۇ جەزمەن ئۇنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، دەپ قارايتتى. سېرىق ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە، بولۇپمۇ ئەتىيازدا كەڭ كۆلەملىك ئوۋ ئوۋلىمايتتى. ئۇلار ئەتىياز زېمىن هامىلىدار بولىدىغان مەۋسۇم، جىمى هايۋانلار تويي قىلىدىغان مەۋسۇم دەپ بىلەتتى. كىشىلەرنىڭ ئورمانلىقتا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ، تاغ ئىلاهىنى چۆچۈتۈپ، زېمىننىڭ هامىلىغا ، هايۋانلارنىڭ تويىغا دەخلى يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا يامان ئاقىۋەتكە قالىسىلەر دەپ ئاگاهلاندۇرۇپ تۇراتتى. بۇ رىۋايەتنىڭ ئەهمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەرگە ئەتىيازدا بۇيۇك تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئەسكەرتىشتىن ئىبارەتتۇر. پەقەت كۈز بولغاندىلا ئەرلەرنىڭ هەممىسى ئوۋ ئوۋلاشقا چىقاتتى. بەزىدە توپتوغرا بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئوۋ ئوۋلاپ، قىشتا يەيدىغان گۆش ـ ياغنى تەييارلىۋالاتتى. چىلانتاغنىڭ كىنديك رايونىدىكى ئېگىز تاغلاردا، ئوۋچىلار كۈنبويى ئورمانلىق ئىچىدە ئوۋ ئوۋلايتتى. قۇشلارنىڭ سايرىشى، هايۋانلارنىڭ هۆركىرىشى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى تىك ياردىكى ئاپپاق بۇلۇتلارنىڭ سۇرۇلگەن ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ، ئۇلۇغۋار تەبىئەت ۋە رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنىدىغان ئاجايىپ مەنزىرە سېرىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر ـ بېسىق قەيسەر خاراكتېرىنى تاۋلىغان.
مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، قوشنا رايونلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىشى، قالايمىقان ئوۋ ئوۋلىشى تۈپەيلىدىن ئورمان بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان ئادىتى ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان، ئوۋ ئوۋلايدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.

(3)

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، پۈتۈن يەر شارىدا يۈز بەرگەن چوڭ داۋالغۇش جەريانىدا ئاپىرىدە بولغان يېڭى دۇنيادا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر ۋەجىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مەشھۇر ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرى بارا ـ بارا ئېكىنزالىققا، زاۋۇتلارغا، كان رايونلىرىغا ئايلاندى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، ھەتتا يوقالدى. ساقلىنىپ قالغان پارچە ـ پۇرات چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆپچىلىكى قاقاس چۆلگە ئايلىنىپ، ئۇ جايلاردا ياشاش كۈندىن ـ كۈنگە مۈشكۈللەشتى. دۇنيا سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. تېرىقچى مىللەتلەر ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر دېھقانچىلىقنى سانائەتلەشتۈرۈش، چارۋىچىلىقنى سانائەتلەشتۈرۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ئاستا ـ ئاستا يوقالغىلى تۇردى. بىز كىشىنى چۆچۈتىدىغان كىرىزىسقا تولغان، بىر ـ بىرىگە زىت دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. ئەمما، كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى تېخى يوقالمىدى. مۇنەۋۋەر كۆچمەن

چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇشى، قوبۇل قىلىنىشى لازىم. بىز ئۇنىڭغا ئوبدان ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇزۇكسىز تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت، ياشاش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ماسلىشىشىمىز لازىم. پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ ئوبدان ۋارىسلىق قىلغان ئاساستىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىگىلىگىلى بولىدۇ، ئاندىن كىشىلەرنى ئۇچقاندەك تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا سەكرەشكە ئويغىتىشقا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئاندىن ئىنسانلاردا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. قورقۇنچلۇق خەۋپ ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت، ئەنئەنىسى، ئەخلاق پەزىلىتىدىن ۋاز كېچىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەخلاق مىزانىنىڭ يوقىلىشىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەتنى چەكسىز كەمسىتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ «بورانلىق بېكەت» ناملىق رومانىدا «ماڭقۇرت» قۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسىنى بايان قىلغان. «ماڭقۇرت» نىڭ مەنىسى ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان كىشىلەر دېگەنلىك ئىكەن. ئالتاي تىللىرىدا ھازىر ئۆز مىللىتىنى، ئانا يۇرتىنى ۋە تىلىنى ئۇنتۇپ قالغان مەنىۋى جەھەتتىكى قۇللارنى ۋىجدان جەھەتتىكى غالچىلارنى، روھىي جەھەتتىكى شەرمەندىلەرنى كۆرسىتىدۇ، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ: «ھايۋان يادىدا ساقلىمايدۇ ئەجدادىنى، پەقەت ئۇنتۇپ قالمايدۇ قورۇق ئوتنى» دېگەن تەمسىلى بار. ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى سۆيمەيدىغان بىر «ماڭقۇرت» نىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلاردا ئىنتېرناتسىيوناللىق مۇھەببەتنىڭ بولۇشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى يايلاقلىرىدا بىر - بىرىگە

ئوخشمايدىغان مىللەتلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر بار. ئۇلارمۇ بارلىق بىپايان يايلاقلاردا، تاغلاردا، دەريا ساھىللىرىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بىلىشكە شۇنچە تەشنا، ئەسلىي زاتىنى بىلىشكە شۇنچە قىزىقىدۇ. ئۆز قوۋمىنىڭ ئېتىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان كىشى يوق. ئۇلار تېخى بالا ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ مىللىتى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم ــ ۋەتىنىنى، خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى ئىنتېرناتسىيوناللىق مېھىر ـ مۇھەببەتكە، پۈتۈن دۇنيا ئېگىغا، پۈتۈن يەر شارى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا تولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆكسى ـ قارنى شۇنچە كەڭ بولىدۇ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدىدۇر. شۇنداق، شۇنچە كۆپ ئىرق، مىللەت ، مەدەنىيەت، تىل ۋە يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆزقاراش، ئوي ـ پىكىر ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نەقەدەر كاتتا ئىش، دېسىڭىزچۇ !

# ئاخىرقى سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ تارىخ ھەقىقىدىكى پاراگىغا ئاز سانلىق ئادەملەردىن سىرت، باشقا ھېچكىم قىزىقماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، سېرىق ئۇيغۇرلار (يۇغۇرلار)نىڭ ئەجدادلىرى دۇنياغا غوجا بولغان يايلاق ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە يىراق چىلانتاغنىڭ كىندىك رايونىدىكى كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بىر قوۋم بولۇپ قالدى. ئەمما، تەپسىلىي تارىخىنىڭ كۆپى يوقالدى، نۇرغۇن ئىشلاردىن كىشىلەر خەۋەرسىز قالدى. مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىمدىكى سەۋەب شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەگەر يەنىلا بىرەر كىشى قولىغا قەلەم ئېلىپ بۇ ھەقتە يازمىسا، بۇ قەدىمكى زامان سەرگەردانلىرىنىڭ تارىخى، قەدىمكى زامان يايلاق ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، قەدىمكى زامان ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى خانلار ئەۋلادىنىڭ تارىخى پۈتۈنلەي مەڭگۈلۈككە كۆمۈلۈپ كېتىدۇ.

مەن سېرىق ئۇيغۇر كۆچمەن چارۋىچىلىرىدىن باشقىلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بەزى تارىخىي رىۋايەتلەرنى توپلىدىم ۋە بۇلاردىن ھەقىقەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك پاكىتلارنى يېزىپ خاتىرىگە ئالدىم. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەقىقىدىكى يۇرەك سۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ناھايىتى مۇشكۈل. كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تارىخىنى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا ئۇلار توغرۇلۇق روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىلا ئاندىن يېشىپ بەرگىلى بولىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى

ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەملەر، كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ كۆڭلىنى، يايلاقنىڭ كەيپىياتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەملەر بۇنى ئەۋەتتە چۈشىنىدۇ.

گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ كۆپى يوقىلىپ، كىشىلەر مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تارىخىنى مەدەنىيەت خارابىلىكىدە يەنىلا بەزى غۇۋا يىپ ئۇچىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، كەمىنە بەزى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تاپتىم، يەنى ئاپتونوم ناھىيەمىزنىڭ خۇاڭچېڭ رايونىنىڭ دۆڭتەن، بېيتەن، مايىڭ، كاڭلې رايونىنىڭ ياڭگې خۇڭشىياۋ، چىڭلۇڭ، داخې رايونىنىڭ چيۇسەيگو، شۈيگۇەن، مىڭخۇا رايونىنىڭ لىيەنخۇا دىگەن جايلىرىدىن ۋە چىلانتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى باشقا جايلاردىن بىرقىسىم بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تاپتىم. شۇ جەرياندا، يەنە تەڭرىتېغى، جۇڭغار، تارىم، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، لوپنور ئەتراپىدىكى چاقىلىق، چايدام، داڭجىنشەن تېغى قاتارلىق ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلار چارۋىلىرىنى باققان جايلاردىن ئۇلار باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئىزنالارنى ۋە ئۇچۇرلارنى تاپتىم . بۇنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى قولىڭىزدىكى ئەپسۇسلىنىش بىلەن تولغان مۇشۇ كىتاب بولدى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر داستان شەكلىدىكى مەخپىي تارىخ — «يۇغۇر شاشتىرى» بار. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، يۇغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «شاشتىرى» نى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بىرلا ئادەم قالغان بولۇپ، ئۇ يۇغۇرلارنىڭ ئاخىرقى چوڭ ئاقساقىلىنىڭ رەيىقىسى چاڭمان جەمەتىدىن بولغان گارئاڭدۇر ئىدى. ئورنىنى ئەڭ تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش شۇ بولدىكى، مەن بۇ ياشانغان ئانىمىز بىلەن ئەسرا بولالمىدىم. مەن ئۇنى يوقلاپ بارغۇچە ئۇ 1989 ـ يىلى تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتتى. يۇغۇرلارنىڭ مەخپىي تارىخى —

تارىخىي داستان شەكلىدىكى «شاشتىرى» مانا مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك غايىب بولدى. ئۇنى ئەمدى كىشىلەر ئەبەدىلئەبەد بىلەلمەيدۇ. «قۇرۇم تېغىدىكى جەڭ»دىن ئىبارەت مەزمۇنى مول تارىخىي ماتېرىيالىنىڭمۇ نامىلا قالدى. هازىر ئۇنى تاپقىلى بولمايدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ۋاپات بولغان خانلىرى مېنى ئەپۇ قىلغايكى، مەن بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن هېكايىلەرنى خاتىرىگە ئالالمىدىم. ئۇلار بۇ هېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلمەي كېتىپ قالدى. مەن خاتىرىگە ئالغان ئىشلارنى مىللىتىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەن تارىخى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇ پايانسىز يايلاقتىن بىر تال ئوتنى يۇلۇۋالغاندەكلا بىر ئىش، خالاس.

ماتېرىيال توپلاشتىن تارتىپ بۇ كىتاب نەشردىن چىققانغا قەدەر بولغان پۈتۈن جەرياندا، ئاتا ـ ئانامنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ ، قېرىنداشلىرىمنىڭ، دوست ـ يارەنلىرىمنىڭ مەددىتى بولمىغان بولسا، بۇ كىتابمۇ روياپقا چىقمىغان بولاتتى. مەن ئۇلارنىڭ نامىشەرىپىنى ئاتىمىدىم، ئارتۇق گەپنى زۆرۈر بىلمىدىم. بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ۋە تەسەللىدۇر.

مەن زىيارەت قىلغان يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قازا قىلىپ كەتتى، كۆپىنچىسى تېخى هايات. ماڭا ياردەم بەرگەنلەرگە رەهمەت ئېيتىپ ئالدىغا بارالمىدىم. ئۇلارغا بۇ ئەپسۇسلىنىش ناهايىتى كۆپ كىتابنى ئېهتىرام بىلەن هەدىيە قىلىمەن.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇهەررىرى جوماجى خانىمغا چىن كۆڭلۈمدىن رەهمەت ئېيتىمەن.

ئاپتوردىن

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاي